www.uyghurweb.net

# شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە
# قارشى تۇرۇش كۈرەش تارىخى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە
كومىتېتى پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى
ئىشخانىسى تۈزدى

باش مۇھەررىر : شۈي يۈيچى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر : چېن يىشەن

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەرجىمە باشقارمىسى
تەرجىمە قىلدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تەرجىمە قىلغۇچىلار :
ماخمۇت مەمەت، قۇربان مەمەت
ئىلهام ۋەلى، كۇرەش تۇرسۇن
ئەخمەتجان مەمەت، ماخمۇت نىياز
سادىق ئابلاجان، قاهار ئوسمان
غالىپ ياسىن ، هەجەرگۈل ئەمەت
غالىپ مەمەت

مۇندەرىجە

كىرىش سۆز

1 . 1840 ـ يىلىدىن 1932 .يىلىغىچە شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان تاجاۋۇزچىلىقىقا، بۆلگۈنچىلىككە قارىش تۇرۇش كۈرەشلىرى

2 . 1933 ـ يىلىدىكى " شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" نىڭ گۇمران بولۇشى

3 . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەشلىرى

4 . ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ تارمار قىلىنىشى

5 . خوتەن خەلقىنىڭ 50-يىللاردا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى ئېلىپ بارغان كۆرىسى

6 . مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە " شەرقى تۈركىستان پارتىيىسى" نىڭ قەپەستىن چىقىشى ۋە يوقىتىلىشى

7 . 80- يىللاردا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ توپىلاڭغا ۋە مالىمانچىلىققا قارىش ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى

8 . ئىدىئولىگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش

9 . بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىش

10 . ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلەر پەيدا قىلغان بىر قاتار دېلولارنى تارمار قىلىشى

11 . قەشقەردە يۈز بەرگەن "12 ـ ماي" قاتىللىق دېلوسىنى پاش قىلىش

12 . غۇلجىدىكى "5 ـ فېۋرال" ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىنىڭ تىنجىتىلىشى

خاتىمە

www.uyghurweb.net

# كىرىش سۆز

ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائى مۇقىملىقنى ساقلاش-ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئۇ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادي، ئىجتىمائي تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومومىيلىقىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك . تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق ئۆتۈشى دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، روناق تېپىشى، خەلقنىڭ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، بۆلۈنۈش ۋە مالىمانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ ، دۆلەت ۋە مىللەت زور بالايى ئاپەتكە قالىدۇ . نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىۋاتقان ئاساسلىق خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايراق روشەن ھالدا قارشى تۇرۇش كېرەك . مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغانلىق دۆلەتنىڭ ئالىي مەنپەئەتىنى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغدىغانلىق.

مىللىي بۆلگۈنچىلىك بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتىكى بىر خىل چېكىدىن ئاشقان ئىپادىسى، ئۇ مىللەت بايرىقىنى كۆتىرىۋېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى بۇزۇشنى مەقسەت قىلغان بىرخىل ئەكسىيەتچىل پىكىر ئېقىمى ۋە ئەكسىيەتچىل سىياسى كۈچ. ئۇزۇندىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچىلەر شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بارماقتا. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىنمۇ تاشقى

مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر شىنجاڭنى پارچىلاش، ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىنى توختاتقىنى يوق، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇلارنىڭ جىنايى ھەرىكىتىنى دەسلەپتىلا توسقان ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان، ئۇلار جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇستەھكەم ئارقا تۈۋرۈكى ئالدىدا ۋە قۇدرەتلىك خەلق دېموكراتىيىسىنىڭ ھەيۋىسى ۋە زەربىسىدە قايتا-قايتا شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھەرگىزمۇ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيدۇ، ئۇلار پۇرسەت تاپقان ھامان سەكرەپ چىقىپ، بۇزغۇنچىلىق، مالىمانچىلىق تۇغدۇرىدۇ .

80-يىللاردىن بۇيان، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى يەنە كۈچىيىپ كەتتى، ئۇلار غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دۆلىتىمىزنى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ئىستىراتېگىيىسىگە ئاكتىپ ماسلىشىپ، جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يىراقتىن ماسلىشىپ، شىنجاڭدا ۋەقە تۇغدۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش، جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرۇش، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسىنى ئاغدۇرۇش، ئاتالمىش "شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" قۇرۇشقا ئۇرۇندى. مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ سۇيىقەست پىلانلاش، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىشتىكى ئاساسلىق ۋاستىسى تۆۋەندىكىچە : پانتۈركىزم، پانئىسلامىزمدىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىش؛ شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاش، شىنجاڭ بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزۇش؛ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئازارلىق سېلىش، مىللىي قارشىلىقنى كۈشكۈرتى، مىللىي ماجىرا تۇغدۇرۇش، خەنزۇلارغا قارىش تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشنى تەرغىب قىلىش؛ دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغىتىپ "غازات" قىلىشقا چاقىرىش؛ ئەكسىيەتچىل تاياتچىلارنى

يېتىشتۈرۈش، ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتلارنى قۇرۇش؛ مالىمانچىلىق پەيدا قىلىش، يۇشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، پارتلىتىش قاتارلىق تېررورلۇق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىش، ھەتتا قۇراللىق توپىلاڭنى پىلانلاش ۋە تەشكىللەش. شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي مۇقىملىقا خەۋپ يەتكۈزىدىغان نۇرغۇن ئامىللار ئىچىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىك-ئىجتىمائىي مۇقىملىقا خەۋە يەتكۈزىدىغان ئەڭ مۇھىم، ئەڭ خەتەرلىك ئامىل ، شۇنداقلا جەمئىيەتكە، سىياسىيغا، ئىقتىسادقا خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل. شۇڭا ئۇ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق خەۋپ ھىساپلىنىدۇ .

مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرىشىمىز بىر مەيدان ئېغىر سىياسى كۈرەش، مۇئەييەن دائىرىدىكى پەۋقۇلئاددە سىنىپىي كۈرەش، شۇنداقلا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى ھايات-ماماتلىق كۈرەش، كۈرەشنىڭ يادروسى يەنىلا ھاكىمىيەت مەسىلىسىدۇر . 1992-يىلى يولداش جياڭ زېمىن مەركەزدە ئېچىلغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : " جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى چەتئەلدىكى تاجاۋۇزچى كۈچلەر پىلانلاپ قوزغىغان ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئەزەلدىن چەت ئەلدىكى تاجاۋۇزۋى كۈچلەرنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا رايۇنى زېمىنىنى بۆلىۋېلىشىگە ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشتۇرىدىغان كۈچ بولۇپ كەلدى. ئۇلار ھەم ۋەتەنگە خائىنلىق قىلدى، ھەم ئۆز مىللىتىنى ساتتى، ئۇلار دۆلەت ۋە مىللەت ئالدىدىكى جىنايەتچى. "

جاھانگىرلار ۋە چەتئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەر دۆلىتىمىزگە تاجاۋۇز قىلىش، دۆلىتىمىزنى پارچىلاش ئۈچۈن ھامان بارلىق ئامالىلارنى

قوللىنىپ، مىللىيى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى ئۆزىنىڭ ۋاكالەتچىسى قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىدۇ ؛ مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارمۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش "شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" قۇرۇش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، چەتئەلدىكى تاجاۋۇزچى كۈچلەرنى ئۆزىگە تايانچ قىلىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا مۇھتاج بولىدۇ، شۇڭا مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن چەت ئەلدىكى تاجاۋۇزچى كۈچلەر ئەزەلدىن ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، بىر - بىرىدىن پايدىنىلىنىپ، بىرلىشىپ ئەسكىلىك قىلىدۇ .

مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدۇ . خەلقئارادا دۈشمەن كۈچلەر مەۋجۇتلا بولىدىكەن، مەملىكەت ئىچىدە ئېكىسپىلاتاتسىيە سىنىپىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى مەۋجۇتلا بولىدىكەن، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى كۆرەشمۇ توختىمايدۇ. شۇڭا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەش ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇشكۈل، مۇرەككەپ كۆرەش، ئۇ بەزىدە تېخى ناھايىتى كەسكىن بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا تونۇشنى ئۆستۈرۈشىمىز، يۇكسەك ھۇشيار بولۇشىمىز، قىلچە بىپەرۋالىق قىلماسلىقىمىز كېرەك . يولداش جياڭ زېمىن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە مۇنداق دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى : “ پۈتۈن ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەممىسى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ كادىرى، ھەممىسى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچى قىلىشى كېرەك . مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ مەيلى قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇنداق ھەرىكەتلەرنى پىلانلىغان ئۇنىڭغا قاتناشقان ئادەملەرنىڭ مەيلى قايسى مىللەتتىن بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەممەيلەن

ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇشى، قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىشى، ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىقى كېرەك . بۇنداق زور مەسىلىدە قىلچە ئىككىلىنىشكە ، ھەر قانداق چېكىنىش ۋە يول قويۇشقا پورتسىيىسىدا بولۇشقا بولمايدۇ ، بۇمۇ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ئۆچۈن مۇھىم سىناق . رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆزىنىڭلا بايرىقى روشەن بولىشى كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇلار ھەر مىللەت ئاممىسىنى تولۇق قوزغاپ ۋە تەشكىللەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى "كوچىدىن ئۆتكەن چاشقان ئۇر-ئۇرغا قالغان" دەك ھالغا چۈشۈرۈپ قويىشى كېرەك .

شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس تەركىبى قىسى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ۋەتەننىڭ چېگرا رايونىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن تىلدا داستان بولغۇدەك قەھرىمانانە كۆرەشلەرنى ئېلىپ باردى، ئۇلار شىنجاڭدا تاجاۋۇزچىلىققا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرشىدىكى تايانچ كۈچ. تاجاۋۇزچىلىققا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرشىدە ھەر مىللەت خەلقى بىر - بىرىنى قوللاپ، ئىتتىپاقلىشىپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇپ، ھايات - ماماتتا بىللە بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى تارىخىنى ئورتاق يارىتىشتەك ئۇلۇغۋار مۇساپىدە تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلىدىغان شىجائەت بىلەن نۇرغۇن شانلىق سەھىپىلەرنى ياراتتى. ۋەتەنپەرۋەرلىك ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇلۇغ تۇغىنى ئىگىز كۆتىرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتەك شەرەپلىك تارىخى ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياستى ۋە دىن سىياستىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى

ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت، پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش يولىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان شىنجاڭنى 21-ئەسىرگە ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرۈش قىلىشىمىز لازىم .

1 . 1840 - يىلىدىن 1932 - يىلىغىچە شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان تاجاۋۇزچىلىققا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەشلىرى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، 1667 - يىلى كاڭ شى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن باشلاپ بۈيۈك بىرلىك يولىدا پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى، چيەنلۇڭ زامانىسىغا كەلگەندە، يەنى 18-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىپ، ئىلى سانغۇن مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، پۈتكۈل غەربىي يۇرت رايونىنى بىۋاستە تىزگىنلىدى. 1884-يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى ئىچكى جايلارنىڭكى بىلەن تامامەن بىردەك قىلىنىپ، ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭغا مەنسەپدارلارنى ئەۋەتتى، شىنجاڭدا لەشكەر تۇرغۇزدى، باج ئالدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى .

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭغا بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلغان 150 نەچچە يىل داۋامىدا شىنجاڭدا بەش قېتىم بىر قەدەر زور

كۆلەمدە بۆلگۈنچىلىك، يېغىلىق ۋە تاشقى دۈشمەنلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش ۋەقەس يۈز بەرگەن بولۇپ، ئالدىنقى تۆت قېتىمقىسى، يەنى جاھانگىر خوجا، يۈسۈپ، "يەتتە خوجا" ۋە ۋەلىخان قاتارلىقلارنىڭ توپىلىڭى قوقەنتنىڭ قوللىشى ۋە قاتنىششىغى ئارقىسىدا يۈز بەردى، ئاخىرقى قېتىملىق ۋەقەدىكى ئەھۋال بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، دەسلەپتە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ، قوزغىلاڭ ناھايىتى تېزلىكتە مەغلۇپ بولغانلىقتىن، ئارقىدىنلا جايلاردىكى قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقوقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان فېئودال دىنىي كاتتىباشلار ئۆز - ئارا ئۇرۇشۇپ، ئاخىرىدا قوقەنتنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگ ۋە چارروسىيىنىڭ ھەربىي جەھەتتىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە سەۋەپچى بولدى. ھەر قېتىملىق ئىچكى يېغىلىق ۋە تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە غايەت زور بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، كۆپ ئادەم ئۆلدى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش غايەت زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، بولۇپمۇ يېقىنقى زاماندا تاشقى دۈشمەنلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدا ئېغىر بۆھران پەيدا قىلغانلىقتىن، جۇڭگو پارچىلىنىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. لېكىن يۇقۇرىدا ئېيتىلغان بەش قېتىملىق بۆلگۈنچىلىك، يېغىلىق ۋە تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزى ۋاقىت جەھەتتىن ئېيتقاندا 20 يىلغىمۇ يەتمەيدۇ ، مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات يەنىلا چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە بىرلىكىنى قوغداش يولىدا باشتىن ئاخىر، ئىگىلمەي - سۇنماي كۈرەش قىلىپ كەلدى. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش

كۆرىشى تۇسالغۇسىز ھالدا تېخىمۇ شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىپ، يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى .

رېئاللىقتىن ئېيتقاندا، تارىخ بىر پارچە ئەينەك، رېئاللىق تارىخنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى. يېقىنقى ئىككى ئەسىردە شىنجاڭدىكى ئارمىيە، خەلقنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشىنىڭ تارىخىنى ئەسلىگىنىمىزدە، قىممەتلىك تەجرىبە-ساۋاققا ئىگە بولدۇق، شۈبھىسىزكى، بۇ شىنجاڭنىڭ ھازىرقى تىنچ - ئىتتىپاق ۋەزىيىتىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇشىمىز ئۈچۈن پايدىلىق .

1. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش كۆرىشى

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت كۈچى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاجىزلاپ كەتتىم ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلەش ئۈچۈن، غەربى شىمال چېگرا رايونىنىڭ تىنچ بولۇشى بىلەن ھېساپلاشماي، شىنجاڭنىڭ ھەربىي خىراجىتىنى ئازايتىش، ئىلى بازىسىدىكى باش ھەربىي ئورگاننى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتەك خاتا تەدبىر قوللىنىپ، تاجاۋۇزچىلىققا ئادەتلىنىپ كەتكەن چار روسىيىگە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرگەچكە، چار روسىيە جۇڭگونىڭ زېمىنى بولغان شىنجاڭغا قارىتىلغان ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي تاجاۋۇزچىلىقنى جىددىيلەشتۈردى. چار روسىيە شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتە، ئاساسەن، جۇڭگو زېمىنىنى ئىگىلىۋېلىش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن تاجاۋۇز قىلىشتەك ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللاندى.

چار روسىيە جۇڭگو زېمىنىنى ئىگىلىۋېلىشتا، ئاساسلىقى، قورغان سېلىپ ئىلگىرىلەش ئۇسۇلىنى قوللاندى. ئاۋۋال ئاز بىر قىسىم كازاك قىسمىنى ئىشقا سېلىپ ئېلىمىز زېمىنىدىكى مۇھىم جايلارنى قانۇنسىز ئىشغا قىلىپ ھەربىي قورغانلارنى سالدى؛ ئاندىن قورغان ئەتراپىغا قوراللىق ھالدا ئاھالە كۆچۈرۈپ، تاجاۋۇز قىلىپ ئىگىلىگەن جايلارنى مۇستەھكەملىدى ھەمدە داۋاملىق تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلاپ، ئاندىن بۇ مۇھىم جايلارنى تاشيوللار ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ زېمىنىنى پارچىلاشنىڭ قورغان لىنىيىلىرىنى شەكىللەندۈردى، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن يەنە قورغان لىنىيىلىرىنى ئالدىغا سۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ تېخىمۇ كۆپ زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىۋالدى.

19-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغا كەلگەندە، چار روسىيە مۇشۇنداق ئىگىلىۋېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىنىنى زورلۇق بىلەن ئىشغال قىلىۋالدى.

چار روسىيىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تاجاۋۇزچىلىقىمۇ ئىنتايىن دەھشەتلىك بولدى. 1851-يىلى چار روسىيىنىڭ تەھدىت سېلىشى ۋە ئۆزگە تارتىشى ئارقىسىدا، چىڭ سۇلالىسى چار روسىيە بىلەن " ئىلى-تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى" نى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولدى. چار روسىيە بۇ بىر تەڭسىز شەرتنامە ئارقىلىق جۇڭگونىڭ زېمىنى شىنجاڭدا سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە بىر قاتار ئىمتىيازلارنى قولىغا كىرگۈزىۋالدى. “نىزامنامە" دە چار روسىيىنىڭ ئىلى، تارباغاتايلاردا كونسۇل تۇرغۇزىدىغانلىقى ھەمدە كونسۇللارنىڭ كېسىم ھوقۇقىدىن يەنى روسىيە كونسۇلىنىڭ جۇڭگو زېمىنى شىنجاڭدا ئۆز دۆلىتىنىڭ قانۇنى بويىچە ئۆز

دۆلىتىنىڭ مۇھاجىرلىرىدىن ئەدلىيە جەھەتتىن باشقۇرۇش ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. كونسۇللارنىڭ كېسىم ھوقۇقى تۈزۈمى ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئېغىر ھالدا دەخىل-تەرۈز يەتكۈزدى . "نىزامنامە" دەپ : "سودا ئالاقىسىدە ئىككى دۆلەتنىڭ ئىناق ئۆتۈشى مەقسەت قىلىنىدۇ، ئۆز ئارا باج ئېلىنمايدۇ"( ) دەپ بەلگىلەندى . سودا ئالاقىسىدا باجنى كەچۈرۈپ قىلىشتەك بۇ بەلگىلىمە ئەمەلىيەتتە، چار روسىيىگىلا پايدىلىق ئىدىم، چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئاساسلىقى چار روسىيە سودىگەرلىرى جۇڭگودا ئۆزىنىڭ تاۋارلىرىنى كۆپلەپ ساتاتتى، شۇڭا بۇ بەلگىلىمە جۇڭگونىڭ تاموژنا بېجى جەھەتتە ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ قالماي، يەنە چارروسىيىنىڭ جۇڭگو زېمىنىنى شىنجاڭدا تاۋارلارنى كۆپلەپ سېتىشىغا كۆپ قولايلىق يارىتىپ بەردى . "نىزامنامە" دە يەنە چارروسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئىلى ۋە تارباغاتايدا سودا چەمبىرىكى قۇرىدىغانلىقى، يەنى يەر سېتىۋېلىپ ئۆي، تۇرالغۇ جاي سالسا ۋە تىجارەت سورۇنلىرىنى قۇرسا بولىدىغانلىقى ھەمدە جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ سودا چەمبىرىكى دائىرىسىدە يۈرگۈزۈلىشى پەيدىنپەي چەتكە قېقىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

بۇ "نىزامنامە" جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى، ئۇ يېقىنقى زاماندا شىنجاڭ رايونىغا تېڭىلغان تۇنجى تەڭسىز شەرتنامە، شەرتنامە چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇز نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەپلا قالماستىن، يەنە چارروسىيىنى شىنجاڭ رايونىدىكى جۇڭگو - روسىيە سودىسىدا غايەت زور بايلىققا ئىگە قىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىكلىكى ۋە ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن چارروسىيە ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى ئارقا - ئارقىدىن ئىشقا

ئاشۇرغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى كۆرۈش روھىغا ئىگە ھەر مىللەت خەلقى چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بەردى.

1850-يىلى 4-ئايدا 4000 دىن ئارتۇق قازاق چارۋىچى ئىلىمىزنىڭ توئۇچۇبېك رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن چارروسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنى قورشىۋېلىپ، قىرغىز چارۋىچىلارنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا بۇ تاجاۋۇزچىلارغا قاخشاتقۇچ زەربە بەردى. 1855-يىلى چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى قۇربان ئالماتادىن غەربكە قاراپ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، ئىلىمىزنىڭ قىرغىز چارۋىچىلىرى ئۇلارغا قاخشاتقۇچ زەربە بەرگەچكە، تاجاۋۇزچىلار قوشۇنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. 1856-يىلى قازاق، قىرغىز چارىچىلار يەنە بىر قېتىم بىرلىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، چوڭ ئالمائاتا بىلەن كىچىك ئالمائاتادىكى كازاكلار كەنتكە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. قازاق، قىرغىز خەلقىنىڭ چارروسىيىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتەك كۈرەش روھىنى نامايەن قىلدى.

1855-يىلى 2-ئايدا چارروسىيە چۆچەكتىكى يالتۇ ئاتۇن كېنىنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن چۆچەكتە تۇرۇشلۇق كونسۇلى تاتارىئوۇ قوراللىق ئەسكەرلەردىن 200 نى باشلاپ بېرىپ يېرگىتتىكى جۇڭگولۇق كان ئىشچىلىرىنى ھەيدىۋېتىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى، كېيىن يەنە ئارقا-ئارقىدىن كىشىنى چۆچىتىدىغان پاجىئەلەرنى پەيدا قىلىپ جۇڭگولۇق 200 نەچچە كان ئىشچىسىنى ئۆلتۈردى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، چۆچەكتىكى كان ئىشچىلىرى شۇتيەنياۋۇئەن يۇشىيەن قاتارلىقلارنىڭ باشلامچىلىقىدا مەخسۇس چۆچەك سودا ئالاقىسىنى باشقۇرىدىغان ژانكىن سابىتوفقا چارروسىيىنىڭ جىنايىتى ئۈستىدىن ئەرز قىلغاندا، ژانكىن

سابىتوف ئەرزنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشنى رەت قىلغانلىقتىن، ۋەكىللەر يەنە مەسلىھەتچى ئامبال بىگشىيۇغا ئەرز قىلىپ، يەنىلا رەت قىلىشقا ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن چۆچەكتىكى ھەر مىللەت خەلقى قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن چارروسىيىنىڭ سودا چەمبىرىكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، چارروسىيىنىڭ چەمبىرەك ئىچىدىكى 51 ئېغىز سارىيى، ئۆي ۋە بىسىپ قويغان ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ كۇلگە ئايلاندۇرىۋەتتى. تاتارئىۋۇ ۋە چارروسىيىنىڭ مەككار سودىگەرلىرى، ئىگىسىز قالغان ساپا ئىتلارغا ئوخشاش، باقتۇغا قاراپ پەرىشانە ھالدا قاچتى. بۇ چارروسىيىنىڭ سودا چەمبىرىكىنى بۇزۇپ تاشلاش ۋەقەسى دەپ ئاتىلىدۇ. ۋەھالەنكى زاۋالغا يۈز تۇتقان چىڭ سۇلالىسى چارروسىيىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ ئۇلارنىڭ ئاتالمىش زىيىنىنى تۆلەپ بەردى. يىگشىيۇ، سابىتوفلار ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، ئەن يۇشىيەن ئۆلتۈرۈلدى، شۇتيەنياۋغا جازا ھۆكۈم قىلىنىپ لەشكەرلىككە پالاندى. چىڭ سۇلالىسى خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش غەزەپ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ تاجاۋۇزچىلارغا خۇشامەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىگىلمەي-پۈكۈلمەي كۈرەش قىلىش روھى ۋە ئالىيجاناپ مىللىي غورۇرى ئاسماندىكى قۇياش ۋە ئايغا ئوخشاش تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالدى. چارروسىيىنىڭ سودا چەمبىرىكىنى بۇزۇپ تاشلاشتەك بۇ بىر كارامەت ھەرىكەت شۇنىڭ بىلەن تەڭ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا يۈز بەرگەن چارروسىيىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە قوشۇلۇپ چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئۈچۈن قاخشاتقۇچ زەربە بولدى.

(2) شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ خوجىلار قالدۇقلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى

www.uyghurweb.net

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، شىنجاڭ چاررۇسىيىنىڭ قوراللىق تاجاۋۇز قىلىشىدەك ئېغىر بوھرانغا دۇچ كېلىپلا قالماي، يەنە خوجىلار ئەۋلادلىرىدىن تەركىب تاپقان قايتا تىرىلىش كۈچلىرىنىڭ توپىلاڭ قوزغاپ تولا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشىغىمۇ دۇچ كەلدى. خوجا دېگەن سۆز ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى "پەيغەمبەر ئەۋلادى" يەنى ئىسلام دىنىنىڭ ياراتقۇچىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى دېگەنلىك بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە خوجىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزلىرىگە ئىسلام دىنىنىڭ كاتتىۋېشى دەپ تەمەننا قويۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدىغان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن دەسلەپكى چاغلاردا چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، خوجىلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فېئودال پادىشاھلىق قوقەنتكە قېچىپ بېرىۋالدى ھەمدە قوقەنتتىكى فېئودال خوجىلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلۈكسىز تۈردە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سېلىپ، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ قويىنىدىن بۆلۈپ چىقىپ كېتىپ، شىنجاڭدا ئۆزىلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى . 1830-يىلى يۈسۈپ خوجىنىڭ توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا تىنچلىق ئون نەچچە يىل داۋام قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىگە، چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ بوشاپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، خوجا كۈچلىرى قوقەنتنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا شىنجاڭدا يەنە يېغىلىق پەيدا قىلىدى .

1847-يىلى خوجىلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن مەمتىمىن، ۋەلىخان باشچىلىقىدىكى يەتتە خوجا مىڭدەك باسمىچىنى يىغىپ، قوقەنتلىك سودىگەر نامەتنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، قەشقەر كونا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن يەنە يېڭىسارغا

هۇجۇم قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى شەنشى-گەنسۇ باش ۋالىسى بۇيانتاينى لەشكەر تارتىپ توپىلاڭنى تىنجىتىشقا ئەۋەتتى. خوجىلار قۇراللىق كۈچلىرى قەشقەر كونا شەھەرنى تاشلاپ، نۇرغۇن مال - مۈلۈكنى بۇلاپ قېچىپ كەتتى، بۇ ۋەقە "يەتتە خوجا يېغىلىقى" دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنى 1852- يىلى 6- ئايدىن 8 - ئايغىچە تەۋەككۇل بىلەن ۋەلىخان 4 - قېتىم مالىمانچىلىق تۇغدۇردى. 1855 - يىلى ھۇسەن خوجا ئىشان خوجا توپىلىڭى يۈز بەردى. 1857- يىلى يۈز بەرگەن "ۋەلىخان توپىلىڭى" نىڭ كۆلىمى تېخىمۇ چوڭ بولدى. شۇ يىلى 6-ئايدا ئاستىن ئاتۇشتىكى شېيىخ ئاخۇن مىرەتخمەت بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ قوزغاپ، قوقەنتلىك بەش، ئالتە مىڭ سودىگەرنىڭ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا، قەشقەر كونا شەھىرىگە ھوجۇم قىلىپ كىرىدى ھەمدە قەشقەر يېڭىشەھەرنى سۇ ۋە ئوت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلىۋالدى، يەنە لەشكەر ئەۋەتىپ شەرقتە بارچۇقتا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، يەكەننى مۇھاسىرىگە ئالدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ خورىكى ئىنتايىن ئۆسۈپ كەتتى . 1857-يىلى 9-ئايدا چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى ئىلى، ئۈرۈمچى قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردا بەش مىڭدەك ئەسكەر توپلاپ، توپىلاڭنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تىنجىتتى. ۋەلىخان تەڭ كېلەلمەي، 15 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى مەجبۇرى ئېلىپ مېڭىپ، 1000 دىن ئارتۇق تۆگە ۋە 40 تىن ئارتۇق ئاتقا بۇلىغان مال - مۈلۈكلىرىنى بېسىپ قوقەنتكە قېچىپ كەتتى.
خوجىلار ئەۋلادىنىڭ قالدۇقلىرى توپىلاڭ كۆتىرىپ شىنجاڭ بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىگە ئېغىر بالايى ئاپەتلەرنى كەلتۈردى. 1847 - يىلى " يەتتە خوجا يېغىلىقى" دا خوجىلارنىڭ قۇراللىق كۈچلىرى قەشقەر كونىشەھىرىگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ " قىلغان بىرىنجى ئىشى بارلىق خەنزۇ سودىگەرلەرنى قىرىپ تاشلاش،

ئۆلارنىڭ ماللىرىنى بۇلاش، ئۆلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى ئىگىلىۋىلىش بولدى".( ) توپىلاڭ مەزگىلىدە يالغۇز قەشقەر بىلەن يېڭىسارىدىلا خوجىلارنىڭ مەجبۇرلىشى ئارقىسىدا قوقەنتكە كۆچۈپ كەتكەن ھەر مىللەت خەلقى 37 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، نۇرغۇن ئادەم قوقەنتكە كۆچۈش سەپىرىدە سوغۇق ۋە ئاچارچىلىق دەستىدىن ئۆلۈپ كەتتى، ئەمما خوجىلار ئۇرۇشتا نۇرغۇن بايلىققا ئىگە بولۇۋالدى، ۋەلىخان خوجا دىنىي ھۆكۈمرانلىقنى ئالاھىدە كۈچەيتىپ ، چۈمبەل تارتمىغان ئاياللارنىڭ كوچىغا چىقىشىغا رۇخسەت قىلمىدى، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى چىچىنى كېسىپ، دەررە بىلەن ئۇردى . ئالتە ياشتىن يۇقىرى بالىلارنىڭ ھەممىسىگە سەللە يۆگىتىپ، ھەر كۈنى مەسچىتتە بەش ۋاق ناماز ئوقۇتتى، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى ئېغىر جازاغا تارتتى. شۇ چاغدا بۇنداق بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن كاللىسىنى ئېلىش ئىشلىرى ھەر كۈنى دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇردى. ۋەلىخان كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ كاللىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئېلىش بولدى". بۇ مۇستەبىتكە ياقمىغان بىرەر ھەرىكەت، بىرەر زېغىر سۆز، بىرەر قىيتمىلىق ئەسنەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كاللا كېتىشكە سەۋەب بولاتتى.( ) "ئېيتىشلارغا قارىغاندا ۋەلىخان خوجا تەرىپىدىن بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ بېشى توت يەردە ئىككى گەز توتچى ئىگىزلىكتە دۆۋىلىنىپ كەتكەن.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى خوجىلار ئەۋلادلىرىنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىگە قارىتا قاتتىق غەزەپلەندى، بىر قانچە قېتىملىق توپىلاڭنى تىنجىتىش داۋامىدا چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىدىكى ھەر مىللەت ئوفىتسىر-جەڭچىلەر باتۇرلۇق بىلەن قانلىق جەڭ قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەننى قىرىپ، ئۆچمەس خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى، بۇ جەڭلەردە تىللاردا داستان بولغىدەك

نۇرغۇن قەھرىمانلار ۋە تەسىرلىك ئىشلار بارلىققا كەلدى. 1855 ـ يىلى ھۈسەن خوجا ئىشان خوجا تويىلاڭ كۆتۈرۈشتىن ئىلگىرى ئاستىن ئاتۇشقا ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپ، يەرلىك خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشكە ئۇرۇندى، بۇ چاغدا بۇ يۇرتتىكى ئون بېشى ھېزىم كۆرۈنۈشتە 20ـ30 ئادەم ۋە 300 دىن ئارتۇق ئادەم يىغىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى ھەمدە ھۈسەن خوجا ئىشان خوجىغا ئۇرۇك، چاي قاتارلىق سوغاتلارنى بەردى، يەنە ئىككى تەرەپ يىغىلىدىغان ۋاقىت ۋە جاي توغۇرلۇق بىر گەپكە كېلىشتى. شۇ يىلى 7ـئاينىڭ بىر كۈنى ھۈسەن خوجا ئىشان خوجا قاتارلىق 13 باسمىچى قوللىرىغا قۇرال-ياراق ئېلىپ قۇرۇلدىن كىرىپ، كەچتە ئاستىن ئاتۇشقا كېلىپ، يۈز بېشى مەتقۇۋانشا ۋە قاسىملارنىڭ ئۆيىگە چۈشكەندە، بىر مۇنچىلىقغان ئۇيغۇر ئاما بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ "ھال سوراش" قا كەلدى. باسمىچىلار خوشلۇقىدىن خودىنى يوقىتىپ بىخەستە تۇرغاندا، ھېزىم باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ئاما بۇ بىر توپ باسمىچىنى تۇتۇۋېلىپ، بىراقلا يوقاتتى.

شۇ يىلى تەۋەككۇل بىلەن ۋەلىخاننىڭ مالىمانچىلىقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قاخشاتقۇچ زەربىسىگە دۇچ ئۇچرىدى . تاشمىلىقنىڭ 5ـ دەرىجىلىك ھاكىمبېگى ۋە نەسەپلىك تۆرىسى خالمەت رېھىمشا ئۇيغۇر خەلقىنى باشلاپ بېرىپ قورۇلنى چىڭ ساقلىدى، خائىنلارنىڭ كۆپ قېتىم بىزگە ئەل بول دەپ قىلغان نەسىھەتلىرىنى غەزەپ بىلەن رەت قىلدى ھەمدە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا دۈشمەن ئەھۋالىنى رازۋېدكا قىلىپ بەردى، مۇداپىئە ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاتلىق ئەترەت تەشكىللەپ جەڭ قىلىپ، دۈشمەننى قىرىپ، ناھايىتى زور باتۇرلۇق كۆرسەتتى .

ۋەلىخان تويىلىكىدا ، تويىلاڭچىلار يېڭىسااردا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرىۋاتقاندا، يېڭىسارنىڭ يەكەندە تۇرىۋاتقان ھاكىمبېگى خۇدا

بەردى دەرھال لەشكەر تارتىپ يېڭىسارغا بېرىپ جەڭ قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇيغۇر ئامما بىلەن دۈشمەن قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن جەڭ قىلىش روھىنى ئىپادىلىدى .

ئۇنىڭدىن كېيىن، ۋەلىخان يەنە نۇقتىلىق ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي مەركىزى يەكەنگە ھۇجۇم قىلدى. يەكەننى مۇداپىئە قىلىش جىڭى ئىنتايىن كەسكىن بولدى، ھاكىمبەگ ئاقلايدۇئىچىدە خەلقنى تەشكىللەپ گۆزەتچىلىك قىلىپ، ساتقىنلارنى تازىلىدى. يەكەننىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى چىڭ يىڭيى ئومۇملىققا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۇلارغا مىللىي ھەققانىيەتنى بىلدۈرۈپ، يەكەن كونىشەھىرىنى مۇستەھكەم ساقلىدى. توپىلاڭچى قوشۇن باستۇرۇپ كىرگەندە، ھەر مىللەت ئاممىسى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، دۈشمەنگە بىرلىكتە تاقابىل تۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە كەشمىر، باراخشان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن بىرلىشىپ ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنى تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ توپىلاڭچىلارغا بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ بىرلىكتە ۋەلىخانغا تاقابىل تۇرۇپ، يەكەننى مۇداپىئە قىلىشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە ياراتتى .

يۇقۇرىقى خوخىلار توپىلىڭىنى تىنجىتىش جەريانىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا كۈچلۈك ياردەم بەرگەنلىكىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ ، ئەمەلىيەتتە جاھانگىر توپىلىڭىنى تىنجىتىش داۋامىدىلا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى باشتىن ئاخىر توپىلاڭنى تىنجىتقۇچى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرەپتە تۇردى. توپىلاڭنى تىنجىتقۇچى قىسىملارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن جايلاردىكى ئۇيغۇر ئاممىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ماددىي بويۇم ۋە كۈچ چىقارغانلىقىدەك

تەسىرلىك ئىشلار ھەممە جايدا بارلىقتا كەلدى. ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق نەچچە 10 مىڭ چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى يەيدىغان ئاشلىق ئاساسەن ئۈرۈمچى ۋە ئىلىدىن توشۇپ كېلىنگەن. ئۈرۈمچى بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارلىقى 1000 كىلومېتىرغا يېقىن بولۇپ، يول بويىدا 32 پونكىت قۇرۇلغان ئىدى ، شۇنداق ئۇزاق جايدىن نەچچە مىليون كىلوگىرام ئاشلىقنى ئۇلاقىقا ئارتىپ ياكى ئادەم سۆرەپ يۆتكەپ كېلىش ھەقىقەتەن تەس ئىش ئىدى، مۇشۇ ئىش ئۈچۈن يالغۇز كۇچادىكى ئۇيغۇر ئامىمىدىن 1000 دىن ئارتۇق ئادەم، 200 ھارۋا، 500 ئات، 1500 كالا، 1000 ئىشەك ئاشلىق توشۇشقا قاتناشتۇرۇلدى. ئىلىدىن ئاقسۇغا ئاشلىق يۆتكەشكە، گەرچە يول ئۈرۈمچىنىڭكىگە قارىغاندا يېقىنراق بولسىمۇ، لېكىن ئارىلىقتا چوقۇم تەڭرىتاغدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى، بولۇپمۇ كۆك چاغاردىن تامغاتاشقىچە بولغان 70 نەچچە كىلومېتىر يول يىل بويى قار - مۇز بىلەن قاپلىنىپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغ ئېگىز، يول خەتەرلىك بولغاچقا، ئات، تۆگىلەرنىڭ مېڭىشى ناھايىتى تەس ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇر ئامىمىدىن 2000 ئادەم ھەر قېتىمدا 25 كىلوگرامدىن ئاشلىق يۈدۈپ، قار ۋە مۇزدا كېڭىپ، مۇز داۋانىدىن ئۆتۈپ نەچچە مىليون كىلوگىرام ئاشلىقنى تەڭرىتاغدىن يۈدۈپ ئۆتكۈزدى، بۇ مۇشكۇلچىلىكنى قىياس قىلماق تەس ئەمەس. ئۇيغۇر ئامىمىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنىنى قوغدا يولىدا جەبرى جاپادىن قورقماي، كۆپ قېتىم ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتىپ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ ! بىز يۇقىرىدا ئىيتقان تويىلاڭنى تىنجىتىش ئۇرۇشىدا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ توپىلاڭنى تىنجىتىش قوشۇنىغا پائال ماسلاشتى، جان تىكىپ ئىشلىشىدىغان تەسىرلىك ئىشلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ .

خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ بىر قانچە قېتىم توپىلاڭ قوزغاپ گۇمران بولۇش ئاقىۋىتىگە قالغانلىقىدىن شۇنى كۆرىمىزكى، گەرچە خوجىلار دىن بايرىقى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئاممىنى ئازدۇرۇشقا ئادەتلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان ھەر مىللەت خەلقى ئاخىرى ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇشتەك بەد-بەشرىسىنى ئېنىق تونۇۋېلىپ ھەمدە ئۇلارغا قارشى ئىگىلمەي-پۈكۈلمەي كۆرۈش قىلىپ، ئاخىرىدا توپىلاڭنى تىنجىتىش كۆرىشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىدى .

لېكىن چىڭ سۇلالىسى خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىنكى قالدى خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلىمىدى، قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاشتا ئۇنۇم ھاسىل قىلالمىدى، نەتىجىدە بۇ كېيىنكى چاغلاردا قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يوشۇرۇن ئامىل بولۇپ قالدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى كېيىنكى كۈنلەردە بۆلگۈنچىلىككە، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش كۆرىشىدە تېخىمۇ كەسكىن سىناققا دۇچ كەلدى.

3 ـ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوقەنتلىك ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشى

چىڭ سۇلالىسى 1759-يىلى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ ، ئاكتىپ رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى جەھەتلەردە بىر قەدەر زور سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلدى، بۇ سەۋەنلىكلەر چەت ئەلدىكى تاجاۋۇزچىلار ۋە دۆلەت ئىچىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرگە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى تۆۋەندىكىچە :

1ـسىياسى تۈزۈم جەھەتتە ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى ئاستىدىكى بەگلىك تۈزۈمىنىڭ قوللىنىلىشى بىلەن، شىنجاڭدىكى فېئودال يانچىلىق تۈزۈم مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ قېلىندى. ئۇيغۇرلاردىن بولغان بەگلەر ئامبال يامۇلىنىڭ ھوقوقىغا تايىنىپ يەر ۋە سۇلارنى ئىگىلىۋېلىپ، دېھقانلار دەھشەتلىك ئېزىپ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، پۇقرالارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ، پۇقرالارنى خورلاشنى ئامبال يامۇلىدىن ئاشۇرۋېتىپ، سىنىپىي زىددىيەتنىڭ كۈنسىرى ئۆتكۈرلىشىشىگە سەۋەپ بولدى.

2ـچىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا چېگرىنى ساقلاشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمىگەچكە شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ قالدى. مەسىلەن، جياچىڭ خان زامانىسىدا، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق بىر ئامبال قورغۇشۇن زاۋۇتى قۇرۇپ شىنجاڭنىڭ باج كىرىمىنى ئاشۇرماقچى بولغاندا، جياچىڭ خاننىڭ قاتتىق ئەيىپلىشىگە ئۇچرىدى. جياچىڭ خان " شىنجاڭدىكى ۋەزىپە ئېغىر، ساقلاشنى ئاساس قىلىش كېرەك، ياخشىچاق بولۇش ئويىدا بولۇنمىسۇن" دېدى. ( ) شىنجاڭنىڭ كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتمەي ساقلاپ، تەرەققىياتىغا ئېتىبار بەرمەسلىك نەتىجىسىدە، شىنجاڭدا مۇقەددەس ھالدا داۋالغۇش پەيدا بولدى.

3ـچىڭ سۇلالىسى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاشتا سەۋەنلىك ئۆتكۈزدى، شىنجاڭغا ئەۋەتىلىدىغان مەنسەبدارلارنى تاللاشتا، ئەھۋال جىياچىڭ خان ۋاقتىدىن تارتىپ يامانلىششقا باشلىدى، خۇددى نايەنچىڭ "ئامباللار ساختىلىق ئىشلىتىپ باج-سېلىقنى ھاكىمبەگلەردىن ئاشۇرۇۋەتتى"( ) دەپ كۆرسەتكەندەك ئەھۋاللار كۆرۈلدى، ئەمەلدارلار ئەنە شۇنداق دەرىجىدە چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكتىن سىياسى ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ قالغىلى بولمىدى .

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن ، چىڭ سۇلالىسى خوجىلار ئەۋلادلىرىنىڭ توپىلىڭى ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسلىككە سېلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە بىرلىككە قارىتا ئىنتايىن پاسسىپ پوزىتسىيەدە بولدى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىستىراتىگىيەسى جەھەتتە، ھەم كونا ئىللەتلەرگە تەگمەي ، ھەم يېڭىلىق ياراتماي، باشقىچە ئىش تۇتۇپ، نەتىجىدە 19-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدا شىنجاڭدا مالىمانچىلىق بىر قانچە ئون يىل داۋاملىشىشىغا سەۋەبچى بولدى .

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان، تەيپىڭ تيەنگو دېھقانلار ئىنقلابى ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى شىددەت بىلەن ئەۋج ئالدى، شەنشى - گەنسۇ ئۆلكىلىرىدىكى خۇيزۇلار قوزغىلىڭىنىڭ دولقۇنلىرىمۇ شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ دەھشەتلىك ئېكىسپىلاتاتسىيىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئاشۇنداق ۋەزىيەتتە 1864-يىلى شىنجاڭدا چوڭ قوزغىلاڭ پارتلىدى .
قوزغىلاڭ بۈيۈك تۈغىنى ئالدى بىلەن كۇچا خەلقى كۆتۈردى، 1864-يىلى كۇچادىكى بىر تۈركۈم دېھقان ئىنتايىن ئېغىر ئالۋان - ياساققا چىدىماي، توختىنىياز قارى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا كۇچادىكى ئۆگەن دەرياسى قۇرۇلۇشى ئورنىدا بايراق تىكلەپ قوزغىلىپ، ئالۋان - ياساق ئېلىشنى نازارەت قىلىدىغان ئىككى مەنسەبدار ۋە 15 بەگنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، قوزغىلاڭچى دېھقانلار شىددەت بىلەن كۇچا شەھىرى ئىچىگە قاراپ ئىلگىرلەپ كىرگەندە، شەھەر سىرتىدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ ئامما بەس - بەس بىلەن ئۇلارغا ماسلاشتى. 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قوزغىلاڭچى دېھقانلار كۇچا بېگى سالىڭئا قاتارلىق ئەمەلدارلىرى ۋە ھاكىمبەگ قۇربان باشچىلىقىدىكى چوڭ - كىچىك بەگلەرنى ئۆلتۈرۈپ، كۇچانىڭ

شەھەر ـ يېزىلىرىنى تىزگىنلەپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ جەنۇبى شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرەتتى .

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن رايۇنىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خۇيزۇلار داۋانچىڭنى ئىشغال قىلدى. 7-ئاينىڭ 15-كۈنى خۇيزۇ ئاخۇن تومىڭ (داۋۇت خەلىپە) ئۈرۈمچىدىكى يېشىل تۇغلۇق قوشۇن مەھكىمىسىنىڭ بارگاھ بېشى، مەسلىھەتچى ئامبال سۇ خۇەنجاڭ بىلەن بىرلىشىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇپتا كۈچاغا ياردەم بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۈرۈمچىنىڭ خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان جايلىرىنى ئىشغال قىلدى، ئارقىدىنلا سانجى، ماناس، مورى، قۇتۇبى قاتارلىق جايلاردىكى خۇيزۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق مەركىزى- ئىلىدىمۇ خۇيزۇ، ئۇيغۇرئامما قوزغىلاڭ كۆتۈردى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى " ئامبال ئەزسە، خەلق قارشى چىقىدۇ" دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقتى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى 1866- 3-ئاينىڭ 8-كۈنى كۈرە شەھىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى، ۋەزىيەتسىدىن ئېلىپ تاشلانغان ئىلى سانغۇنى چاڭ چىڭ ئەسىرگە چۈشتى، ئىلىغا قاراشلىق توققۇز شەھەرنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ قولىغا ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى شىددەتلىك بوران ـ يامغۇر ئىچىدە داۋالغۇپ، ھۆكۈمرانلار كۈننى كەچ قىلىشقا كۆزى يەتمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك قوزغىلىڭى، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، سىنىپىي كۈرەش ئۆتكۈرلەشكەنلىكنىڭ نەتىجىسى ئىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشى تۇرىدىغىنى چېرىك فېئودالىزم ھۆكۈمرانلىق بولۇپ، ئۇلار ھەم چىرىك چىڭ سۇلالىسىغا قارشى تۇردى، ھەم ھەر مىللەت ئىچىدىكى ئاچكۆز فېئودال ئاق سۆڭەكلەرگە قارشى تۇردى، شۇڭا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى

قىسقا ۋاقىت ئىچىدە غايەت زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى . لېكىن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان فېئودال دىنىي ئاق سۆڭەكلەر قوزغىلاڭنى ناھايىتى تېزلىكتە تۈيۈق يولغا باشلاپ، غەلىبە مېۋىسىنى تامامەن چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالدى . بۇ فېئودال ئاق سۆڭەكلەر يامان غەرەز بىلەن قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئۆتكۈر سىنىپىي زىددىيەتنى پەيدىنپەي مىللىي زىددىيەتكە ئۆزگەرتىۋەتتى، دىنىي سۈيئىستېمال قىلىپ كەڭ كۆلەمدە مىللىي قىرغىنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ھەرىكەتلىرى ھەر مىللەت ھەققانىيەتچى زاتلار ۋە ئاممىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى .

فېئودال ئاق سۆڭەكلەر ھەر قايسى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تامامەن چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغانلىقتىن، ھەر قايسى فېئودال تەپرىقىلچىق ھاكىمىيەتلىرى ئۆز-ئارا زېمىن ۋە ھاكىمىيەت تالىشىپ، شىنجاڭ قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قېلىپ، ھەر مىللەت خەلقى بالايى-ئاپەت تارتتى . يەنە تېخى بەزى كىشىلەر تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۆيگە بۆرىنى باشلاپ كىرىشتىن ئايانماي، چەت ئەللىك دۈشمەنلەرنى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە شەرەتلەپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قوقەنتلىك ياقۇپبەگنىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقى ئىچىگە پاتۇرۇپ قويدى .

قوقەنت-ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېك فېئوداللىرى قۇرغان بىر فېئودال خاقانلىق بولۇپ، بۇرۇن چىڭ سۇلالىسى بىلەن قارام بولۇش (ئىدارە قىلىنىش) مۇناسىۋىتىدە ئىدى ، 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەرەققىي قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندى. 19-ئەسىردىن بۇيان قوقەنت ئىزچىل تۈردە ئىلىمىزنىڭ زېمىنى شىنجاڭنى داۋالغۇتۇپ كەلگەن بىر مۇھىم ئامىل بولۇپ، ياكى بىۋاستە ئەسكەر ئەۋەتىپ تاجاۋۇز قىلدى، ياكى

خوجىلار ئەۋلادلىرىنىڭ مالىمانچىلىق پەيدا قىلىشىنى قوللىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 1864-يىلى شىنجاڭ بويىچە كۆتۈرۈلگەن بۈيۈك قوزغىلاڭ قوقەنتىنىڭ شىنجاڭغا يەنە بىر قېتىم قول تىقىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. شۇ چاغدا قەشقەرنى بۆلۈۋالغان سىدىق باشقا ھاكىمىيەتلەر بىلەن قارشىلىشىش ئۈچۈن، قوقەنتتىن خوجىلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان بۇزرۇكنى تەكلىپ قىلىپ ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرماقچى بولۇپ، خۇيزۇ فېئودال خوجا جىڭ شياڭنى قوقەنتكە ۋەز ئېيتىشقا ئەۋەتكەندىن كېيىن، قوقەنت ئۆز ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ياقۇپبەگنى لەشكەر تارتىپ جەنۇبى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشقا ئەۋەتتى ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياقۇپبەگ باسمىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى بىلەن ئون يىل داۋاملاشقان يېغىلىق باشلىنىپ كەتتى.

1865 - يىلى ياقۇپبەگ جەنۇبي شىنجاڭغا كىرىپ، جەنۇبي شىنجاڭدىكى تەپرىقىچىلىك كۈچلىرى ئۆزئالدىغا ھۆكۈمەت بولۇۋېلىشتەك ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ، قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن ، ئاقسۇ ، كۇچانى ئىشغال قىلىپ، جەنۇبي شىنجاڭنى پۈتۈنلەي چاڭگىلىغا ئېلىپ، ئاندىن يەنە تۇرپانغا لەشكەر ئەۋەتتى، ئاخىرىدا خۇيزۇ مۇسۇلمانلار خانى تومىڭنى مەغلۇپ قىلىپ ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ زېمىنىنىڭ تەڭدىن تولىراقى ياقۇپبەگنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، ئۇ ئاخىرىدا ئاتالمىش "يەتتە شەھەر" قورچاق ھاكىمىيىتىنى قۇردى. دۆلىتىمىزنىڭ زېمىن ئىگىلىك ھوقوقىنى قوغداپ، ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى دۈشمەنگە بىرلىكتە نەپرەت ياغدۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەننى قىرىپ، تاجاۋۇزچىلارنى ھەر بىر قەدەمدە ئېغىر تالاپەت تارتقۇزدى.

1865-يىلى ياقۇپبەگ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دەسلەپكى چاغلاردا، قەشقەردە قىرغىز خەلقىنىڭ قەيسەرلىك بىلەن توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى، گەرچە توسۇپ زەربە بېرىش بەختكە قارشى مەغلۇب بولغان بولسىمۇ، لېكىن ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشۇ تۇرۇش مۇقەددىمىسى باشلاندى، ئۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپبەگ يەكەندىكى تەرىقىچىلىك كۈچلىرىنىڭ ھاكىمبىگى نىياز بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ يەكەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، يەرلىك خەلق ئاممىسىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى، كىشىلەر "ئەنجانلىقلارنى قىرىپ تاشلايلى" دىگەنگە ئوخشاش شۇئارلارنى تووۋلاپ غەيۇرانە جەڭ قىلدى، ياقۇپبەگ باسمىچى قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ قەشقەرگە قاچتى. ( ) ئەپسۇسكى، يەكەندىكى مۇسۇلمانلار قوشۇنى يەكەن يېڭىشەھىرىنى قورشاش بىلەن بولۇپ كېتىپ، دېگەن مۇددەتتە ماسلىشالمىغانلىقتىن، ئىنقىلابىي قوشۇن خانئىرىق (ھازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرقى جەنۇبىدا) تا تاجاۋۇزچىلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، لېكىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا كۇچادىكى قوشۇن قايتىدىن ھەربىي كۈچىنى تەرتىپكە سېلىپ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ھايات-ماماتلىق جېڭى قىلدى، جەڭ ئىنتايىن كەسكىن بولغانلىقتىن، ياقۇپبەگ جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى، قۇچا تەرەپتىكى قوشۇنلارغا بولغان قوماندانلىق ياخشى بولمىغاچقا، قېچىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. ياقۇپبەگ قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئىشغال قىلغاندا، گەرچە يېشىل تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ خوجىدارى خې بۇيۇنگە ئوخشاش تەسلىمچىلەر چىققان بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ شەھەرنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان قوشۇنلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قانلىق جەڭ قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ئارقىلىق زەربە بەردى. يەنە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىچىدىكى مەسلىھەتچى ئامبال كۇي يىڭ قاتارلىق ھەر مىللەت ئەمەلدارلىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ ۋەتەنگە بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ، ئالىيجاناپلىق جاسارىتى ئىپادىلىدى .

شۇ يىلى كۈزدە، ياقۇپبەگ رۇسىيە ئارمىيىسى تارمار قىلغان بىر تۈركۈم قالدۇق ئەسكەرلەردىن 7 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى توپلاپ ۋە ئۇلارغا يەنە بۇرۇنلا قوقەنتتە ئۆلگەن جەنۇبىي شىنجاڭلىق ئۇيغۇر دىنىي ئاق سۆگەك، يانچى ئىگىسىنىڭ ئەۋلادى ۋەلىخان خوجا قاتارلىقلارنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىنى قوشۇپ، ئۆزىچە تاجاۋۇزچىلىق قىلىشنىڭ دەسمايىسىنى كۆپەتتىم دەپ قاراپ، ئىسەنكىرەپ شۇئان تاجاۋۇزچىلىق قىلىش قارا نىيىتىگە كېلىپ، باشقا بىر ئەلنىڭ چېگرا رايونىدا ئۆزىنىڭ "راھەتلىك ماكانى"نى قۇرۇشقا ئۇرۇندى. ياقۇپبەگ 2-قېتىم يەكەنگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغىغاندا، يەكەندىكى خۇيزۇلار قوشۇنى بىلەن قىرغىز خەلقىنىڭ بىرلىشىپ قايتۇرما زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، يەنە بىر قېتىم يامان ھالغا چۈشۈپ قالدى. ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچلىرى ئوبدان ماسلىشالمىغانلىقى ئۈچۈنلا قەشقەرغە قېچىپ بېرىۋالدى. 1866-يىلى 6-ئايدا، ياقۇپبەگ يەكەنگە 3-قېتىم ھۇجۇم قىلغاندا، كۈچا ۋە يەكەندىكى خۇيزۇلار قوشۇنىنىڭ بىرلىشىپ قايتۇرما زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى، ئەمما شاۋۇل يۇقىرى قاتلام ئۇنسۇرلىرى خائىنلىق قىلغانلىقتىن، يەكەن خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 1866-يىلى 12-ئايدا، ياقۇپبەگ خوتەنگە تاجاۋۇز قىلغاندا، خوتەن خەلقى جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسەتتى، ئاياللارمۇ جەڭگە قاتناشتى، جەڭ بىر ئايدىن ئارتۇق داۋاملاشتى. خوتەندىكى 5 مىڭدىن ئارتۇق ئارمىيە ۋە خەلق ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش يولىدا مەردانىلارچە قۇربان بولدى. 1867-يىلى، ياقۇپبەگ كۈچادىمۇ ئوخشاشلا يەرلىك خەلقنىڭ جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ئۇچراپ، ئېغىر تالاپەت تارتتى، كۈچاغا باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، شەھەر ئىچىدىكى ئاھالە كوچا جېڭى قىلىپ، ياقۇپبەگنىڭ ئوغلى خۇداقۇلبەگنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

1870-يىلى تۇرپان شەھىرى يىرىم يىل مۇھاسىرە ئىچىدە قالغاندا، شەھەر ئىچىدىكى ئارمىيە-خەلق پىداكارلىق بىلەن ئىباشىپ، ئىگىلمەي-پۈكۈلمەي كۈرەش قىلدى، ئاخىرىدا، ياقۇپبەگ خائىن ماجۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مارىندىنىڭ كۆرسەتمىسى ئارقىلىق 33 مىڭ ئادەمنى سېلىپ بىرىش بەدىلىگە تۇرپاننى ئىشغال قىلدى. ياقۇپبەگ ئۇرۇمچىدىمۇ ئوخشاشلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاقشاتقۇچ زەربە بىرىشىگە ئۇچرىدى، تومىڭ يەرلىك كىشىلەردىن 60 مىڭ، ماناستىن 40 مىڭ ئادەم تەشكىللەپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇردى، جەڭ بەش جايدا تەڭ ئىلىپ بېرىلىپ ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچى باسمىچىلىرى ئېغىر زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىدى. ياقۇپبەگ ئىزاھە-ئەلەمدىن قاتتىق غەزەبلىنىپ، شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن ھەر مىللەت خەلقىنى دەھشەتلىك قىردى، جۇڭگولۇق بولسىلا ئۆلتۈر، باللار، ئەسىرلەرنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرما دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى، بۇنداق قىرغىنچىلىقتىن قورقۇپ كەتكەن تومىڭنىڭ يۇرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتتى، ئۇ ھەر مىللەت ئارمىيە، خەلقنى تاشلاپ، 11-ئاينىڭ ئاخىرىدا شەھەرنى ئېچىپ تەسلىم بولدى. ياقۇپبەگ ماجۇڭنى ئۇرۇمچىنىڭ قورچاق ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىدى. يەنە لەشكەر ئەۋەتىپ ماناسقا ھۇجۇم قىلغۇزدىز كېيىن شۇ شۆگۈلىڭ قاتارلىق خەنزۇلار مىنتۇەنى خۇيزۇلار قوشۇنى، خۇيزۇ ئاما بىلەن بۇرۇنقى ئاداۋەتلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ بىرلىشىپ ئۇرۇمچىگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، بىر مەھەل غەلىبە قىلدى ھەم قورچاق كاتتىباش ماجۇڭنى تۇتۇۋالدى. بۇ پاكىت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تاشقى دۈشمەنىنىڭ تاجاۋۇزى ئالدىدا ھامان مىللىي ھەققانىيەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى.

(4) شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چارروسىيىنىڭ ئىلىنى ئىشغال قىلىۋېلىشىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى

چاررووسىيە 1864-يىلى "جۇڭگو-رووسىيەغەربىي-شىمال چېگرىسىنى چارلاپ ئايرىش كېلىشىمى" ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ 440 مىڭ كۋادىرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالدى، شۇ قاتاردا ئىلى رايونىنىڭ غەربىدىكى بەشتىن تۆت قىسىم جاينى ئىگىلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئىلى رايونىدا توققۇز شەھەر ۋە ئەتراپىتىكى بىنام ئۆزلەشتۈرۈلگەن جايلارلا قالدى. ئاشۇنداق تۈرۈۋقلۇقمۇ، چاررووسىيە يەنە تويماي پۈتۈن ئىلى رايونىنى يۇتۇۋېلىش كويىغا چۈشتى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چاررووسىيە بىلەن ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىش كۈرىشى ئۆتكۈرلىشىشكە باشلىدى. ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ تۈركىيە ۋە ئافغانىستاندىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ۋە قورچاق "يەتتە شەھەر"ھاكىمىيىتىنى قۇرغان قوقەنتلىك ھەربىي ئامبال ياقۇپبەگكە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇ ھاكىمىيەتنى ئاساسەن ئەنگلىيەپەرەس ھاكىمىيەتكە ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ۋەھالەنكى چاررووسىيە ياقۇپبەگنىڭ ئۆزلۈكسىز تۈردە شىمالغا قاراپ قاتراپ ئىلىنى يۇتۇۋېلىش ئەلپازىدا بولۇۋاتقانلىقىدىن تېخىمۇ ئەنسىرىدى، ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى بىلەن قارشىلىشىشتىكى تەشەببۇسكارلىقنى ساقلاش ئۈچۈن، چاررووسىيە ئالدىراپ-تېنەپ ئىلىنى ئىشغال قىلىشقا ئۆرۈندى.

ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقى چاررووسىيىنىڭ ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىشىغا قەيسەرلىك بىلەن قايتۇرما زەربە بەردى. بۇ ھال ئالدى بىلەن ئىلىدىكى ئىرارخان ھاكىمىيىتىنىڭ چاررووسىيىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن ئىمزالىغان "جۇڭگو-رووسىيىنىڭ غەربىي-شىمال چېگرىسىنى چارلاپ ئايرىش كېلىشىمى" ۋە "ئىلى-تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى"نى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلىشىدا

www.uyghurweb.net

ئىپادىلەندى. شۇنىڭ بىلەن چارروسىيە ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە ۋەقە تېرىپ، سۈركىلىش پەيدا قىلىپ، ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن ئاكتىپ تەييارلىق قىلدى.

1870-يىلى 6-ئايدا چارروسىيىنىڭ قوراللىق بەش ئادىمى قانۇنسىز هالدا ئىلىنىڭ تېكەس رايونىغا باستۇروپ كىرىپ ئىغىۋارگەرچىلىك قىلغاندا، ئۇلارنىڭ بىرى ئېتىپ تاشلىنىپ، ئۈچى ئەسىرگە ئېلىندى، بۇنىڭ بىلەن روسىيە تەرەپ دەرهال ئولتىماتوم تاپشۇردى، ئارقىدىنلا چوڭ قوشۇن ئەۋەتىپ ئىلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىستراتېگىلىك ئۆتەڭنىڭ بىرى-مۇزئارت (هازىر مۇزات دېيىلىدۇ) داۋىنىنى ئىشغال قىلىپ، ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن چارروسىيە لەشكەر يۆتكەپ، پائال تۈردە ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ، ئەسكەر سانىنى كۆپەيتىپ ئاشۇرغاندىن باشقا، يەنە هەدەپ ھەربىي جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۈزلۈكسىز هالدا باهانە ئىزدەپ ۋەقە تېرىپ ئىغۋارگەرچىلىك قىلدى. 1871-يىلى باهاردا، ئەسلىدە جۇڭگوغا قاراشلىق قازاق ئالبەن قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى تازابېك خالايىقنى قوزغاپ چارروسىيە ئىشغال قىلىۋالغان رايوندا لەشكەر تارتىپ چارروسىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 1000 ئائىلىدىن ئارتۇق چارۋىچىنى باشلاپ جۇڭگوغا ئەل بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالما-ئاتادىكى قازاق چارۋىچىلارمۇ چارروسىيىنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقىدىن نارازى بولۇپ ئارقا-ئارقىدىن ئىلىغا قېچىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن چارروسىيە بۇنى باهانە قىلىپ ئېلىمىزنىڭ ئىلى رايونىغا قارىتا قوراللىق تاجاۋۇزچىلىق قوزغىدى.

چارروسىيىسىنىڭ ۋەھشىيلىك بىلەن يولسىزلىق قىلىشى جۇڭگو خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى، ھەر مىللەت خەلقى ئاكتىپلىق بىلەن ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن چارروسىيە قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىشكە تەييارلاندى. 5-ئاينىڭ 15-

www.uyghurweb.net

كۈنى چارروسىيە ئىلىغا زور كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە باشلىدى، ئالدى بىلەن بىر پىيادە ئەسكەر لېيەنى چىقاردى، 90 كازاكتىن تەشكىللەنگەن بۇ لېيەن ئىككى زەمبىرەك بىلەن قورغاس چېگرىسىدىن بۆسۈپ كىردى، ئىلى ئارمىيە-خەلقى مازار قەلئەسىگە چېكىنىدى ھەم دەريانىڭ سۈيىنى ئۈزۈۋېتىپ، تاجاۋۇزچىلار قوشۇنىنى قاتتىق قاغجىرىتىپ تولىمۇ پەرىشان ھالدا چۈشۈرۈپ قويدى. 19-كۈنى چارروسىيىگە قارشى ئاتلانغان ئارمىيە-خەلق باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەنگە قاراپ ئېتىلىپ، دۈشمەننىڭ توپ ئوقلىرىغا قارىماي، باتۇرلۇق بىلە ئاتاكىغا ئۆتكەن بولسىمۇ، ئاخىرى قورال-ياراقلىرىنىڭ قالاقلىقى تۈپەيلىدىن يېڭىلىپ قالدى، چارروسىيە شۇئان مازار قەلئەسىنى ئىشغال قىلىۋالدى. جۇڭگو ئارمىيە-خەلقى مال-مۈلۈك ۋە ئوزۇق-تۈلۈكنى يوشۇرۇپ، دۈشمەننىڭ تەمىناتىنى ئۈزۈپ تاشلاپ چارروسىيە قوشۇنلىرىنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى، دۈشمەن چېكىنىش يولىدا جۇڭگو ئارمىيە-خەلقىنىڭ ئۈزلۈكسىز توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن غەربىي لىنىيىدىكى ئۇرۇش بىر مەھەل توختىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چارروسىيە قوشۇنلىرى كەتمەن تېغىدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئۇرۇش ئوتىنى ئىلىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە تۇتاشتۇردى. كەتمەن تېغىدا جۇڭگو ئارمىيە-خەلقى قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى ھەمدە ئۇلارنى يان تەرىپتىن قورشىۋالدى، جەڭ بىر كۈن داۋام قىلدى، ئەمما چارروسىيە قوشۇنىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە توپ ئوتىدا ئېغىر زىيان زەخمەتكە ئۇچراپ، چىداشلىق بېرەلمەي، ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. 6-ئاينىڭ 9-كۈنى، كەتمەن كەنتى قولدىن كەتتى. 6-ئاينىڭ 11-كۈنى، جۇڭگو ئارمىيە-خەلقى ياردەمگە ئېرىشىپ، ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ چارروسىيە قوشۇنلىرىغا قايتۇرما زەربە بېرىپ، چارروسىيە قوشۇنلىرى بىلەن كۆپ قېتىم تىغمۇ-تىغ قۇچاقلاشما جەڭ قىلدى، چارروسىيە قوشۇنلىرىنىڭ دەھشەتلىك ھالدا مەركەزلىك توپقا

www.uyghurweb.net

تۈنۈشى ئارقىسىدا، جۇڭگو ئارمىيە-خەلقى قۇربان بېرىشتىن قورقماي، ئالدىنقىلىرى يىقىلسا، كېيىنكىلىرى ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئەسكىرىي كۈچ يېتەرسىز بولغاچقا، "نۇرغۇن ياشىنىپ قالغان بوۋايلار ۋە باللار"مۇ قوللىرىغا ياراق ئېلىپ سەپكە ئاتلىنىپ، جەڭگە كىردى.

چارروسىيە قوشۇنلىرى جۇڭگو ئارمىيە-خەلقى جۇنۇبىي لىنىيە بىلەن بولۇۋاتقان چاغدا، يوشۇرۇن ھالدا كۆپلىگەن ياردەمچى قوشۇننى شىمالىي لىنىيىگە يۆتكەپ كەلدى. يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ قوماندانى كولپاكوۋىسكىي قوشۇن باشلاپ ئىلىنى ھۇجۇم بىلەن ئالماقچى بولدى. ئىلى ئارمىيە-خەلقى چىڭىسىخوزا، سۇيدۇڭ (ھازىرقى قورغاس ناھىيە بازىرى) قاتارلىق جايلاردا مۇداپىئەنى كۈچەيتتى ھەمدە ئەلاخاننى 6-ئاينىڭ 27-كۈنى چارروسىيە قوشۇنىغا رەسمىي جەڭ ئېلان قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. 6-ئاينىڭ 28-كۈنى چارروسىيە قوشۇنلىرى قورغاس دەرياسى مۇداپىئە لىنىيىسىدىكى ئىستىھكاملارغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى، جۇڭگو ئارمىيە-خەلقى قەلئەنى تايانچ قىلىپ، ئاتلىق ئەسكەرلەر ئارقىلىق ئىككى ياندىن قورشاپ، باتۇرلۇق بىلەن زەربە بېرىپ، بىر كۈن كەسكىن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، قەلئە قولدىن كەتتى. 7-ئاينىڭ 1-كۈنى، چارروسىيە قوشۇنى سۇيدۇڭگە باستۇرۇپ كەلگەندە، بۇ شەھەردىكى خۇيزۇ ئاقسۆڭەك شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىپ تەسلىم بولدى، ئارقىدىن ئالاخان ئۆلگىدەك قورقۇپ، 7-ئاينىڭ 2-كۈنى تەسلىم بولدى، ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىپ قىلغان جەڭلىرى ئەنە شۇنداق بىكارغا كەتتى.

ئىلىدىكى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن 50 كۈن داۋام قىلغان قارشىلىق كۆرسىتىش جېڭىدە، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت ئارمىيە-خەلقى ئېسىل قورالالار بىلەن قوراللانغان تاجاۋۇزچىلار ئالدىدا، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ،

قۇربان بېرىشتىن قورقماي، ئالدىنقىلىرى يىقىلسا، كېيىنكىلىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ، تاجاۋۇزچىلارنى ھەر بىر قەدەمدە ئېغىر تالاپەت تارتقۇزدى. ئىلىدىكى ھەر مىللەتتىن بولغان ئارمىيە-خەلق ئىسسىق قېنى ۋە ئەزىز جېنى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زاماندا تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرغانلىقى توغرىسىدا كۆپلىگەن كاتتا داستانلارنى يازدى.

چارروسىيە قوشۇنى ئىلىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۇرۇمچىگە تاجاۋۇز قىلىشقا ئۇرۇندى ھەمدە كۆپ قېتىم ماناس قاتارلىق جايلارغا تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەندە، شۇشۇگۇڭ باشچىلىقىدىكى خەنزۇلار مىنتۇەنى ۋە خۇيزۇلار قوشۇنىنىڭ بىرلىشىپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، ئېغىر چىقىم تارتقاچقا، پىلانىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. بىراق ئىلىدىكى توققۇز شەھەرنىڭ 7- مىڭ كۋادىرات كىلومېتىر زېمىنى چارروسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈپ كەتتى.

(5) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشى

1. تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۈشمەنلەرنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە قارىتا يۈرگۈزگەن پاجىئەلىك ھۆكۈمرانلىقى

مەيلى ياقۇپبەگ باسمىچىلىرى بولسۇن، ياكى چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرى بولسۇن، ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئۇچۇن قوغداش ئىنتايىن دەھشەتلىك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ خەلقنى قۇل قىلدى.

ياقۇپبەگ باسمىچىلىرى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ئارمىيە بىلەن فېئوداللىق دىننى تۈپرۈك قىلدى. ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىشغالىيەت رايونىدا "سۇيۇرغاللىق" دەيدىغان بىر ھەربىي فېئوداللىق تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، ئىشغال قىلىنغان

يەرلەرنى ئارمىيىنىڭ باشقۇرۇشىغا بەردى، سوۋېتلاشتۇرۇش تۈزۈمى ئاستىدا ھەر مىللەت خەلقى قۇل بولۇپ، ھايۋان كەبى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىدى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسىم ئەمگەك مېۋىسى تارتىۋېلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مۇشكۇل ھەقسىز ئەمگەككە سېلىندى، ئەسلىدە مانجۇ بيۇروكراتلىرىغا تەۋە يەرلەرنى ۋە خەنزۇ كۆچمەنلەر ئاچقان يەرلەرنى شەخسىي مۈلۈك قاتارىدا تەكرار سېتىپ قاقتى-سوقتى قىلدى. شۇڭا يەرلىك خەلق غەزەپ بىلەن ياقۇپبەگنى "يەتتە قات زېمىننىڭ ھەممىسىنى سېتىپ تۈگەتتى"( ) دەپ ئەيىبلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ياقۇپبەگ ئۆزىنى "بەدۆلەت غازى" ("بەخت-سائادەت شاھى" دېگەن بولىدۇ) ( ) دەپ ئاتىۋېلىپ، دىنىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ خەلقنى بىخۇدلاشتۇرۇش ئارقىلىق قارشىلىق كۆرسەتمەيدىغان قىلىپ، قاتتىق ئىسلام دىنى تەرىقەتلىرى ئىئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنى چەكلىدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ كۆپ پۇل ۋە ئەمەلىي مەنپەئەت ئارقىلىق ئىسلام دىنىي يۇقىرى قاتلام ئۇنسۇرلىرىنى سېتىۋېلىپ ئۆزى ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغان قىلىۋالدى. ياقۇپبەگنىڭ ئەكسىيەتچىل ھەرىكەتلىرى ئارقىسىدا پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ پانى دۇنيادىكى دوزاققا ئايلاندى.

چارروسىيە ئىلىنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن بىۋاستە ھەربىي ئىشغالىيەت يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، چارروسىيە قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى كولپاككوۋسكىي مەسئۇللۇقىدىكى ئىلى ئىشلىرى پەۋقۇلئاددە ئىشخانىسى تەسىس قىلىپ شۇ جاينىڭ ھەربىي، سىياسىي، ئامانلىق، ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى، ھەر مىللەت خەلقىنى پارچىلاپ، ئوخشاش بولمىغان مىللەتنى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلدا باشقۇرۇش شەكلىنى قوللىنىپ، خەلقنىڭ چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى پارچىلاش ئۈچۈن، پۈتۈن ئىلى رايونىنى تۆت ناھىيىگە ئايرىپ، تاجاۋۇزچىلار قوشۇنىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى

هاكىملىققا تەيىنلىدى. چارروسسىيە قوشۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كۆپ قېتىم قورال-ياراغ يىغىپ، ئاتالمىش ھەر مىللەت "خائىن"لىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ئىلىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تامامەن ئۈزۈپ تاشلىدى، ئىقتىسادىي جەھەتتە "ئۈرۈش ئېھتىياجىنى ئۇرۇش ئارقىلىق قامداش" سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پۇل، مال-مۈلكىنى ئەڭ زور چەكتە سىقىپ ئالدى، تۇرلۇك ئالۋان-ياسىق ئىنتايىن كۆپىيىپ كەتتى، ھەر يىلى ئىلى خەلقىدىن تارتىۋېلىنغان كۆمۈش مىليون سەردىن ئېشىپ كەتتى.

چارروسسىيە ئىلىنى چارروسسىيىنىڭ زېمىنىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن يەنە مۇستەملىكىچىلىكنى كۈچەيتىش سىياسىتىنى قوللاندى.

بىرىنچىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆزلەشتۈرگەن بىنەم يەرلىرى، تېرىلغۇ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىش شەكلى بىلەن زورمۇ زور ئىگىلىۋالدى، جۇڭگونىڭ زېمىن ھوقۇقىنى تارتىۋالدى، ئىشغالىيەت رايونىدىكى مانجۇ، خەنزۇ، شىبە، سولۇن، چاخار مىللەتلىرىدىن بولغان خەلقنى تېرىكچىلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدى، يەرلىرىنى تارتىۋالدى، چارروسسىيىنىڭ بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرى ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىكتە: "كۆككۆز، قارا نىيەتلەر" دەپ نەپرەت ياغدۇرۇشىغا ئۇچرىدى، بۇ سۆز چاغدا يەرلىك خەلقنىڭ ئاغزىدا كەڭ تارقىلىپ يۈردى.( )

ئىككىنچىدىن، ئىشغالىيەت رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى روسسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈشكە مەجبۇرلاپ، ئالدى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنى "ئەل بولۇش"قا دەۋەت قىلدى، ئاندىن "تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىدى"، بوي ئەگمىگەنلەرنى خالىغانچە ئۇردى، قاتتىق ھاقارەتلىدى.

ئۈچىنچىدىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلىنىڭ يەرلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلدى، ئىلىنى باشقۇرۇش

ئىگىلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ئۇلىرۇندى، ئىلىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدار-ئەسكەرلىرىنىڭ ئىلىدىكى قىيىنچىلىقتا قالغان پۇقرالارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىغا، ئىشغالىيەت رايونىدىكى خەلقنىڭ ئۆزئارا ئالاقە قىلىشىغا يول قويمىدى.
تۆتىنچىدىن، ئىشغالىيەت رايونىدا روسىيە قانۇنلىرىنى تەتبىقلاپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلى رايونىدىكى ئەدلىيە ھوقۇقىنى بىكار قىلىۋەتتى.
بەشىنچىدىن، چارروسىيە سودىگەرلىرى، پۇقرالىرىنى ئىلىغا كۆچۈپ كېلىپ، بازارنى ئىگىلىۋېلىشقا، ئىگىلىكنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشقا رىغبەتلەندۈردى، بۇنىڭ بىلەن روسىيىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىپ، كۆرەڭلەپ زورلۇق-زومبۇلۇق قىلدى.
ھەر مىللەت خەلقى تاجاۋۇزچىلارنىڭ زوراۋانلىقى ئالدىدا ھەرگىز تىز پۈكمەي، بىر تەرەپتىن ئۇلارغا قارشى ئىگىلمەي-سۇنماي كۈرەش قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى "كوچىلاردا توپلىشىپ ‹خەنزۇلار كەلگۈدەك› دېگەنگە ئوخشاشا خەۋەرلەرنى بىر-بىرىگە يەتكۈزۈشتى، بۇ خەۋەرلەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇلىرى بويىچە ئۆز كۆڭلىنى خوش قىلىدىغان نۇرغۇن ھېكايىلەرنى توقۇشتى، بىر ئادەم قوش ھەيدەپ، ئۇرۇق چېچىپ تۇرغاندا، يەنە بىر ئادەم كېلىپ ئەي بۇرادەر، بۇ يەرگە نېمە تېرىدىڭىز؟ دەپ سورىسا، نېمە تېرىماقچى ئىدىم، خەنزۇ تېرىدىم، دەپ جاۋاب بەردى. كىشىلەر كۈزدە كۆپلىگەن خەنزۇلارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، كېچە-كۈندۈز خەنزۇلارنى تىلەپ دۇئا-تىلاۋەت قىلاتتى".( ) ئىلى خەلقى بىردىل بىر نىيەتتە، چارروسىيىگە ئەل بولماسلىققا قەسەم قىلىپ، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا

قارىماي چارروسىيىنىڭ مۇھاسىرىسىنى يېرىپ تاشلاپ، چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدار-ئەسكەرلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئالاقىلاشتى.

يۇقىرىقى پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، بىر ئۇچۇم مىللىي مۇناپىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شىنجاڭدىكى دۈشمەننى قوغلاپ چىقىرىش، بىرلىككە ئىنتىلىش ئارزۇسىدىن تەۋرەنمەي، قول تۇتۇشۇپ مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ كۈرەش قىلغان ھەر مىللەت خەلقى ياقۇپبەگنىمۇ، چارروسىيە قوشۇنلىرىنىمۇ ۋەتىنىمىز زېمىنىدىن قوغلاپ چىقاردى.

## 2. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ياقۇپبەگنى قوغلاپ چىقىرىشى

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقارماقچى بولۇۋاتقاندا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمران گۇرۇھى ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرمۇ تېزلىكتە شىنجاڭغا لەشكەر ئەۋەتىپ قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى زوزۇڭتاڭنى خان مۇپەتتىشى سۈپىتى بىلەن ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتىپ، جىڭ شۇننى شىنجاڭنىڭ ھەربىي مۇشاۋۇرى قىلىپ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالدى.

زوزۇڭتاڭنىڭ باشلامچىلىقىدا، غەربكە يۈرۈش قىلغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ يولغا چىقتى، 1876-يىلى 6-ئايغا كەلگەندە، شىنجاڭغا كىرگەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى 70-80 باتالىيون (يىڭ)غا، ئادەم سانى ئەسلىدە شىنجاڭدا بار قىسىملار بىلەن قوشۇلۇپ 60 مىڭچىغا يەتتى. زوزۇڭتاڭ سۇچۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جيۇچۈەن شەھىرى)گە كېلىپ قوماندانلىق قىلدى، ئىستراتېگىيە جەھەتتە "ئاۋۋال جەنۇبنى ئاندىن شىمالنى ئېلىش"، تاكتىكا جەھەتتە"ئاۋۋال شىمالدا، ئاندىن جەنۇبتا"ھەرىكەت قىلىشتەك ھەربىي ھەرىكەت لايىھىسىنى، يەنى

ئاۋۋال جەنۇبتا ياقۇپبەگكە جازا يۈرگۈزۈپ، ئاندىن كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىلى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لايىھىسىنى تۈزدى. بۇ لايىھە چارروسىيە كۈچلۈك، ياقۇپبەگ ئاجىز بولۇشتەك ئەھۋالغا قارىتا، نىشانلىق ئۇق ئېتىش ئاساسىدا، مەسىلىنى پەيدىنپەي ھەل قىلىشتىكى ئاقىلانە لايىھە بولدى، "ئاۋۋال شىمالدا، ئاندىن جەنۇبتا" ھەرىكەت قىلىپ، ياقۇپبەگنىڭ شىمالدىكى ئىستىھكامى گۇمۇتى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا قاتتىق جەڭ قىلىپ، ياقۇپبەگنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇش، ئاندىن ئاۋانچىغىنى ئېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى بىراقلا قولغا ئېلىش پىلانلاندى.
ياقۇپبەگ چىڭ سۇلالىسى چوڭ قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا، بىر تەرەپتىن، گۇمۇدى، داۋانچىڭ، شىخجىڭ ئېغىزى ۋە تۇرپان، توقسۇنلاردا ئۈچ مۇداپىئە لىنىيىسى تۈزۈپ، كۆپ لەشكەر يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلىشىنى توسۇشقا ئۇرۇندى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنگلىيە بىلەن روسىيىگە كۆپ قاتراپ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى توسۇماقچى بولدى. ئەنگلىيە ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئاتالمىش "مۆرەسسە قىلىش" ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى رەت قىلدى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى گوسۇڭتاۋ قەتئىي بايانات ئېلان قىلىپ قەشقەرنىڭ ئەزەلدىنلا جۇڭگوغا قارام جاي ئىكەنلىكىنى، جۇڭگونىڭ قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىشى يوللۇق ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. چارروسىيە قۇرۇق ئەمچەك سېلىپ ياقۇپبەگكە يەل بەردى.
1876-يىلى 8-ئايدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تۇنجى جەڭدە گومۇتىنى ئالدى. ياقۇپبەگ باسمىچى قوشۇنلىرى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن خۇاڭتىيەندىكى سۇ مەنبىئىنى قاتتىق ساقلىدى، چىڭ سۇلالىسى ئالدىن يۇرەر قىسىملارنىڭ قوماندانى ليۇجىنتاڭ كېچىدە ھۇجۇم قىلىپ، 2-كۈنى خۇاڭتىيەننى ئېلىپ، كەسكىن جەڭ قىلىش

www.uyghurweb.net

ئارقىلىق گومۇتىنى ھۇجۇم بىلەن ئالغاندىن كېيىن، يەنە ئۈرۈمچىنى قايتۇرۇۋالدى، 11-ئايغا كەلگەندە ياقۇپبەگنىڭ شىمالدىكى كۈچلىرى تامامەن تازىلاپ تۈگىتىلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى شۇنىڭغا ئۇلاپلا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دەرۋازىسى-تۇرپانغا قاراپ يۈرۈش قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى سەراسىمىگە چۈشتى. چەتتىن كەلگەن بەزى باسمىچىلار پۇللارنى ئېلىپ قاچتى، تەھدىتكە ئۇچراپ دۈشمەنگە ئەگەشكەن بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام كىشىلەر ئارقا-ئارقىدىن ھەقىقەتكە قايتىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ئەل بولدى؛ ياقۇپبەگنىڭ خەزىنە بېگى نۇرغۇن ئالتۇن-كۆمۈشنى ئېلىپ، 40 نەچچە ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولدى؛ ياقۇپبەگنىڭ توقسۇن، داۋانچىڭدىكى ھەربىي تەمىناتى ۋە ئوزۇق-تۈلۈك، ئوت-سامانلىرىنى ھەقىقەتكە قايتقان كىشىلەر بىلەن يەرلىك ئامما كۆيدۈرۈپ تاشلاپ ياقۇپبەگنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. 1877-يىلى 4-ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جەنۇپقا ھۇجۇم قىلغاندا، شەھەر ئىچىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئۆلۈمگە قارىماي چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ بارگاھلىرىغا بېرىۋالدى ھەمدە باسمىچىلار قوشۇنىنىڭ شەھەرنى تاشلاپ جەنۇپقا قاچماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى شەھەرنى قاتتىق مۇھاسىرە قىلىپ ھۇجۇمنى جىددىيلەشتۈرۈپ، 20 كۈندە داۋانچىڭنى قايتۇرۇۋالدى، ئاندىن توقسۇن، شىڭجىڭ ئېغىزى ۋە تۇرپانلارنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق يوقىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى. كورلىدا تۇرۇۋاتقان باسمىچىلار باشلىقى ياقۇپبەگ ئەس-ھۇشىنى يوقىتىپ، قول ئاستىدىكىلەر بىلەن ئۇرۇش-جېدەل قىلغاندا، ئېغىر يارىلىنىپ ئۆلدى.

8-ئاينىڭ 25-كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەرگە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاپ، 10-

ئاينىڭ 7-كۈنى قارا شەھەر (هازىرقى يەنجى)نى قايتۇرۇۋالدى، يەنە يەرلىك موڭغۇل، ئۇيغۇر ئاممىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، دۈشمەن قوشۇنى قېزىپ سەل قويۇۋەتكەن قايدۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ كورلىنى قايتۇرۇۋېلىپ، كۇچانى ھۇجۇم بىلەن ئالدى. باي بىلەن ئاقسۇدىكى خۇيزۇ، ئۇيغۇر خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، يۈزنەچچە مىڭ ئادەم شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، قايتۇرما ھۇجۇم قىلغان باسمىچى قوشۇننى زەربە بىلەن چېكىندۈرۈپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتتى، ئۇچتۇرپان ۋە ئاقچىدىكى قىرغىز خەلقى غەربكە قاراپ قاچقان باسمىچىلارغا ھۇجۇم قىلدى. 10-ئاينىڭ ئاخىرلىرى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى باي، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپانغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ، شەرقتىكى تۆت شەھەرنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋالدى. غەربىي تۆت شەھەردىكى دۈشمەنلەر خۇددى چۆچۈپ كەتكەن قوشقا ئوخشاش تەرەپ-تەرەپكە قاچتى، خوتەندە نىياز (نىياز ھېكىمبەگ) چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولدى، قەشقەر يېڭىشەھەردە خې بۇيۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى قارشى ئالدى، يەكەننى ساقلاۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ باشلىقى يۈنۈس تۈركىيىگە قېچىپ كەتتى. 12-ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قەشقەر، يەكەن، يېڭىسارنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى. 1878-يىلى 1-ئاينىڭ 2-كۈنى، غەربتىكى تۆت شەھەر تامامەن قايتۇرۇۋېلىنىپ، ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچى كۈچلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تازىلاپ تۈگىتىلدى.

شۈنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ، ياقۇپبەگ قالدۇقلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك توپىلاڭلىرىنى تىنجىتتى. مەسىلەن، خوتەندىكى بىر ھۈنەرۋەن نىيازنىڭ ھەقىقەتكە قايتىپ خانلىق ئورنىغا چىقالمىغاچقا، ھۈنەرۋەنلەرنى يىغىپ خۇپىيانە ھالدا قورال-ياراق سوقتۇرۇپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا خەۋەر قىلدى، كېيىن نىياز قولغا ئېلىندى.

www.uyghurweb.net

1878-يىلى قىشتا ۋە 1881-يىلى 5-ئايدا، يەرلىك خەلقنىڭ پاش قىلىشى بىلەن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يەنە شايار مەھكىمىسىنىڭ ھاكىمبېگى ئابدۇللا ۋە يېڭىسار ماڭشىن يېزىسىدىكى يۈز بېشى ئابلانىڭ ئىككى قېتىم ئەجنەبىي مىلتىقلارنى ساقلاپ "ئادەم توپلاپ توپىلاڭ كۆتۈرۈش" تەك توپىلاڭچىلىق سۈيقەستىنى تارمار قىلىپ( )، ئاپەتنىڭ يىلتىزىنى تۈگەتتى، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مېۋىسىنى مۇستەھكەملىدى.

ئومۇمەن ئالغاندا، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى، غەربنى بويسۇندۇرغۇچى ئەمىرلەشكەر زوزۇڭتاڭمۇ نۇسرەت پۈرسىتىنىڭ شۇنچە پات يېتىپ كېلىدىغانلىقى"نى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى. ( ) بۇنداق بولۇشتىكى ئەڭ تۈپكى سەۋەب شۇكى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش يولىدىكى ھەققانىيەتلىك ئۇرۇش بولغاچقا، بۈيۈك قوشۇن قەيەرگىلا بارسۇن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى، زوزۇڭتاڭمۇ مۇنداق دېدى:"نۇسرەت پۈرسىتىنىڭ شۇنچە پات يېتىپ كېلىشى" شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياردىمىدىن، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ باندىتلارنى يوقىتىشىغا ھەمكارلىشىپ ئېلىپ بارغان قوراللىق كۈرىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. پۈتكۈل ئۇرۇش مەزگىلىدە، ھەر مىللەت خەلقى "ياكى يول باشلاپ بەردى، ياكى قوشۇنلارغا قوشۇلۇپ جەڭگە قاتناشتى"؛ جايلار قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىشلار بىردەك ۋاقتىنچە "شۇ جايدىكى ئەمەلدارلارنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇلدى، ئىشلارنىڭ ھەممىسى جايىدا بېجىرىلدى"( ) "تارىخىي ھەمىدى"دە "ئۇلۇغ خاننىڭ زەپەر ئەسەرلىك چېرىكلىرى تۇرپاندىن چىقىپ كاشغەرگىچە بولغان جايلارنى قولغا كىرگۈزگىچە، بىرەر ئادەم ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ

ئوق چىقارمىدى، بەلكى ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ مۆتىۋەرلىك ئەنيانلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، قولىدىن كېلىدىغانلا خىزمەتكارچىلىقىنى كۆرسەتتى"( ) دېيىلگەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە شىنجاڭدا تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن خەنزۇلار مىنتۇەنى، موڭغول ئەسكەرلەر قاتارلىقلارمۇ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش داۋامىدا مۇھىم رول ئوينىدى. تارىخ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قۇل قىلىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خەنزۇ خەلقى بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلاشمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش داۋامىدا، زوزۇڭتاڭ ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى رەت قىلىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشتا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ ئىش تۇتتى، ئالدىنقى سەپ باش قوماندانى لىيۇجىنتاڭ ھەر مىللەت سانغۇن ۋە لەشكەرلىرىنى باشلاپ سەپكە ئاتلىنىپ ياقۇپبەگ باسمىچىلىرنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى، ئۇلار شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشىدە خىزمەت كۆرسەتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ غەبكە يۈرۈش قىلغان قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق كۈچى بولغان خۇنەن قىسمى، خۇبېي قىسمى ۋە مانجۇلاردىن تەركىپ تاپقان سەككىز قوشۇن، خۇيزۇلار قوشۇنى قاتارلىق قوشۇنلاردىكى سانغۇن ۋە لەشكەرلەر شۇنىڭدەك جىلىن، خېيلۇڭجياڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى قاتارلىق ئىچكى جايلاردىن كەلگەن خەنزۇلار تۈمەن چاقىرىملاپ يوللارنى بېسىپ، شىنجاڭغا كېلىپ، دەشت-باياۋانلاردا جەبر-جاپا چېكىپ ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە ھايات-ماماتلىق جەڭلىرىنى قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە ياراتتى.

3 . "ئىلى شەرتنامىسى"نىڭ ئىمزالىنىشى ۋە ئىلىنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىشى

1870-يىلى شىنجاڭنىڭ ئىلىدىن باشقا جايلىرى تامامەن قايتۇرۇۋېلىندى. بۇ چاغدا چارروسىيىنىڭ ياۋروپا، يىراق شەرققە قاراتقان ئىستراتېگىيىسىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى، جۇڭگو-چارروسىيە پېتىربۇگدا ئىككى قېتىم ئىلى مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى، جۇڭگو تەرەپنىڭ باش ۋەكىلى چۇڭ خۇ ئىقتىدارسىز بولغاچقا، روسىيە ئۇستىلىق بىلەن قۇرغان تۇزاققا دەسسەپ ئادىنىپ، ئىلىمىز چېگرا رايونىدىكى ئارمىيە-خەلقنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياقۇپبەگ باسمىچىلىرىنى يوقىتىپ غەلىبە قازانغانلىقىدەك مۇشۇنداق بىر پاكىتتىن پايدىلىنىپ سۆھبەتتە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرمەكتە يوق، ئەكسىچە ئوردىنىڭ يارلىقىنى كۈتمەيلا، 1879-يىلى 10-ئايدا ئۆز ئالدىغا "ئىلىنى تاپشۇرۇپ بېرىش شەرتنامىسى" (بۇ شەرتنامە يەنە "رىۋاگىيە شەرتنامىسى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىمزالىدى.

بۇ شەرتنامىنىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن روسىيە فېئودال ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ئارزۇسى قانائەت تاپتى، جۇڭگونىڭ شىمالى تامامەن روسىيىگە ئېچىۋېتىلدى، ئۇلارنىڭ ئىچكىرلەپ چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى خەنكۇغا كىرىشىگە، ھەتتا "ئەجنەبى دورا" (ئەپيون) توشۇپ كېلىپ جۇڭگو خەلقىنى زەھەرلىشىگە يول قويۇلدى. كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنغان كونسۇلخانىلار پۈتكۈل غەربىي شىمالنى دېگىدەك قاپلىدى. روسىيە بىرەرمۇ ئەسكەر چىقىم تارتماي ئىگە بولۇۋالغان ھوقۇق-مەنپەئەت ئۇرۇشتا يېڭىلگەن دۆلەتلەرگە تېڭىلغان شەرتلەردىنمۇ ئېشىپ كەتتى. چۇڭ خۇنىڭ شەرتنامىنى ئىمزالىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى چۆچۈپ، بىرلىكتە چۇڭ خۇنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھوقۇقنى ئۆتۈنۈپ بېرىپ ۋەتەنگە ساتقىنلىق قىلغانلىقىنى ئېيىپلاپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، "خالايىقنىڭ غەزىپىنى بېسىپ، كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىش"( )

نى تەلەپ قىلدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى چارروسىيىنىڭ جىنايىتىنى ئەيىبلىدى. جۇڭگو خەلقىنىڭ روسىيىگە قارشى تۇرۇش غەزىپى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋە مەنسەبدارلىرىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى، زۇڭلى (باش ۋەزىر) يامۇلىدىكىلەرمۇ ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى ئارقىسىدا، چۇڭ خۇ ئىمزالىغان شەرتنامىدا جىق زىيان تارتىپتۇق دەپ قاراشتى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ پوزىتسىيىسى ئىجتىمائىي جامائەت پىكرىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگەردى، شۇنىڭ بىلەن لىۋ جىنتاڭغا شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا ياردەملىشىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ۋەتەنگە قاتقاندىن كېيىنلا خىزمىتىدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن چۇڭ خۇغا ئۆلۈم جازاسى بەردى. چارروسىيە شەرتنامىغا كىرگۈزۈلگەن ھوقۇق-مەنپەئىتىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەمەلگە چىدىماي غەزەبلىنىپ قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزۈشكە تەييارلىق قىلدى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ ھۇشيار تۇردى.

بۇ چاغدا ھەر قايسى جاھانگىر دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ ئارىلىشىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلەتتى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاخىرى يول قويۇپ، 6-ئاينىڭ 26-كۈنى چۇڭ خۇغا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، زېڭ جىزېنى چارروسىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. كەسكىن ئېلىشىش ئارقىلىق، 1881-يىلى 2-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭگو-روسىيە "ئىلى شەرتنامىسى"رەسمىي ئىمزالاندى، بۇ شەرتنامىنىڭ شىنجاڭغا چېتىشلىق ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق:

(1) روسىيە ئۆزى ئىگىلىۋالغان ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

(2) ئىلى خەلقىدىن روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈشنى خالايدىغانلارنىڭ بىر يىل ئىچىدە كۆچۈپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلىش.

(3) يەر بۆلۈپ بېرىش. ئىلى قورغاس دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار روسىيىگە بۆلۈپ بېرىلىدۇ، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆلزات كەنتىنىڭ شەرقىي جەنۇبى 1864-يىلى "غەربىي-شىمال چېگرىسىنى چارلاپ ئايرىش شەرتنامىسى"دە بېكىتىلگەن كونا چېگرا بىلەن چېگرىلىنىدۇ؛ ئاتاي، تارباغاتاي زېمىنىنىڭ چېگرىسىگە كەلسەك، كۈيتۈندىن ساۋۇر تېغىغىچە بولغان ئارىلىقتىن بىر تۈز سىزىق سىزىلىدۇ، چېگرا ئايرىشقا مەسئۇل بولغان ئەمەلدار تۈز سىزىق بىلەن كونا چېگرا ئوتتۇرىسىدىن يېڭى چېگرىنى بېكىتىدۇ. قەشقەرنىڭ غەربى بىلەن تۇتىشىدىغان چېگرا ئىككى دۆلەتنىڭ هازىر باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان چېگرىسى بويىچە بېكىتىلىدۇ.

(4) روسىيە جىيايۈيگۇەن، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا كونسۇلخانا تەسىس قىلىدۇ.

(5) روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ هەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ قىلغان سودىسىدىن باج ئېلىنمايدۇ.

(6) 9 مىليون رۇبلى تۆلەم بېرىلىدۇ.

"جۇڭگو-روسىيە ئىلى شەرتنامىسى"نىڭ ئىمزالىنىشى روسىيىنىڭ دۆلىتىمىز ئىلى رايونىغا يۈرگۈزگەن مۇستەملىكىچىلىك هۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلگەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ ئېلىمىزنىڭ هەر مىللەت خەلقىنىڭ چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ كۆنسېرى ئەۋج ئالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. 1881-يىلى 9-ئاينىڭ 2-كۈنى، چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى ئىلى سانغۇنى جىڭ شۈننى ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىشلىرىنى بېجىرىشكە بۇيرۇدى. ئىككىنچى يىلى تارباغاتاينىڭ مەسلىهەتچى ئامبىلى ئىلىغا كېلىپ روسىيە تەرەپ ۋەكىلى بىلەن ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش چارىلىرى ئۈستىدە كېڭەشىپ، ئىلى خەلقىنى يىغىپ جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ ئىلانىنى ئوقۇغان ۋە كوچىلارغا چاپلىغاندا، ئىلىدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ

www.uyghurweb.net

قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى. 3-ئاينىڭ 22-كۈنى، جۇڭگو-روسىيە ئىككى تەرەپ شەرتنامە نۇسخىسىنى ئالماشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلىنى رەسمىي ئۆتكۈزۈۋالدى. جۇڭخۇا ئوغۇل-قىزلىرى قانلىق كۈرەش قىلىپ قوغدىغان ئىلى ئاخىرى ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كەلدى.

(6) شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى

20-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى چىرىك چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بۇرژۇئا ئىنقىلابىنى قانات يايدۇردى، 1911-يىلى شىنخەي ئىنقىلابى پارتلاپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى.
شىنخەي ئىنقىلابى پارتلاشنىڭ ئالدى-كەينىدە، چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئىبلىس قولىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىغا ئۇزاتتى. چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ئالدىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىگىلمەي-پۈكۈلمەي كۈرەش قىلدى.
1901-يىلى روسىيىنىڭ قەشقەردىكى بىر ئەلچىسى ئاياللارنى ھاقارەتلىگەچكە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چەكسىز غەزىپىنى قوزغىدى، 2 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم روسىيە كونسۇلخانىسى ئادىدا كۆچ كۆرسىتىپ، نامايىش قىلىپ، كونسۇلخانا مۇھاپىزەت ئەترىتى بىلەن باتۇرانە ئېلىشتى، بۇ قېتىمقى ۋەقە گەرچە باستۇرۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو خەلقىنىڭ ھاقارەت قىلىشقا يول قويماسلىقتەك مىللىي غورۇرى نامايەن قىلىندى. 1901-يىلى 2-ئايدا، روسىيىنىڭ بىر ئوفىتسېرى دوتەيىنىڭ خېتىنى ئېلىپ، تۆت ئەسكەر ۋە تۆت ياردەمچى بىلەن بىللە سېرىققولغا قېچىپ كېلىپ،

باش مۇپەتتىشىنىڭ تەستىقى بىلەن بۇ يەرنىڭ پوچتا كەسپىنى باشقۇرغىلى كەلدۇق دېگەندە، بۇ ئىش يەرلىك خەلقنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۇچۇن، يەرلىك خەلق چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەكەندىكى ئەمەلدارىغا 100 نەچچە ئادەم قول قويغان بىر تەلەپنامىنى سۇنۇپ، جۇڭگونىڭ پوچتا ئىشلىرىنى چەت ئەللىكلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا قارشى چىقتى. 1912-يىلى 5-ئايدا، پەيزىۋات، خوتەن قاتارلىق جايلارمۇ كۆپ قېتىم روسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى پارتلىدى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش ئاساسىدا پارتلىغان چىرا كەنتى ۋەقەسى ئاشۇنداق ۋەزىيەتتە پارتلىغان. چىرا كەنتى ھازىرقى چىرا ناھىيىسى بولۇپ، ئۇ چاغدا ئۇدۇن مەھكىمىسىگە قارايدىغان بىر مۇھىم بازار ھەم روسىيە سودىگەرلىرى كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلىدىغان جايلارنىڭ بىرى ئىدى. چارروسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بۇ يەردە قانۇنسىز ھالدا شاڭيۇ قويۇپ، روسىيە مۇھاجىرلىرى تەشكىلاتى قۇردى، بۇ روسىيە مۇجاھىرلىرى، شاڭيۇلار كىشىلەرنى قانۇنسىز ھالدا روسىيە مۇجاھىرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، جۇڭگولۇقلارنى روسىيىلىكلەرگە ئايلاندۇردى، ئۇلارنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى. شۇ چىغدا چىرا كەنتىدىكى شاڭيۇ سېيىت ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياۋۇز بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ روسىيىلىكلەرنىڭ ھېمايىسىدە باشقىلارنى بوزەك قىلىپ، ئىنتايىن غالجىرلىشىپ كەتتى.

ئىلىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ ئەزالىرى قوراللىق قورغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا ھۇجۇم قوزغىغان چاغلاردا، چارروسىيە بارغانلىكى جايدا بالايىئاپەت پەيدا قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، توپىلاڭ پىلانلىدى، سېيىتمۇ ھەدەپ ھەرىكەتلىنىپ، شۇ جايدىكى خەلقنى روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈڭلار، روسىيىنىڭ "مۇھاپىزىتى"نى قوبۇل قىلىڭلار دەپ ئازدۇرۇپ، قورال-ياراغ، ئوق-دورا تارقىتىپ، توپىلاڭ

كۆتۈرۈشنى قەستلەپ، شىنجاڭنى پارچىلاشقا ئۇرۇندى. سېيت ئۆزى ئازدۇرالمىغان ئاممىنى كۆپ تەرەپتىن بوزەك قىلدى، ھەتتا يەر سوغۇرۇشقا سۇ بەرمەي زىرائەتلىرىنى قۇرۇتۇۋەتتى. 1912-يىلى 2-ئايدا، يەرلىك خەلق ئۆلارنىڭ ئۇستىدىن ئەرز سۇنغاندا، سېيت مەن "روسىيە مۇھاجىرى" دەپ ئەمەلدارلارنى قورقاتتى، ئۇ نەزەربەنت قىلىنغان بولسىمۇ، چارروسىيىنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشى ئارقىسىدا تېزلا قويۇپ بېرىلدى. سېيت داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ يۈردى، چارروسىيە لەشكەر ئەۋەتىپ قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ ئەيمەنمەيدىغان بولۇۋېلىپ، چىرا كەنتىدىكى ئاھالىنى روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈشكە مەجبۇرلىدى، يەرلىك خەلق يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ ئۇستىدىن ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلدى. شۇ چاغدا قەشقەرنى تىزگىنلەپ تۇرغان گىلاۋفوينىڭ ئاقساقىلى بىيەن يۈڭخۇ، ۋېي دېشى قاتارلىقلار چىرا خەلقىنىڭ روسىيىلىكلەرنىڭ يولسىزلىقلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ناھايىتى قوللاپ يەكەننىڭ مەسلىھەتچى سانغۇنى شۇڭ گاۋشېڭ ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى جاۋداشېڭنى چىراغا بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇدۇن خەلقى سېيتنى جازالاشنى تەلەپ قىلغاندا، سېيت ئۆزىنىڭ چوماقچىلىرىنى ئوق چىقىرىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە بۇيرۇپ شۇ مەيداندىلا جۇ شۇتاڭ ۋە ئىككى ئەسكەرنى، بىر قانچە ئاممىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، بىر كىشىنى ياريلاندۇردى. ھەر مىللەت خەلقى مۇنداق زوراۋانلىق ھەرىكىتىگە چىداپ تۇرالمىدى، سۈپۈرگە دېگەن ئادەم بىلىكىدە قىزىل لاتا باغلىغان خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەپ، قوللىرىغا كالتەك، نەيزە، كەتمەن قاتارلىق ياراقلارنى ئېلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، شۇ مەيداندىلا باسمىچىلاردىن 29 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، سېيىنىڭ ھويلا-قورولىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى، سېيت ئايالچە ياسىنىپ، قاراڭغۇدا ھويلىسىنىڭ ئارقا تېمىدىن تۆشۈك ئېچىپ قەشقەرگە قېچىپ بېرىپ كونسۇلخانىغا كىرىۋالدى. غەزەبلەنگەن ئاممىا بۇ پۇرسەتتىن

پايدىلىنىپ چارروسىيىنىڭ چېرادا قانۇنسىز قويغان شاڭيۇ تەشكىلاتلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، چارروسىيە قانۇنسىز ھالدا ئاچقان روسىيىلىكلەر مەكتەپلىرىنى تاقىدى، چېرا خەلقىنىڭ ھەققانىي كۆرەشى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

لېكىن يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتى چارروسىيىنىڭ ھەيۋىسى ئالدىدا چېرا خەلقىگە ساتقىنلىق قىلىپ، چارروسىيىنىڭ ناماقۇل بولۇش، قاتىللارنى جازالاش، نەپەقە بېرىش قاتارلىق تەلەپلىرىگە ماقۇل بولدى. چارروسىيە ھۆكۈمىتى شىمالىي مىلىتارسلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئىنساپسىزلىق قىلدى، 8-ئاينىڭ 26-كۈنى كېچىدە، چارروسىيە قوشۇنلىرى تەپ تارتماي قەشقەر شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىنى پارتلىتىپ، شەھەرگە كىرىپ خالىغىنىچە ئىغۋارگەرچىلىك قىلدى. تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئۆكتەملىكى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ساتقىنلىقى ئالدىدا، ھەر مىللەت شىنجاڭ خەلقى باتۇرانە كۈرەش قىلدى. يۈەن شىكەي ۋە ياڭ زېڭشىن "ۋەقە تۇغدۇرغۇچى" شۇڭ گاۋشىڭ قاتارلىقلارنى تۇتۇپ جازالىماقچى بولغاندا، گۇما، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى ۋەتەنپەرۋەر ئارمىيە-خەلق داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، زەمبىرەك ئېتىپ شوڭ گاۋشىڭ قاتارلىق كىشىلەرنى كۈتۈۋېلىپ، قەھرىمانلارغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى. چارروسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى بىلىسىن چېراغا "ماتېرىيال" توپلاشقا بارغاندا، شۇ جايدىكى ۋەتەنپەرۋەر كوماندىر-جەڭچىلەر ئاشكارا قارشى تۇردى. خوتەن، قەشقەرلەردىكى ھەر مىللەت خەلقى غەزەپ بىلەن قارشى تۇرغاچقا، چارروسىيە ئىلىمىزنىڭ 180 ئەمەلدار-پۇقراسىنى ئۆلتۈرۈپ بېرىش كېرەك دېگەن يولسىز تەلىپىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى.

1913-يىلى 2-ئايدا چېرا كەنتى ۋەقەسى تۈگىرىسىدا قەشقەردە سوت ئېچىلدى. ئاتالمىش "داۋاگەر"سوكوۋ قاتارلىق 26 يالغان روسىيە مۇھاجىرىنىڭ ئادىدا، "جاۋابكار" شوڭ گاۋشىڭ قاتارلىق 70 نەچچە

ۋەتەنپەرۋەر ئەمەلدار ۋە پۇقرا پاكىت قويۇپ سېيىت قاتارلىقلارنىڭ تۇرلۇك جىنايەتلىرىنى غەزەب بىلەن ئەيىبلىدى. سوكۇف قاتارلىقلار پولاتتەك پاكىتلار ئالدىدا زۇۋانى تۇتۇلۇپ، رەسۋا بولدى، دەۋەگەردىن جاۋابكارغا ئايلانغان سوكۇف چىچاڭشىپ، پاراكەندىچىلىك سالغاچقا، سوت توختىتىلدى. لېكىن شىمالىي مىللىتارىسلار ھۆكۈمىتى چاررۇسىيىنىڭ تەھدىتى ئالدىدا خوتەننىڭ ئايماق بېگى تاڭ يۈنجۇڭ بىلەن نىيە ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شېن يۇڭچېڭنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى، ئۇلارغا جەرىمانە قويدى؛ شوڭ گاۋشېڭغا 12 يىللىق قاماق جازاسى، جاۋ داشېڭغا ئالتە يىل ئېغىر ئەمگەك جازاسى بەردى، چىرادىكى سۈپۈرگە دېگەن ئادەمنىڭ باشچىلىقىدىكى تۆت ۋەتەنپەرۋە پۇقراغىمۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا، تۆت يىلدىن ئون يىلغىچە ئېغىر ئەمگەك جازاسى بەردى. جۇڭگو يەنە تېخى چاررۇسىيىگە 70 مىڭ سەر كۆمۈش تۆلەپ بەردى.

چىرا خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈش كۈرىشى گەرچە ئادالەتسىزلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر مىللەت خەلقى تىز پۈكمىدى. كېيىن قەشقەر، خوتەن، گۇما، قاغىلىق، يەكەن ۋە ئىلى، ئالتايلاردىكى ھەر مىللەت ئاممىسىمۇ چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئۇچۇن يۇقىرىقىدەك كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. چىرادىكى ۋەتەنپەرۋەر پۇقرالارنىڭ ئاقساقىلى سۈپۈرگە دېگەن ئادەم جازا مۇددىتى توشۇپ ئائىلىسىگە قايتقاندا، پۈتۈن يۇرتتىكى چوڭ-كىچىك، ياش-قىرىلار ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى، بەزى كىشىلەر 300 چاقىرىم يول يۈرۈپ خوتەنگە بېرىپ ئالدىغا چىقتى. سۈپۈرگە قاتارلىق كىشىلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە يەرلىك خەلق بىلەن بىللە داۋاملىق چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىپ كەتتى. گۇما قاتارلىق جايلاردىكى ئالدىنىپ روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەتكەن بىر مۇنچىلىغان جۇڭگولۇقلار چاررۇسىيىنىڭ جىنايى ئەپتى-بەشىرىسىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن

چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق جىنايەتلىرىنى غەزەپ بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، ئارقا-ئارقىدىن جۇڭگو تەۋەلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. 1915-يىلى ئۈدۈندىكى ھەر مىللەت خەلقى چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىپ، بۇ تاجاۋۇزچىلارنى روسىيىگە قوغلىۋېتىش توغرىسىدا ئاشكارا بايانات ئېلان قىلدى. شۇ يىلى 4-،5-ئايلاردا چارروسىيە ئالتاي رايونىدىكى سارسۇمبە، قابا، بۇرچىن تەۋەسىگە قانۇنسىز ھالدا زور تۈركۈم مۇستەملىكىچىلەرنى كۆچۈردى، ئۇلار تېرىلغۇ يەرلەر، ئوتلاقلارنى تىزگىنلەپ، ئۇلاقلارنى بۇلاپ، سۇ مەنبەلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ خەلقنى بۇزەك قىلغاندا، ھەر مىللەت خەلقى قوزغىلىپ قارشى تۇرۇپ، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا تاجاۋۇزچىلارغا قارشى كۈرەش قىلدى.

قىسقىسى، بۇ بىر تارىخىي مەزگىلدە شىمالىي مىللىتارىس ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇق سىياسىتى ۋە شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللىتارىسلارنىڭ كالۋالىقى تۈپەيلىدىن، چارروسىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا بولغان تاجاۋۇزچىلىقنى كېڭەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئەنئەنىسىگە ئىگە ھەر مىللەت شىنجاڭ خەلقى ئىچكى جايلاردىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە تېخىمۇ زور باتۇرلۇق بىلەن تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلىنىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئىسسىق قېنى ئەزىز جېنى بىلەن قوغداپ، چارروسىيىنىڭ جۇڭگونى پارچىلاش، شىنجاڭنى ئىشغال قىلىۋېلىش خام خىيالىنى تارمار قىلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى تارىخىدا شانلىق سەھىپە ئاچتى. بۇ تارىخىي پاكىتلار ئېنىقى ئىپادىلەيدۇكى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش يولىدا، زوراۋانلاردىن قورقماي، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشتەك شەرىپلىك ئەنئەنىسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان 1840-يىلىدىن 1932-يىلىغىچە بولغان 100 يىلغا يېقىن تارىختىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ھەر مىللەت شىنجاڭ خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتەنگە تەلپۈنۈپ، ئىسسىق قېنى ۋە ئېزىز جېنى ئارقىلىق تۇرلۇك مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغىدىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مول ئىنقىلابىي كۈرەش تەجرىبىلىرىنى توپلاپ كېيىنكى چاغلاردىكى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالدى.

2. 1933-يىلىدىكى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نىڭ گۇمران بولىشى

20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىنىڭ باشلىرىدا جاھانگىرلارنىڭ پىلانلىشى بىلەن، شىنجاڭدا پانئىسلامىزمنىڭ بىر ئوچۇم تەرغىباتچىلىرى جۇڭگونى پارچىلاشتەك رەزىل ئۈيۈننى ئويناپ، "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" دېگەن نېمىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ رەزىل ئويۇن باشلىنىشى بىلەنلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدۇ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەققانىي كۈرىشى تېزدىن قوزغالدى. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئويۇنى يېرىم يىلغا بارماي ئاخىرلاشتى. بۇ يېقىنقى زاماندا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن زور غەلىبە. بۇ كۈرەشتە پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزم شىنجاڭغا تارقىلىپ پەيدا قىلغان ئېغىر ئاقىۋەت بىر قەدەر تولۇق ئاشكارىلاندى. شۇڭا بىز گەپنى ئالدى بىلەن پانئىسلامىزم ۋە

پانتۈركىزمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىدىن باشلايمىز.

(1) پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنىڭ پەيدا بولۇشى

پانئىسلامىزم 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پەيدا بولغان، ئۇنىڭ ئاساسچىسى ئافغانىستانلىق جامالىدىن. دەسلەپتە غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ زوراۋانلىقى ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ شەرق مەدەنىيىتىگە بەرگەن زەربىسى شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلارنىڭ دىن قارىشىنىڭ سۇسلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان، كۆرگەن جامالىدىندا ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ئىدىيىسى بىخلانغان ۋە شەكىللەنگەن ھەمدە ئۇ تەدرىجىي پانئىسلامىزمنى شەكىللەندۈرۈپ، بارلىق مۇسۇلمانلار بىرلىشىپ، بىرلىككە كەلگەن ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. جامالىدىن تارقاتقان پانئىسلامىزم مىللەتتىن، سىنىپتىن، دالەتتىن ھالقىغان تار دىن قارىشى بولۇپ، ئۇنىڭدا فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇشمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. شۇڭا كېيىنكى چاغلاردا پانئىسلامىزم فېئودال كۈچلەر ۋە جاھانگىرلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىدىكى ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تالان-تاراج قىلىشىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەت ۋە مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىنتىلىشتەك كىچىككىنە نۇرىنىمۇ يوقىتىپ قويىدى. لېنىن پانئىسلامىزمنىڭ سىنىپى ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇ "ياۋروپا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى ئازادلىق ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ، خاقان، پومېشچىك، موللا قاتارلىقلارنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەشكە ئۇرۇنۇش" قورالى( ) دەپ قارىغانىدى. ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر پانئىسلامىزمنى بۇ دۆلەتلەرنى پارچىلاشتىكى ئىدىيىۋى قورال قىلىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ بىرلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزدى.

www.uyghurweb.net

پانتۈركىزمۇ پانئىسلامىزمغا ئوخشاشلا بۇرژۇئا شوۋىنىزمى پىكىر ئېقىمى. پانتۈركىزم تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان بارلىق مىللەتلەرنى ئوسمانلى تۈرككە بىرلەشتۈرۈپ، چوڭ تۈرك ئىمپېرىيىسى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئۇنىڭ دائىرىسىنى بىرسپۇرۇس بوغۇزىدىن ئالتاي تاغلىرىغىچە، ھەتتا ئوتتۇرا دېڭىز، تىنچ ئاكيانغىچە كېڭەيتىپ، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ 16-ئەسىردىكى گۈللەنگەن دەۋرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خام خىيال قىلىدۇ. پانتۈركىزم ئەڭ بۇرۇن 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ياۋروپادا، بولۇپمۇ چاروسىيە زېمىنىدىكى تاتارلار ئارىسىدا پەيدا بولغان. پانتۈركىزم ئىدىيىسى دەل ئوسمانلى تەركىنىڭ فېئودال-پومېشچىكلار سىنىپى ۋە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سىياسىي ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلگەچكە، ئوسمانلى تۈركتە يىلتىز تارتقان ھەمدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تاقالغان. ۋەھالەنكى، دۇنيادا ئەزەلدىن تۈرك بىر كۆچمەن قەبىلە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولغان، تاڭ سۇلالىسىغا كەلگەندە شەرقىي، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ گۇمران بولۇشى بىلەن تۈركىي قەبىلىلەر ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ، تۈركلەر تەرەققىي قىلىپ يېقىنقى زامان مىللىتىگە ئايلىنىش تارىخىي پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان، ئەسلىدىكى تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى قەبىلىلەر ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يولىغا ماڭغان. ئۇنداق بولسا، ئۇلار پانتۈركىزمنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۈچەپ تەرغىب قىلىدۇ؟ دەل ئېنگېلس پانئىسلامىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغاندا دېگەندەك، "پانئىسلامىزم مەۋجۇت بولمىغان سلاۋىيان مىللىتىدىن ئىبارەت بۇ نىقاب ئاستىدا، دۇنيا زومىگەرلىكىنى تالىشىدىغان ئالدامچىلىق پىلانى بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ ۋە روسىيىلىكلەرنىڭمۇ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز."( ) شۇڭا بىزمۇ شۇنداق دېيەلەيمىزكى، پانتۈركىزم مەۋجۇت بولمىغان تۈركىي مىللەتتىن ئىبارەت بۇ نىقاب ئاستىدا ئوسمان ئىمپېرىيىسى تارىخىي چۈشىنى قايتا چۈشەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چوڭ تۈرك

ئىمپېرىيىسى قۇرۇشنى تەرغىپ قىلىدىغان ئالدامچىلىق پىلانىدۇر.
بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم بىر خىل ئەكسىيەتچىل پىكىر ئېقىمى بولۇپ، ئۇ جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق سىياستىنى يولغا قويۇش ئېھتىياجىنى قاندۇردى. شۇڭا انئىسلامىزم، پانتۈركىزم قەپەزدىن چىققاندىن كېيىن جاھانگىر دۆلەتلەر بۇ ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە كۆچەپ سىڭدۈردى. جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى ئۇلارنىڭ مۇھىم نىشانى بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى شىنجاڭدا گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ، ئالتوپىلاڭ پەيدا قىلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئۇزاق مۇددەت خەۋپ يەتكۈزدى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

(2) پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنىڭ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشى ۋە شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ پەيدا بولۇشى
شىنجاڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغان كۆپ مىللەتلىك رايون، شىنجاڭدا كۆپ ساندىكى مىلەتلەر ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلىدۇ. پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم پەيدا بولغاندىن كېيىن، جاھانگىرلار ۋە تۈركىيە پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى شىنجاڭغا كۆچەپ تارقاتتى. 19-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا، پانتۈركىزمنى ئەڭ بالدۇر تارقاتقان گاسپىرنىسكىي چىقارغان"تەرجىمە گېزىتى"ژۇرلىنى شىنجاڭغا ئېقىپ كىرگەن. 1915-، 1916- يىللىرى گېرمانىيىلىك فون ھېنتىخ باشچىلىقىدىكى ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى ئافغانىستان، روسىيە ۋە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغا پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان كىتابچىلاردىن كېيىن، دۇنيا ۋەزىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. جاھانگىرلار ياش سوۋېت دۆلىتىگە قارشى

www.uyghurweb.net

تۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ۋە ئۇنى پارچىلاش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا ئىدىيە، مەدەنىيەت جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشنى تېزلەتتى، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى ھەدەپ تارقىتىش بولدى. ئاساسلىق سىڭىپ كىرىش ئۇسۇلى مەكتەپ ئېچىش، ياش ـ ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارغا پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنى ئاشكارە سىڭدۈرۈش بولدى. 1914-يىلى 2-ئايدا تۈركىيىلىك پانئىسلامىزمچى ئەھمەد كامال تۈركىيە "بىرلىك ۋە تەرەققىيات پارتىيىسى" (پانتۈركىزمنى ئەسەبىيلەرچە تەرغىپ قىلغۇچىلار پارتىيىسى) نىڭ كاتتا بېشى مۇھەممەد تاراشاننىڭ ھاۋالىسى بىلەن شىنجاڭدىكى ئاتۇشقا كېلىپ، ھەر مىللەت ياش ـ ئۆسمۈرلىرىنىڭ ۋەتەن قارىشىنى سۇسلاشتۇرۇپ، جۇڭگونى پارچىلاش يولىدا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەكتەپ ئېچىش نامى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى ھەدەپ سىڭدۈرگەن، ئۇقۇغۇچىلارنى ئوسمانلى تۈرك سۇلتانىنى ئۆز اھىسى دەپ بىلىشكە، ئوسمانلى تۈرك خەلىپىسىنى ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئاتىسى دەپ بىلىشكە زورلىغان. ھەتتا ناخشا ئېيتقاندىمۇ تۈركىيە ناخشىلىرىنى ئېيتقۇزغان، بۇنىڭدىن باشقا يەنە تاتارلار، تۈركلەر كۆچا، يەكەن، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا مەكتەپ ئېچىپ، پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى تارقاتقان. ئەينى چاغدا چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركومنى قوبۇل قىلغان، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ئىلىدا "تۇران" مەكتىپى ئېچىپ، "ئەجدادىمىز تۈرك، ۋەتىنىمىز تۈركىيە" دەپ ھەدەپ داۋراڭ سالغان. بەزى ئوقۇغۇچىلار بۇ خىل ئەكسىيەتچىل پىكىر ئېقىمىنىڭ چىرىتىشى بىلەن پانتۈركىزمچى، پانئىسلامىزمچى بولۇپ كەتكەن، كېيىنكى كۈنلەردە "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" قورچاق ھۆكۈمىتىنىڭ كاتتىۋېشى بولغان سابىت داموللا ئاتۇشتا مۇشۇنداق تەربىيە كۆرگەن.

مەكتەپ ئاچقاندىن سىرت، ئۇلار يەنە دىنىي پائالىيەتتىن پايدىلىنىپ دىنىي دەرس ئۆتۈپ، پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى تاقىتىپ، ھەدەپ قۇتراتقۇلۇق قىلغان ۋە ئاممىنى قايمۇقتۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلار يەنە شىنجاڭدىن مەككىگە ھەج قىلىشقا برغانلار ياكى تۈركىيە، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئوقۇش، تىجارەت قىلىش، ئىشلەش ئۈچۈن بارغانلار ئارىسىدا پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزم تەشۋىقاتى ئېلىپ بارغان.

جاھانگىرلار جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغا ئىدىيە، مەدەنىيەت جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشنى چوڭقۇرلاشتۇرغاچقا، 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرى شىنجاڭدا مەسئۇد، سابىت داموللا، مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىق پانتۈركىزمچى، پانئىسلامىزمچىلار تەدرىجىي پەيدا بولدى، ئۇلار ھەدەپ پۇرسەت تېپىپ ۋەتەننى پارچىلاش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1930-يىلى سابىت داموللا بىلەن مۇھەممەت ئىمىن غۇلجىدا تونۇشتى، ئۇلار ھەمنەپەس بولۇپ، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرىۋېتىپ، "مۇستەقىل" دۆلەت قۇرۇش سۇيىقەستىدە بولدى.

(3) جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ۋە شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى قالايمىقان بولۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئارقا-ئارقىدىن سەھنىدە ئۆزىنى كۆرسىتىشى

1928-يىلى جىن شۇرېن "7-ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى"نى باستۇرغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيەتلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزدى. ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى ۋە ئەزدى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كەمسىتىش، تالان-تاراج قىلىشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. 1931- يىلى قۇمۇل دېھقانلىرى ئالدى بىلەن قورالىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇنىڭ بىلەن جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش توختىمىدى.

مالىمانچىلىق يىللىرىدا، دۆلەت ئىچكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىپ، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدىن ئايرىپ چىقىپ، جاھانگىرلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرماقچى بولدى. 1933-يىلى 1-ئايدا كۈچادىكى ھامىللارنىڭ باشلىقى تۆمۈر قۇمۇل دېھقانىرىنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى كۆرىشىگە ئاۋاز قوشۇپ، كۈچادا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، كۈچا شەھىرىنى ئىگىلىدى، ئارقىدىن بۇگۇر، باينى ئالدى، 2-ئاينىڭ 5-كۈنى ئاقسۇ شەھىرىنى ئىگىلىدى ھەمدە قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشقا پائال تەييارلىق كۆردى، شۇ جەرياندا ئۇ "مۇسۇلمانلارنى گۇللۇندۇرۇپ، خەنزۇلارنى يوقىتىمىز"، ئىسلام دۆلىتى" قۇرىمىز دېگەندەك بۆلگۈنچىلىك تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ چاغدا خوتەندىكى پانتۈركىزمچى، پانئىسلامىزمچى مۇھەممەت ئىمىن قۇمۇل قوزغىلىڭىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تاقەتسىزلىك بىلەن چوڭ ئىنىسى ئابدۇللانى قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ تەپسىلاتى شۇنىڭدەك جايلاردىكى جىڭ شۇرېنغا قارشى كۆرەش ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن تىڭشىلىق قىلىش نامى بىلەن ئۈرۈمچى، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇھەممەت ئىمىن قارىقاش ناھىيىسىدە بىر نەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ، 130 ئەزا قوبۇل قىلدى ھەمدە خۇپىيانە ھەر خىل قورال - ياراقلارنى ياسىدى. بۇ چاغدا سابىت داموللا ھىندىستاندىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەنىدى. ئىككىيلەن يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ، بۇنى ئۇلار 1930-يىلى غۇلجىدا قولغا كەلتۈرگەن ئورتاق تونۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان پەيت دەپ قارىدى، سابىت داموللا مۇھەممەت ئىمىن پىلانلىغان ھەرىكەتنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى، 1932-يىلىنىڭ ئاخىرى ئابدۇللا خوتەنگە قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا قۇمۇل قوزغىلىڭى ۋە تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردىكى خەلقنىڭ جىن شۇرېنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئەھۋالى شۇنىڭدەك يول بويىدىكى جايلارنىڭ ئىجتىمائىي داۋالغۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. ئۇزۇن

ئۆتمەي كۆچاردا تۆمۈر قوزغىلىڭى پاتلاپ، ئۇلارغا زور ئىلھام بەردى، مۇھەممەت ئىمىن ۋە سابىت داموللا ھەرىكەت قىلىدىغان پەيت پىشىپ يېتىلدى دەپ قارىدى. جىن شۇرېن ھىندىستاندىن ئەكەلدۈرگەن بىر تۈركۈم ئوق - دورىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، 1933-يىلى 2-ئاينىڭ 15-كۈنى قارىقاشتا قوزغىلاڭ كۆتۈردى، ئارقىدىنلا مۇھەممەت ئىمىن قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ خوتەنگە ھۇجۇم قىلدى، يول بويى قوشۇننى ئۇزلۇكسىز زورايتىپ، ناھايىتى تېزلا خوتەن، كېرىيە قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىدى. خوتەننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، مۇھەممەت ئىمىن بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت "خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى" تەشكىل قىلدى، يەرلىك مەشھۇر دىنىي زات مۇھەممەت نىياز ھۆكۈمەت باشلىقلىقىغا سايلاندى، مۇھەممەت ئىمىن "ئەمىر"لىككە تەيىنلىنىپ، ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل بولدى، سابىت داموللا دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل بولدى، ئۇلار غالجىرلىق بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. "خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى" قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەسكەر چىقىرىپ، مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئىنىسى شامەنسۇر ۋە سابىت داموللىنىڭ باشچىلىقىدا گۇما، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن قاتارلىق ناھىيىلەرگە ھۇجۇم قىلدى ھەمدە قەشقەرنى ئىگىلەپ، بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" قۇرۇش كويىدا بولدى.

(4) "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نىڭ قەپەزدىن چىقىشى ۋە گۇمران بولۇشى

جەنۇبىي شىنجاڭدا مالىمانچىلىق بولغان، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ھەرىكىتى كۆپەيگەن پەيتتە، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن دىققەت قىلدى. ئۇزۇندىن بېرى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى دۆلىتىمىزنىڭ

بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، مەملىكىتىمىز زېمىنى شىنجاڭنى ئايرىپ چىقىپ، "چوڭ شىنجاڭ دۆلىتى" قۇرۇش كويىدا بولۇۋاتاتتى. ئاتالمىش "چوڭ شىنجاڭ دۆلىتى" مەملىكىتىمىزنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ جەنۇبى، چىڭخەي، شىكاڭ(ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ غەربى)، يۈنەننەننىڭ غەربىي شىمالىي قاتارلىق كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي زېمىننى ئايرىپ چىقىپ قۇرماقچى بولغان "مۇستەقىل دۆلەت" تۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەنگلىيە يەنە جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىپ، ئۇنى ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، "چوڭ ئىسلام دۆلىتى"قۇرۇشنى پىلانلىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش ئەنگلىيىنىڭ ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىش ئومۇمىي ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنىڭ تەركىبىي قىسمى. شۇڭا سابىت داموللا، مۇھەممەت ئىمىن "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" قۇرۇشنى پىلانلىغاندا دەرھال ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. 1933-يىلى 8-ئايدا ئەنگلىيە ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئارقىلىق قەشقەرگە جاسۇس ئەۋەتتى، ھىندىستانلىق سودىگەرلەرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ساھە بىلەن قويۇق ئالاقىسى بارلىقىدەك پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئايرىم كىشىلەرنى ئەنگلىيىنىڭ جاسۇسلۇقى ۋە تەشۋىقاتچىلىقىغا سېتىۋالدى، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى ھەدەپ تەرغىپ قىلدى، يەنە قەشقەردە "ياش تۈرك پارتىيىسى"نى دوراپ "ياش قەشقەر پارتىيىسى" قۇردى. بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى قوللاش ئۈچۈن ئەنگلىيە 510 مىڭ رۇبلى چىقىرىپ، ئۇنى پائالىيەت خىراجىتى قىلىپ بەردى. شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ دۇبەنى شىڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى مۇستەقىللىق ھەرىكىتى مەسىلىسى توغرىسىدا نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە يوللىغان دوكلاتىدا مۇنداق

دەپ كۆرسەتكەندى: "مەزكۇر قورچاق ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە بارلىق ئاساسلىق ھەرىكەتلىرىدە ئەنگلىيىنىڭ قولى بار، ئۇنىڭغا ئەنگلىيىنىڭ خوتەنگە ئەۋەتكەن ۋەكىلى ئاستىرىتتىن قوماندانلىق قىلىۋاتىدۇ".( )

ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، سابىت داموللا بىلەن مۇھەممەت ئىمىن بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى تېزلەتتى. 1933-يىل 5 - ئايدا تۆمۈر، سابىت داموللا قەشقەر ۋالى مەھكىمىسى قارمىقىدىكى قىرغىز مىللىي يىگىتىنىڭ يىگجاگى ئوسمان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى، تۆمۈر قەشقەر كونىشەھەرنى ئىگىلىدى. سابىت داموللا قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن شۇ جايدىكى ھەر قايسى قاتلام زاتلىرى بىلەن كۆرۈشتى، نۇتۇق سۆزلىدى، پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى تەرغىب قىلدى، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قۇتراتتى، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشنى تەرغىب قىلدى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك بايرىقىنى ئاشكارە كۆتۈرۈپ چىقىپ، كۈچىنىڭ بارىچە "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نى قۇراشتۇرۇپ چىقتى.

ئاتالمىش "تۈركىستان" تۈركلەر ئولتۇراقلاشقان ۋە ياشىغان جايلارنى كۆرسىتىدۇ، مىلادى 8-ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە بارلىققا كەلگەن، كېيىن تۈركىستاننىڭ دائىرىسى بارغانسېرى چوڭىيىپ، تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان بارلىق جايلارغا كېڭەيدى. 18-، 19-ئەسىردە روسىيە ۋە ياۋروپادىكى نۇرغۇن يازغۇچى تۈركىستاننى پامىر ئېگىزلىكىنى چېگرا قىلىپ، "غەربىي تۈركىستان" ۋە "شەرقىي تۈركىستان" دەپ ئايرىدى. چەت ئەللىكلەر

ئادەتتە شىنجاڭنىڭ جەنۇبى قىسمى ياكى شىنجاڭنىڭ ھەممىسىنى شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتايدۇ. شەرقىي تۈركىستان ئەسلىدە جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ ئىدى ، كېيىن جاھانگىرلار بۇ ئاتالغۇدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى جۇڭگونى پارچىلايدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇۋالدى. "شەرقىي تۈركىستان"دېگەن بۇ نام 20-ئەسىرنىڭ

20-، 30-يىللىرى شىنجاڭغا كىرگەن، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ دۆلەتنى پارچىلاش ئېھتىياجىغا باپ كەلگەچكە، سابىت داموللا قاتارلىقلار قەشقەرگە كىرگەندىن كېيىن تاقەتسىزلىك بىلەن "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھۆكۈمىتى"قۇرۇش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۆلگۈنچىلىك شۇئارىنى ھەرىكىتىدە كۆرسەتتى. ئەينى چاغدا تۆمۈر بىلەن خوتەن تەرەپ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ناھايىتى چوڭقۇر بولغاچقا، سابىت داموللىنىڭ تەشەببۇسى قوبۇل قىلىنمىغان 1933-يىلى 8-ئايدا، ماشىمىڭغا قاراشلىق ماجەنساڭ قىسمى تۆمۈرگە ھۇجۇم قىلدى ھەمدە ئۇنى ئۆلتۈردى. سابىت داموللا بىلەن ئوسمان يەنە بىرلىشىپ توققۇزاقنى قايتۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن سابىت داموللا ئەنگلىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ،"شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نى ياساپ چىقتى.

سابىت داموللا ئاتۇشتا تۇغۇلغان، كىچىكىدىن تارتىپلا ئىسلام دىنىدىن سىستېمىلىق تەربىيە ئالغان، كېيىن ئاتۇش، قەشقەردىكى مەشھۇر دىنىي زاتقا ئايلانغان. 1928-يىلىدىن كېيىن ئۇ يۇرتىدىن ئايرىلىپ، تارىم ئويمانلىقىنى بويلاپ شىمالغا مېڭىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى دىنىي مەكتەپلەردە خەلپەتلىك قىلغان، كېيىن يەنە ئىلىغا بېرىپ داۋاملىق دىنىي تەربىيە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1930-يىلىدىن كېيىن ئۇ ئافغانىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ ئۇقۇپ، پائىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئەنگلىيىنىڭ جاسۇسلۇق ئورگىنى بىلەن ئالاقە ئورناتقان، 1933-يىلىنىڭ باشلىرىدا ۋەتەنگە قايتىپ، مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ قارىقاشتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىنى قوللىغان ھەمدە خوتەن"ئىسلام ھۆكۈمىتى"نىڭ دىنىي مەسئۇل بولغان. ئارقىدىن ئۇ قوشۇن تارتىپ، تۆمۈر بىلەن بىرلىشىپ قەشقەرنى ئىگىلىگەن ھەمدە "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" قۇرۇشنى ئاكتىپ پىلانلىغان ، تۆمۈر ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولغاچقا، بۇ

بۆلگۈنچىلىك پىلانى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. تۆمۈر ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سابىت داموللا ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا دۆلەتنى پارچىلايدىغان قورچاق ھۆكۈمەت قۇراشتۇرۇپ چىقىشنى تېزلەتتى. ئۇ ئەكسىيەتچى فېئودال پومېشچىكلار ۋە يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلارنى ئەتراپىغا توپلاپ، ئاۋۋال "خوتەن ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىلىدىغان ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش ئىدارىسى"قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى قىلدى. كېيىن بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىسمىنى "خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى" قىلىپ ئۆزگەرتتى. 9- ئاينىڭ 10-كۈنى ئۇ يەنە ئۇنى "شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق جەمئىيىتى" دەپ ئۆزگەرتتى، ئۇ مەركۈر جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا "شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتى" قۇرۇش تەشەببۇسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۆلگۈنچىلىك ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى. سابىت داموللا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىسى غوجا نىيازنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە، بۆلگۈنچى ھۆكۈمەتنى پەردازلاش ئۈچۈن، ئۇ ئاقسۇغا ئادەم ئەۋەتىپ غوجا نىيازنى ھۆكۈمەتنىڭ "زۇڭتۇڭ"نى بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىشى ۋە رېژىسورلۇق قىلىش ئارقىسىدا، سابىت داموللىنىڭ جىددىي پىلانلىشى بىلەن، 1933-يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى كېچىدە ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"ئاخىرى ياسىلىپ قەپەزدىن چىقتى. غوجا نىياز كەلمىگەن بولسىمۇ يەنىلا "زۇڭتۇڭ"قىلىپ سايلاندى، سابىت داموللا "زۇڭلى"بولدى، بىر تۈركۈم فېئودال پومېشچىك، سودىگەر، يۇقىرى قاتلام دىنىي زات، پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچىلەر بۇ بۆلۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ئىگىلىدى. بۇ قورچاق ھاكىمىيەت "ئاساسىي قانۇن"، ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي پروگراممىسى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى ۋە

ۋازارەت، نازارەتلەرنى يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزدى. تەشكىلىي پروگراممىدا "شەرقىي تۈركىستان" "مەڭگۈ دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت" بولدى دەپ جاكارلىدى. نەنجىڭ ۋە خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشىنى، ئاخىرقى مەقسەتكە يېتىپ مەڭگۈ مۇستەقىل بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنىنتەلەپ قىلدى، بۇ پروگراما "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نىڭ سىپىى ئۆزىدىن بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قەيەردىن چىقىشى دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئېغىر ۋەقە ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت ئەنگلىيىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىشى ئارقىسىدا قۇرۇلغان، ئۇ قۇرۇلۇش بىلەنلا دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ساتتى، چەت ئەلنىڭ بېقىندىسى ۋە غالچىسى بولۇشنى راۋا كۆردى. ئۇنىڭ كاتتىبېشى سابىت داموللا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. سابىت داموللا ئافغانىستان پادىشاھى باتۇر مۇھەممەت دىنارغا يازغان خېتىدە نۇمۇسسىزلىق بىلەن "ئالىيلىرىنىڭ قورال ـ ياراق، توپ ـ زەمبىرەك، ئوق ـ دورا جەھەتتە بىزگە ياردەم بېرىشلىرىنى ئىلتىماس قىلىمىز. . . ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئالىيلىرى يېڭىلمەس قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ بىزگە ياردەم قىلغايلا. . . ئەگەر بىزنى ئۆزلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ياردىمىدىن مەھرۇم قىلىشنى خالىمىسىلا، ئۇنداقتا بىزنى يېتەكلەپ، ھېمايىلىرىگە ئالغايلا. . . " دېگەن.( )

بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى ھەدەپ تەرغىب قىلىپ، مىللەتچىلىك ئەسەبىيلىكىنى قۇترىتىپ، ئۇيغۇرلاردىن باشقا بارلىق مىللەتكە ئۆچمەنلىك قىلدى ۋە ئۇلارنى قىردى، ماجۇڭيىڭ (خۇيزۇ) كۈچلىرى ئۆزلىرى بىلەن

www.uyghurweb.net

قارشىلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ دىندىشى بولغان خۇيزۇلارغىمۇ چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچمەنلىك قىلىپ، "تۇڭگانلار خەنزۇلاردىنمۇ ئۆتە ئەشەددىي دۈشمىنىمىز"، "تۇڭگانلاردىن ئېھتىيات قىلىشىمىز، ئۇلارغا قەتئىي تاقابىل تۇرۇشىمىز، ھەرگىز يۈز - خاتىرە قىلماسلىقىمىز كېرەك" دەپ قارىدى. شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تەرەققىيات تارىخىنى كۈچەپ ئىنكار قىلدى، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىش تارىخىنى ئىنكار قىلدى، "سېرىق خەنزۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق، قارا تۇڭگانلارنىڭمۇ چوڭ مۇناسىۋىتى يوق، شەرقىي تۈركىستان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانى"( ) دەپ بىلجىرلىدى.

بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت دۆلەتنى ئىسلام دىنى بويىچە قۇرۇشنى، مەھكىمە شەرئى قۇرۇشنى جاكارلاپ، ھەر مىللەت خەلقىغە قالايمىقان تەن جازاسى بېرىپ، ھەدەپ زىيانكەشلىك قىلدى، شەرىئەت بويىچە يۈزگە چۈمبەل تارتمىغان ئاياللارنى ئۆلتۈردى.

بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت ۋەتەن ساتقۇچ فېئودال پومېشچىك سىنىپى ۋە يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى. شۇڭا ئۇ، قەپەسدىن چىقىشى بىلەنلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. خەلقنىڭ باج، ئىجارە تاپشۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ۋەقەلىرى بولۇپ تۇردى. بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت بىلەن قەشقەر ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان باشقا كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مۇرەككەپ ئىدى. شۇ چاغدا يېڭىشەھەرنى قەشقەر ۋالىسى ماشاۋۇ ۋە ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ماجەنساڭ ئىگىلەپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۇلار بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن كېلىشەلمەيتتى. شۇ چاغدا ئاقسۇنى ئىگىلەپ تۇرغان غوجا نىياز ئىنتايىن سىرلىق كۈچ ئىدى، غوجا نىياز قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدا باش كۆتىرىپ چىقىپ،

جىڭ شۇرېنغا قارشى كۈرەشنىڭ داھىسىغا ئايلاندى، بۇ كۈرەشتە ئۇ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، ماجۇڭيىڭنى گەنسۇدىن شىنجاڭغا باشلاپ كىردى، ئۇ ئەسلىدە ماجۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ جىڭ شۇرېنغا قارشى تۇرغان ئىدى، كېيىن ئۇلجا بۆلۈشمەي، دۈشمەنلىشىپ قالدى. 1933-يىلى "12-ئاپرىل" سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شىنجاڭغا شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلدى، ئۇ ماجۇڭيىڭغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلىنىڭ ياردىمىدە غوجىنىياز بىلەن سۈلھى قىلدى ھەمدە غوجانىيازنى جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غوجانىياز شىڭ شىسەي تەرەپتە تۇرۇپ ماجۇڭيىڭغا قارشى تۇردى، كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭدا ماجۇڭيىڭ بىلەن جەڭ قىلىپ زىيان تارتىپ، ئاقسۇغا چېكىندى. ئەينى چاغدىكى جەنۇبىي شىنجاڭدا غوجىنىيازنىڭ كۈچى بىرىنچى ئورۇندا تۇردۇ، دېيىشكە بولاتتى، شۇڭا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باشقا ھەرخىل كۈچلەر غوجىنىيازنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئۆز كۈچىنى زورايتىشنى ئويلايتتى. ھېلىقى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى، ئۇ قەپەسدىن چىقىشى بىلەنلا ئالدىراپ-تېنەپ غوجىنىيازنى "زۇڭتۇڭ"لۇققا كۆتۈرۈپ، غوجىنىيازنىڭ كۈچى ئارقىلىق بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتىنى قوغداش غەرىزىدە بولدى.

ماجەنساڭ قىسمىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، غوجىنىياز بىلەن مامۇت قوشۇن تارتىپ ئاتۇشتىن قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى، 1934-يىل 1-ئاينىڭ 13-كۈنى قەشقەرگە كىردى. غوجانىيازنىڭ ئادىمى كۆپ، قوراللىرى خىل بولغاچقا، ھەبىي جەھەتتە ناھايىتى تېزلا قەشقەرنى كونترول قىلدى. بۇ چاغدا يېڭىشەھەرنى ساقلاپ تۇرىۋاتقان ماجەنساڭ قىسمى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت ئۈچۈن تەھدىت بولىۋاتقان ئەڭ چوڭ قوراللىق كۈچ ئىدى، غوجىنىياز ماجۇڭيىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغاچقا، قەشقەر كونىشاھەرگە كىرگەندىن كېيىن

www.uyghurweb.net

ماجوڭيىڭ قارىمىقىدىكى ماجەنساڭغا ھۇجۇم قىلدى، يېڭىشەھەر خەۋپ ئىچىدە قالدى. ماجوڭيىڭ ماشىمىڭنى ئىككى مىڭ ئادەم بىلەن ماجەنساڭغا ياردەمگە ئەۋەتتى."خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى" ماشىمىڭ قىسمىنى توسۇش ئۈچۈن نۇرمەھەممەتنى 300 دىن كۆپرەك ئادەم بىلەن پەيزاۋات ناھىيىسىگە ماشىمىڭنىڭ قىسمىغا تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتتى. خوتەن قوشۇنى ماشىمىڭ قىسمى بىلەن تۇتۇشۇپلا مەغلۇپ بولدى، ماشىمىڭ قىسمى قاتمۇ ـ قات مۇداپىئەنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، قەشقەرگە كىرىدىغان يولنى ناھايىتى تېزلا ئاچتى. غوجىنىياز ماشىمىڭ قىسمىغا پەرۋا قىلماي ئۆزىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىنى باشلاپ، ئاۋۋال ماشىمىڭ قىسمىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يامانيا كەنتىدىكى بازىسىغا قارشى مۇداپىئە تۈزدى، غوجىنىياز ماشىمىڭ قىسمى بىلەن يېرىم كۈن قاتتىق جەڭ قىلدى، ئاخىرى دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي قەشقەر كونىشەھەرگە چېكىندى، ماشىمىڭ قىسمى يېڭىشەھەرگە كىرىپ ماجەساڭنى قورشاۋدىن قۇتقۇزدى. ماشىمىڭنىڭ يېڭىشەھەرگە كىرىشى بىلەن قەشقەر كونىشەھەر قالايمىقانلىشىپ كەتتى، سابىت داموللا ۋە ئۇنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى كەينى ـ كەينىدىن شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. غوجىنىياز بىلەن مامۇت قوشۇنىنى باشلاپ يېڭىسارغا چېكىندى. ئۇيغۇر قاتارلىق شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلىپ بۇ ئەكسىيەتچىل بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتكە قارشى تۇردى. 1934 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى 88 كۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۆلگۈنچى ھۆكۈمەت ـ "شەرقىي تەركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" يىمىرىلىپ، تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلاندى. تارىخ شەپقەتسىزلىك بىلەن شۇنى ئۇقتۇردىكى، شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك قىلىش كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى جەزمەن ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

www.uyghurweb.net

"شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"گۇمران بولغاندىن كېيىن سابىت داموللا ئىگىسىز قالغان لالما ئىتتەك نەمۇنە قاترىدى، يېمىسارغا بارغاندا، "خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى" قوشۇنىنىڭ كاتتىۋېشى نۇرمەھەممەت قوبۇل قىلمىدى، ئۇ ئامالسىز قېلىپ، يېڭىسار، يەكەن ئەتراپىدا مۆكۈنۈپ يۈردى، غوجىنىياز قوشۇنىنى باشلاپ قەشقەردىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، خوتەننىڭ كۆچى بىلەن بىرلىشىپ، ماشىمىڭ قىسمىغا تاقابىل تۇرماقچى بولغانىدى، لېكىن جايلار ئاۋاز قوشمىدى، پەيزاۋاتتا ماشىمىڭ قىسمى بىلەن يالغۇز جەڭ قىلىپ مەغلۇپ بولدى، غوجىنىياز ئاتۇشقا چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇلۇغچات ئارقىلىق جۇڭگو-سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئۆزىنى قايتىدىن ئوڭشىماقچى بولدى. چېگرا ئېغىزىدا ئۇ سوۋېت ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشتى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەلدارى ئۇنى ئەيىپلەپ: شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن ئىدىڭىز، نېمىشكە ۋەدىڭىزدە تۇرماي، ئەكسىچە قانۇنسىز "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"دە ۋەزىپە ئۆتەيسىز؟ دېدى. غوجىنىياز ئۆزىنى ئاقلاپ: بۇ ھۆكۈمەتنى مەن قۇرمىدىم، سابىت داموللىنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىگە قاتناشمىدىم دېدى. سوۋېت ئەمەلدارلىرى غوجانىيازنىڭ دېگەنلىرىنى دەلىللەش ئۈچۈن، سابىت داموللا قاتارلىق قورچاق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى تۇتۇپ بەرسە ئاندىن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. غوجىنىياز ئۆركەشتامدىن ئايرىلىپ، ئوپال ئارقىلىق يېڭىسارغا يېتىپ بېرىپ، ماموت بىلەن كۆرۈشتى. كېيىن ئۇلار زور كۈچ بىلەن سابىت داموللىلارنىڭ پېيىگە چۈشتى، ئۇنىڭ يەكەندە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. 1934-يىلى 4-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى غوجىنىياز يەكەندە سابىت داموللا ۋە قورچاق ھۆكۈمەتنىڭ بىر قانچە مىنىستىرىنى قولغا ئالدى. مۇھەممەت ئىمىن غوجىنىيازنىڭ قىلمىقىدىن قاتتىق نارازى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، قوشۇنى باشلاپ خوتەنگە كەتتى. غوجىنىياز

قوشۇنىنى باشلاپ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسىگە كېلىپ، قورچاق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى ماجۇڭيىڭغا قوغلاپ زەربە بېرىۋاتقان ئۆلكە ئارمىيىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى. سابىت داموللا ئۇرۇمچىگە يالاپ ئېلىپ كېتىلدى، كېيىن تۈرمىدە ئۆلۈپ، ئۆزىنىڭ نومۇسسىز ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى. غوجىنىياز سابىت داموللىنى تۇتقاندىن كېيىن سوۋېتنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. شىڭ شىسەي ئەمدىلا جاڭ پېيىۋەن، ماجۇڭيىڭنى مەغلۇب قىلغاچقا، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشكە توغرا كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەسلى غوجىنىياز بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى تۈزگەنىدى. شۇڭا شىڭ شىسەي ۋاقتىنچە غوجىنىيازدىن پايدىلىنىشنى قارار قىلىپ، غوجىنىيازنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى، ئۇنىڭ قىسمىنى شىنجاڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 6-شىسى قىلىپ ئۆزگەرتتى، مامۇتنى شىجاڭلىققا تەيىنلەپ، قەشقەردە تۇرغۇزدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۆلكە مەركىزى ــ ئۇرۇمچىنى قورشاپ تۇرغان ماجۇڭيىڭ قىسمى شىڭ شىسەيگە ياردەم بېرىشكە كەلگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدىن مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ چېكىنىپ قەشقەرگە باردى. 1934-يىل 7-ئايدا رېن خەنشۆەن، ماجۇڭيىڭ قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئەۋەتكەن خادىملارنىڭ ھىمايىسىدە چېگرىدىن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتتى، قالغان قىسمىغا ھەدىسىنىڭ يولدىشى ماخۇسەن قوماندانلىق قىلىپ خوتەندە تۇردى. بۇ چاغدا خوتەندە يەنە بىر بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت "ئىسلام پادىشاھلىقى" مەۋجۇت ئىدى. ماخۇسەن ئەسكەر باشلاپ بېرىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنى يوقاتتى، بۇ ھاكىمىيەتنىڭ باشلىقى، مىللىي بۆلگۈنچى مۇھەممەت ئىمىن چەت ئەلگە قېچىپ كېتىپ، داۋاملىق شىنجاڭنى پارچىلاش بىلەن شۇغۇللاندى.

مامۇت، ماخۇسەن قارا نىيەت، يامان ئادەملەر ئىدى، ئۇلار پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنى ياقلايتتى. شۇنداق بولغاچقا، شىنجاڭدا بۆلگۈچىلەر يەنىلا مەۋجۇت ئىدى.

(5) مامۇت، ما خۇسەن توپىلىڭىنى تىنجىتىپ، شىنجاڭنى پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلتۈرۈش

1934-يىلى 8-ئايدا غوجىنىياز ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولدى، قىسمىنى ئۆزىنىڭ يېقىنى مامۇتنىڭ باشچىلىقىدا قەشقەرنى مۇداپىئە قىلىشقا قالدۇردى. مامۇت تۈرپان ئاستانىلىق چەك پومىشچىك ئىدى، ئەنگلىيىگە يېقىنلىشىش، شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ سوۋېتكە يېقىنلىشىش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلاتتى، ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىزم بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، كوممۇنىزم"دىنغا قارشى" دەپ قارايتتى. ئۇ شىنجاڭدا بىر مۇستەقىل ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇشنى ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسى قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزى قوللىغان "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" گۇمران بولغاندىن كېيىن، سابىت داموللىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، داۋاملىق قەشقەردە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. ئۇ دىنىي ئەسەبىيلىكنى ھەدەپ قۇترىتىپ، 6-شى شتابىدا مەسچىت سالدۇرۇپ، ھەر قانداق ئەھۋالدا، ھەر قانداق ئادەم بەش ۋاق ناماز ئوقۇشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى؛ ئۇ يەنە مەجبۇرى "ئۆشرە"، "زاكات" يىغىپ، ئۇنى مەكتەپ ئېچىشقا ئىشلىتىپ، مىللەتچىلىنى تەرغىپ قىلىپ، بۆلگۈنچى كۈچلەرنى يېتىشتۈردى؛ ئۇ دىنىنى قوغداش نامى بىلەن جۇڭگونى پارچىلاش سەپسەتىلىرىنى كۈچەپ تەرغىپ قىلىپ، قانداقتۇر "ئىسلام ئۇيغۇر دۆلىتى" قۇرىمەن دەپ جار سالدى؛ ئۇ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن يەنە مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلىدىغان "يېڭى ھايات

www.uyghurweb.net

گېزىتى" گە زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى، مۇشۇ گېزىت ئارقىلىق پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى تەرغىپ قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى بىر مەھەل ئەۋج ئالدۇردى. ماۋتىنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان تۇرلۇك ئېقىمغا قارشى ھەرىكەتلىرى شىڭ شىسەينىڭ قەشقەردىكى ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت بولدى، شۇنىڭ بىلەن شىڭشىسەي ماۋتىدىن ئىبارەت بۇ بۆلگۈنچى كۈچكە بىر قاتار چەكلەش تەدبىرى قوللاندى ھەمدە بۇ كۈچنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشقا تەييارلاندى. ھەربىي جەھەتتە، 1934-يىلى 9-ئايدا شىڭ شىسەي سوۋېتلىق شاۋجياڭ ژېنراكىننى 6-شىغا قىسىمنى مەشىق قىلدۇرۇشقا ئەۋەتتى، ژېنراكىننىڭ تەكلىپى بىلەن ماۋت ئۈچ ئوفىتسېرنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتتى، نەتىجىدە بۇ ئوفىتسېرلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل بولۇپ، ماۋتىنىڭ قىسمىدىن ئون نەچچە ئوفىتسېرنى ئۇرۇمچىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئېلىپ كېلىپ، كۆپ قېتىم قوبۇل قىلدى، ئۆزىگە تارتتى ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ "ئالتە بۈيۈك سىياسىتى" نى تەشۋىق قىلدى، بۇنىڭ بىلەن بۇ ئوفىتسېرلار مەيداننى ئۆزگەرتىپ، ھۆكۈمەتكە سادىق بولىدىغانلىقىنى، شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. شۇنداق قىلىپ ماۋتىنىڭ پۈتۈن شىنى قۇترىتىپ ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشى، بۆلگۈنچىلىك قىلىشى مۇمكىن بولماي قالدى. سىياسىي جەھەتتە، شىڭ شىسەي سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى ئەزاسى ۋاڭ باۋچيەننى (جاۋشى)قەشقەرنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى، قاۋۇل خادىملارنى قەشقەر ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، ماۋتىنى نازارەت قىلدى، چەكلىدى. 1935-يىلى سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى مەنسۇرنىڭ تەكلىپى بىلەن ھۆكۈمەت "يېڭى ھايات گېزىتى" نى ئۆتكۈزىۋالدى، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى ئاشكارا تەرغىپ قىلىدىغان

تىلنى يوقاتتى. بۇنىڭدىن باشقا شىڭ شىسەي يەنە قەشقەردە سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل زات غوپۇر داموللىنى يۆلەپ، ئۇنىڭ ئابرويىدىن پايدىلىنىپ ماھۇتنىڭ تەسىرىنى تۆگەتتى.
ماھۇت شىڭشىسەينىڭ غەرىزىنى بارا- بارا سېزىپ قېلىپ، خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى. ئەينى چاغدا ئۇ تېخى شىڭ شىسەيگە ئاشكارا قارشى تۇرۇشقا پېتىنالمايتتى، قوراللىق قارشىلىششقا ئاستىرتتىن پائال تەييارلىق كۆرىۋاتاتتى. ئۇ قول ئاستىدىكى ھۆكۈمەتكە مايىل ئۇنسۇرلارنى تازلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىچكى جەھەتتە قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى ئەكسىيەتچى دىنىي، فېئودال كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ، تاشقى جەھەتتە ئەنگلىيە، ياپونىيە جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. ئۇ ئابدۇللا بەگ داموللا ئارقىلىق ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ بىر مۇنچە پۇلىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ ھەتتا ياپونىيىگە خۇيىيانە ئەلچى ئەۋەتىپ، ياپونىيىنىڭ شىنجاڭغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، "مۇستەقىل" بولۇشىغا ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلماقچى بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇق ئەپتى - بەشىرىسىنى تولۇق ئاشكارىلىدى، لېكىن ئۇنىڭ ياپونىيىنى پانا تارتىش غەرىزى ئەۋەتكەن ئادىمىنىڭ يولدا توسۇلۇپ قېلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشمىدى. ماھۇت بىلەن شىڭ شىسەي ھۆكۈمەتتى ئوتتۇرسىدىكى زىددىيەت كۈنسېرى چوڭقۇرلاشتى. 1936-يىلى 5- ئايدا غوپۇر داموللا قەشقەردە ماھۇت ئەۋەتكەن ئادەملەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى.
غوپۇر داموللا قەشقەردە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە زات ئىدى. 1935- يىلى ئۇ 2- قېتىملىق شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئالتۇن ئوردىنغا ئېرىشكەنىدى. قەشقەرگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ ماھۇت بىلەن قارشىلىشىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى، ھەر مىللەت خەلقىنى

ھۆكۈمەتكە سادىق بولۇشقا چاقىردى، جاھانگىرلارنىڭ پىتنە-ئىغۋا ۋە سۈيقەستىنى پاش قىلدى. ئۇ مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى مۇھىم بىلىپ، ماھۇتنىڭ ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشتىن ئىبارەت نومۇسسىز قىلمىشىغا قارشى تۇردى. غوپۇرنىڭ ھەققانىي ھەرىكىتى ماھۇتقا ياقمىدى. 1936- يىلى 5- ئايدا شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى غوپۇر داموللىنىڭ ئۆمەك باشلىقى بولۇپ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكىسكۇرسىيە، زىيارەتكە بېرىشىنى قارار قىلدى. ماھۇت غوپۇر داموللا ئۆزىنى پۈتۈنلەي شىڭ شىسەيگە ئاتتى دەپ قاراپ، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئۆزىگە ئىنتايىن پايدىسىز ئىش دەپ قاراپ، غوپۇر داموللا ئۈرۈمچىگە مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى يوشۇرۇن ئۆلتۈردى. ماھۇت شىڭ شىسەينىڭ  ئۆزىگە يات ئارىدا قول سىلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى پىلانلاشنى تېزلەتتى، 1936-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ماھۇت توپىلاڭ كۆتىرىشىنى يەنە بىر قانچە قېتىم يوشۇرۇن پىلانلىدى، لېكىن بۇنىڭغا ھاكۇمەتكە مايىل بەزى ئوفىتسېرلار قارشى تۇردى ھەمدە ماھۇتنىڭ سۇيقەستىنى ھۆكۈمەتكە دوكلات قىلدى.

1937-يىلىنىڭ بېشىدا شىڭ شىسەي ئۆلكىلىك 3- قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىشنى باھانە قىلىپ، ماھۇتنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ يوقاتماقچى بولدى، ماھۇت بۇ سەپەرنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، ئۇ بىر تەرەپتىن، يالغاندىن ئۈرۈمچىگە بارماقچىمەن دەپ يۈردى، يەنە بىر تەرەپتىن، توپىلاڭ كۆتىرىشكە تەييارلاندى، ئىش ئەپلەشمەي قالسا، چەت ئەلگە قېچىپ كەتمەكچى بولدى.

1937- يىل 4- ئاينىڭ 2- كۈنى سەھەردە ماھۇت ئاقتۇغا ئوۋغا بېرىشنى باھانە قىلىپ، 6-شى شتابى تۇرۇشلۇق جايدىن تۇيدۇرماي چىقىپ يېڭىسارغا باردى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، باج ئىدارىسى

www.uyghurweb.net

قاتارلىق جايلاردىكى پۇل، ماللارنى بۇلىغاندىن كېيىن يەكەنگە قاراپ يولغا چىقتى. يەكەندە ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمى، 4- تۇڭگاننىڭ مۇئاۋىن تۇەنجاڭى بورسوق نىيازنى تۇەنجاڭ سايىم، ھاكىم ئەخمەتجاننى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى، يەكەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، باج ئىدارىسى، بانكىدىكى پۇل، ئالتۇنلارنى، شۇنىڭدەك خەلقنىڭ مال ـ مۈلكى، ئاتلىرىنى بۇلىدى، ناھىيە بازىرىدىكى خەنزۇلارنىڭ ھەممىسىنى دېگىدەك ئۆلتۈردى. ئۇ يەكەننى بازار قىلىپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىپ، قەشقەر كونىشەھەر، يېڭىشەھەرگە قايتا ھۇجۇم قىلىپ، "ئىسلام ئۇيغۇر مۇستەقىل دۆلىتى" قۇرۇش خام خىيالىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پىلانلىدى. لېكىن بۆلگۈنچىلىك كىشىلەر كۆڭلىگە ياقمىدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، ئەسكەرلەرمۇ ئۇنىڭغا جېنىنى سېلىپ بېرىشكە ئۇنىمىدى، ئۇنىڭ ۋەتەننى پارچىلاش سۇيىقەستى تېزدىن ۋەيران بولدى، تاغلاردىن ئۆتۈپ، راداق، كەشمىر ئارقىلىق ھىندىستانغا قاچتى. 1939-يىلى 12-ئايدا ئۇ يەنە ھىندىستاندىن ياپونىيىگە بېرىپ، ياپون جاھانگىرلىكىدىن پاناھلىق تىلىدى، توكيودا "شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى" قۇرۇپ، ئۆزى رەئىس بولۇپ، داۋاملىق ۋەتەننى پارچىلاش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1944-يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بېيجىڭدا ئۆلدى.

مامۇت قوشۇن تارتىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، شىڭ شىسەي ماخۇسەننى قەشقەردىكى ئۆلكە ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ مامۇت توپىلىڭىنى باستۇرۇشقا بۇيرىدى. ماخۇسەن بىر قارا نىيەت ئىدى، ئۇ "ئاسىيلارغا ھەرگىز ئەگەشمەيدىغانلىقىنى"، "ئۇنى پۈتۈنلەي يوقىتىدىغانلىقىنى"( ) ئاشكارە بىلدۈرۈپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە مامۇتنىڭ قول ئاستىدىكى ئابدۇللا نىياز بىلەن خۇپىيانە تىل بىرىكتۈرۈپ، بىرلىكتە قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. ماخۇسەن قەشقەر كونىشەھەرنى ئىگىلەپ، يېڭىشەھەرنى قورشىۋېلىپ، ئۆلكىلىك

ھۆكۈمەتكە ئاشكارە قارشى تۇردى. ماخۇسەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئابدۇللا نىياز بىلەن بىرلىكتە ناھايىتى تېزلا پەيزاۋات، بارچۇق، مەكىت، ئۇچتۇرپاننى ئىگىلىدى ھەمدە ئاقسۇغا قىستاپ كېلىپ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىغا ناھايىتى چوڭ تەھدىت پەيدا قىلدى، ماخۇسەننىڭ سۈيقەستى ئەمەلگە ئاشسا، ماۋت قايتىپ كېلەتتى، "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" تىرىلەتتى. شۇڭا ماخۇسەن توپىلىڭىنى تىنجىتىش كېرەكىدى. شىڭ شىسەي ئىشقا سېلىشقا بولىدىغان ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ بارلىقىنى يۆتكىدى، ھەتتا ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئاتلىنىپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. كەسكىن جەڭدە ئىككى تەرەپتىن كۆپ ئادەم ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى، جەڭ قىل ئۇستىدە قالدى، ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىرى كۈچى يېتىشمىدى، شىڭ شىسەي ئامالسىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. 1937-يىلى 9-ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ماشىنىلاشقان قىسىمنىڭ بىر تۈمەننى ئەۋەتتى، ئۇلار 40 ئايروپىلان، 20 تانكىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا تورغات تاغ ئېغىزىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرىپ، ماخۇسەننىڭ 36-شىسىغا قاخشاتقۇچ زەربە بەردى. 10-ئايدا ماخۇسەن بىر مۇنچە ئالتۇننى ئېلىپ، ئاز ساندىكى يېقىنلىرىنى باشلاپ ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى، ماخۇسەن توپىلىڭى تىنجىتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدىكى دائىرە كۈچلىرى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلدى، شىنجاڭ پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

3 . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى

شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىپ، كومپارتىيە

بىلەن بىرلىشىپ، تەرەققىيپەرۋەر ئاساسىدىكى "جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پاك بولۇش، تىنچ ئۆتۈش، گۈللەندۈرۈش"تىن ئىبارەت مۇقىم بولدى، ئىقتىساد تەرەققىي قىلدى، مىللەتلەر بىر قەدەر ئىناق ئۆتتى، شىنجاڭ ئىككىنچى يەنئەن دەپ ئاتىلىپ، غايىلىك زاتلار ئىنتىلىدىغان جايغا ئايلاندى، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، شىڭ شىسەي مىللەتارىستلىق ئەپتىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ "ئالتە بۈيۈك سىياسەت" نىڭ ئورنىغا ئەكسىيەتچىل مۇستەبىتلىك، تېررورلۇق سىياسىتىنى دەسسىتىپ، كۆپ قېتىم ئاتالمىش "سۇيىقەست پىلانلاش، توپىلاڭ كۆتىرىش دېلوسى"نى پەيدا قىلىپ، ھەر مىللەت تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى خادىملىرىغا زەربە بەردى ۋە زىيانكەشلىك قىلدى. مىللىي مەسىلە جەھەتتە، شېڭ شىسەي دەسلەپكى مەزگىلدە يولغا قويۇلغان "مىللەتلەر باراۋەر"دېگەن سىياسەتنى بىكار قىلىپ دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىنى باستۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا رەھىمسىزلىك بىلەن زىيانكەشلىك قىلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر بولۇپمۇ تەرەققىيپەرۋەر زىيالىلار سىياسىي زىيانكەشلىككە چىداپ تۇرالماي، پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، يەر ئاستى تەشكىلاتلارنى مەخپىي قۇرۇپ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ۋەتەننى پارچىلاش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغان مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر خەلقنىڭ شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، ھەدەپ خەلقنى ئازدۇرۇپ ۋە قۇترىتىپ، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز قوينىدىن ئايرىپ چىقىشقا ئۇرۇندى. 1944-يىلى 8-ئايدا شېڭ شىسەي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانچىلىق-

ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولۇپ تەيىنلەندى. ۋۇجۇڭشىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇاتتۇردى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا، شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى ئىلى، تارباغتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايىتىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى پارتلىدى، بۇ تارىختا "ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى" دەپ ئاتالدى.

(1) مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشى

شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلمىغاچقا، دەسلەپكى مەزگىلدە ئۇنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى فېئودال كۈچلەر، يۇقىرى قاتلامدىكى دىنىي زاتلار ۋە مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ قولىدا ئىدى، شۇڭا گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش، مىللىي ئازادلىققا ئىنتىلىش داۋامىدا ئېغىر مىللىي بۆلگۈنچىلىك خاتالىقى يۈز بەردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئەڭ يۇقىرى رەھبىرى ئېلىخان تۆرە ئۇچىغا چىققان پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى ئىدى. ئۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستاندىن بولۇپ، دىندار ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئەكسىيەتچىل پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلغانلىقتىن، 1924-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان، ئۇ كېيىن شىنجاڭغا كېلىپ، تېۋىپلىك قىلىش، دىنىي تەشۋىق قىلىش نامى بىلەن مۇسۇلمان ئاممىسى ئارىسىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەشۋىق قىلغان. ئېلىخان تۆرە قاتارلىق مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ھەدەپ قۇترىتىشى ئارقىسىدا، قىسمەن ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە مىللىي ئۆچمەنلىك كەيپىياتى ئېغىر دەرىجىدە يامراپ كەتتى.

1944-يىلى 11-ئاينىڭ 7-كۈنى غۇلجىدا قوزغىلاڭ پارتلىدى، 12-كۈنى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئاھما شەھەر رايونىنى ئىگىلىدى، شۇ كۈنى "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى، ئېلىخان تۆرە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولدى."ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت"نىڭ ئەزالىرى ۋە ھەر قايسى تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ئىچىدە چوڭ چارۋىدارلار، چوڭ يومپېشچىكلار، يۇقىرى قاتلامدىكى دىنىي زاتلار قاتارلىق فېئودال كۈچلەر مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلىدى، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ناھايىتى ئاز ئىدى. 1945-يىلى 12-ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت غۇلجىدا ھەر مىللەت خەلقى ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىپ، "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" ھۆكۈمىتىنى رەسمىي قۇردى. ئېلىخان تۆرە چوڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۋېلىپ، جاھانغا پاتماي قالدى. ئۇ يىغىلىشلاردا ئاممىغا كۆپ قېتىم نوتۇق سۆزلەپ "بىزنىڭ دىنىمىز ئىسلام دىنى، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان"دېدى. ئۇ يەنە جېنىنىڭ باربىچە خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، مۇستەقىللىق يولىدا "غازات" قىلىشنى تەرغىب قىلىپ، "ئۆلمىسەك غازى، ئۆلسەك شېھىت بولىمىز"، "شەرقىي تۈركىستان بىزنىڭ ۋەتىنىمىز، بىزنىڭ پاك ئېمىنىمىزدا ختايلارغا (خەنزۇلارنى كۆرسىتىدۇ) ئورۇن يوق، ئۇلارنىڭ زېمىنى ئۈچ مىڭ 500 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سەددىچىن سېپىلىنىڭ نېرىسىدا"، مەن "يەتتە مىليون نوپۇسقا ئىگە دۆلەتنىڭ رەھبىرى"، "ختايلار شىنجاڭدىن يوقالسۇن، يول خىراجىتىنى مەن بېرىمەن"دەپ جار سالدى. بۇ ئەكسىيەتچىل داۋراڭلارنىڭ تەسىرى ناھايىتى يامان بولدى، ئۇنىڭ قۇترىتىشى ئارقىسىدا، بەزى جايلاردا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى، خەنزۇ ئاممىنى ئۆلتۈرۈش، خەنزۇ ئاياللىرىنى ھاقارەتلەش، خەنزۇ ئاممىنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاش ۋەقەلىرى يۈز بەردى. بىگۇناھ خەنزۇ ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكى ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى.

www.uyghurweb.net

(2) تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قارشى كۈرەش قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى

ئۈچ ۋىلايەتتىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ كۆپ قىسمى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئىتتىپاقنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان بولۇپ، نەزەر دائىرىسى كەڭ، كەلۇم ماركسىزملىق ساپاغا ئىگە كىشىلەر ئىدى، ئۇلار مىللەتلەر مەسىلىسىگە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا مۇئامىلە قىلاتتى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ كۈچى ناھايىتى ئاجىز ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن خۇلاسە چىقارغاندا: "بىزنىڭ مىللىي ھەرىكىتىمىزدىكى ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ دېھقانلار، لېكىن ئۇلار تامامەن فېئودال كۈچلەر ۋە دىنىي كۈچلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتىدۇ"( ) دېگەنىدى. تەرەققىيپەرۋەر زىيالىلار ھەرىكەتتە يېتەكچىلىك ھوقۇقىغا ئېرىشەلمىدى، ھەرىكەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى كونترول قىلالمىدى. لېكىن ئۇلار ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ خەنزۇ خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى قوغدىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر زىيالىلارنىڭ ئارىلىشىشى ئارقىسىدا، ھەربىي قوماندانلىق شتابى بۇلاڭچىلىق ۋە پاشىۋازلىق قىلغۇچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى جاكارلىدى. 1945- يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت پەۋقۇلئاددە ھەربىي سوتى كۈرەنى ھۇجۇم بىلەن ئالغاندىن كېيىن، نۇرغۇن بىگۇناھ خەنزۇ ئاممىسىنى ئۆلتۈرگەن لايۇساڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى. شۇ ۋاقىتتا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىنى ئۆتەۋاتقان ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىچكى ئىشلار نازارىتىدىكى خادىملارنى بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى تېزدىن توسۇشقا بۇيرىدى، ھەمدە ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نامىدا غۇلجا، قورغاس، چىڭسىخوزا، لوسىگۇڭ قاتارلىق جايلاردىكى خەنزۇ

ئامىللىرىغا قوغدىنىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى، ئۇ يەنە جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمىغا قارىماي، ئۆزى بىۋاستە بەزى خەنزۇ ئامىمىسىنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ قوغدىدى ھەمدە بەزى خەنزۇ ئامىمىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ قويىدۇرۇۋەتكەن، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ناھايىتى ئاز ساندىكى خەنزۇ ئامىمىسىنى قوغداپ قالالىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ توغرا يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلدى، ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ھەققانىي ھەرىكىتى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلىرىنىڭ زىتىغا تەككەنلىكتىن، ئۇ ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. 1945-يىل 5-ئايدا، "ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت" خەنزۇ ئامىمىسىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۇلارنى ھەرقايسى ناھىيىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا يىغدى، شەرقتىكى بەش ناھىيىدىكى 1000 دىن ئارتۇق خەنزۇ ئامىمىسىنى چاپچال ناھىيىسىگە، غەربتىكى تۆت ناھىيىدىكى 2000 دىن ئارتۇق خەنزۇ ئامىمىسىنى كۇرەگە يىغدى. 9-ئايدا "ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت" سۇيدۇڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە تەستىق يوليورۇقى بېرىپ، كۇرەگە كۆچۈپ كەتمىگەن، ھېلىھەم لوسۇگۇڭدا ئولتۇرۇشلۇق 57 خەنزۇ ئائىلىسىنىڭ چارۋىسى، مال - مۈلكى ۋە ئاشلىقىنى مۇسادىر قىلماسلىقنى قارار قىلدى.

ئالتايدا بىر مەھەل خەنزۇ خەلقىنى ئۆزىنىڭ شەخسى ئىشىغا سېلىش، خەنزۇ پۇقرالىرىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈش ئىشلىرى يۈز بەردى. بۇنىڭغا قارىتا 1945-يىل 11-ئاينىڭ 17-كۈنى ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى دەلىلقان سۇگۇرباييوف ئىمزا قويغان 23-نومۇرلۇق "خەنزۇ ئامىمىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش توغرىسىدىكى قارار"نى ئېلان قىلدى:

(1) ئورگان، قىسىم ياكى شەخسلەرنىڭ خەنزۇ ئامىمىسىنى ئۆزىنىڭ ئەمگىكىگە سېلىشى مەنئىي قىلىنىدۇ.

(2) خەنزۇ پۇقرالارنى خالىغانچە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئەھۋالى بايقالسا، كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزدى دەپ قارىلىپ، جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.
(3) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر ئۆز ناھىيىسىدىكى خەنزۇلارنىڭ سانىنى ستاتىستىكا قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.
(4) ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا ھۆكۈمەت مۇۋاپىق ۋاقىتتا خەنزۇ پۇقرالارنى ئەمگەككە سېلىشقا ھوقۇقلۇق. لېكىن، ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئەمگەك ھەققى بېرىشى كېرەك.
(5) ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئورگانلارنىڭ خەنزۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆز مەيلىچە مۇسادىرە قىلىشى قاتتىق مەنئىي قىلىنىدۇ، ئەگەر خەنزۇلار ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك مال ـ مۈلۈكنى يەنىلا ئىگىلەپ تۇرغان بولسا، سوت قارار قىلغاندىن كېيىن مۇسادىرە قىلىشقا بولىدۇ.
(6) مەزكۇر قارارنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشقا ۋىلايەتلىك ئىچكى ئىشلار باشقارمىسى بىلەن سوت مەھكىمىسى مەسئۇل بولىدۇ.( ) بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر زىيالىلار خەنزۇ ئاممىسىنى تىرىشىپ قوغدىغاندىن سىرت، بەزى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتكە كېلىپ خەنزۇ پۇقرالىرىنى قوغدىدى. ئۇلار ئۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تۈپتىن يوقىتالمىسىمۇ، ئەمما مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ زىيىنىنى مەلۇم دەرىجىدە يەڭگىللەتتى، لېكىن ئۇلار قانداقلا بولمىسۇن مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارىشى تۇرۇش كۈرىشىدە قىممەتلىك بىر قەدەمنى باستى.
1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئۈرۈمچىگە 150كىلومېتىرلا كېلىدىغان ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى، گومىنداڭ تېزدىن زور قوشۇننى شەرقىي قىرغاقنى قوغداشقا ئەۋەتتى، ئىككى تەرەپ دەريانىڭ ئىككى

www.uyghurweb.net

قىرغىنقىدا تىركىشىپ تۇرۇپ قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياراشتۇرۇشى ئارقىسىدا، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىدى. بىتىمدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تولۇق دېموكراتىيە ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىك بەردى، ئۈچ ۋىلايەت "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى"نى بىكار قىلىپ، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. 1946-يىل 7-ئاينىڭ1-كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەسمىي قۇرۇلدى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش ئالدىدا، تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە قارشى تۇرىدىغان، بۆلگۈنچىلىك، مۇستەقىللىقتا چىڭ تۇرىدىغان ئېلىخان تۆرە قاتارلىق كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇلدى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەرلەر ئۈچ ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا ئالدى.

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ، ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ۋە خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش ئەھۋاللىرى يەنىلا ئېغىر دەرىجىدە ساقلاندى، بولۇپمۇ 1947-يىل 8-ئايدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن، بۇنداق ئىدىيە قايتىدىن يامراشقا باشلىدى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى بويلاپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك، تار مىللەتچىلىك جەھەتتىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىشكە باشلىدى ھەمدە بۇنىڭغا قارشى قەتئىي كۆرەش ئېلىپ باردى.

1946-يىل 8-ئاينىڭ 22-كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزالىرى سۆھبەت يىغىنىدا:"شەرقىي تۈركىستان بىر جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ، ئۇنى سىياسىي پائالىيەت

www.uyghurweb.net

نەزەرىيىسى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنى كىمكى سىياسىي پائالىيەت نەزەرىيىسى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنى كىمكى سىياسىي پائالىيەت نەزەرىيىسى قىلىۋالسا، ئۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دۈشمىنى يەنى پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ دۈشمىنى"، "شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، ئۈچ ۋىلايەت شىنجاڭنىڭ تەركىبىي قىسمى، . . . جۇڭگو بىزنىڭ ۋەتىنىمىز، بىزنىڭ ئانا يۇرتىمىز، بىزنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىمىز ئازادلىق،ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك"( ) دەپ كۆرسەتتى. بۇ سۆز ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەتتىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش مەيدانىنى شۇنداقلا ئۇلار رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كۈرەش يۆنىلىشىنى نامايەن قىلدى. 1947-يىل 2-ئاينىڭ 17-كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى ئۆتكۈزگەن ئاممىۋى يىغىندا بەزى كىشىلەرنىڭ داۋاملىق ھالدا شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، "مۇستەقىللىق"تەلەپ قىلىپ، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك قىلىش مەسىلىسىگە قارىتا كەسكىن قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "بىز مىللىي قۇرۇلتايدا( ) شىنجاڭدا مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، لېكىن بۇ مۇستەقىل بولۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. بىزنىڭ مۇھتاج بولۇۋاتقىنىمىز مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى، بۇ ھەرگىز بىر مىللەت بىلەن چەكلەنمەيدۇ . . . ئۇ يەنىلا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر بولۇشى ئاساسىدىكى مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى بولۇپ، بۇنىڭدا دېموكراتىك سىياسىنى يولغا قويۇش مەقسىتىگە يېتىش كۆزدە تۇتۇلغان. ئومۇمەن مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى پەقەت بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىل، ئەركىن بولۇشى، دەپ قارىلىدىكەن، بۇنداق قارىغان ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسى بەك خاتا بولغان بولىدۇ". ئۇ يەنە،

www.uyghurweb.net

ئېنىق ۋە كەسكىن قىلىپ مۇنداق دېدى: "تىنچلىق بېتىم" ئىمزالانغاندىن كېيىن ‹شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى› ھۆكۈمىتى ئۆز ئىززىتىنى ساقلاپ تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى... باشقا ۋىلايەتلەرگە ئوخشاش، بۇنىڭغا يەنىلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى... ئەگەر بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بەزىلەر يەنىلا ‹شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى›نى تەرغىپ قىلىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ "تىنچلىق بېتىم"غا قارشى تۇرغان بولىدۇ." "خەلقىمىز بۇگۈنكى كۈندە قانداقتۇر <شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى، ھۆكۈمىتى قۇرماقچى ئەمەس، شۇنداقلا ‹تىنچلىق بىتىم› نىڭ يولىغا قويۇلۇشىغا كاشىلا تۇغدۇرۇشقىمۇ ھەرگىز يول قويمايدۇ." ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئوبيېكتى مەسىلىسى توغرىسىدا ئەخمەتجان قاسىمى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "شۇنى بىلىش كېرەككى، مىللىتىمىزنىڭ دۈشمىنى خەنزۇلار ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى مۇستەبىت تۈزۈم شارائىتىدىكى خەنزۇ چىرىك ئەمەلدارلار. بىز بۇ ئىككىسىنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىمىساق، ھەتتا خاتا ھالدا خەنزۇلارنى دۈشمىنىمىز دەپ قارىساق بولمايدۇ." ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "بىزنىڭ بۇ قېتىمقى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز قايسى بىر مىللەتكە قارىتىلغان ھەرىكەت ئەمەس، بۇ قېتىمقى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئۆلكىمىزدە ھەقىقى مىللىي باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان ھەرىكەت، مۇستەبىت ھاكىمىيەت بىلەن چېتىشلىقى بولمىغان خەنزۇلار كۈتمىگەن يەردىن ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە زەربىگە ئۇچرىدى. گەرچە بۇ بەزىبىر ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قىلمىشى بولسىمۇ، لېكىن بىز بۇنداق ئىشنىڭ بولغانلىقىنى ئىنكار قىلمايمىز. . . بىزنىڭ دۈشمىنىمىز خەنزۇلار ئەمەس، بەلكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ھىمايىچىلىرى ۋە خەلق ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغان جاھىللار ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىرى" بۇنىڭدا خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش، خەنزۇلارغا

قارشى تۇرۇشتەك بارلىق خاتا ئىدىيىلەر ناھايىتى روشەن تەنقىدلەندى. ئاخىرىدا، ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە شۇنى ئۇقتۇردىكى: "خەلقىمىز شۇنى چۈشىنىشى لازىمكى، بۈگۈنكى كۈندە بىز خەنزۇلارغا ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە قارشى تۇرۇۋاتقىنىمىز يوق، ئەگەر بەزىلەر خەنزۇلارغا ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە قارشى تۇرىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇ "تىنچلىق بىتىم"غا ۋە "سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى"غا قارشى تۇرغان بولىدۇ، ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز ئەمەس. شۇڭا، "تىنچلىق بىتىم" دىن باشقا ھەر قانداق ھەرىكەتنى قەتئىي قوللىمايمىز".( )

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرى "مۇستەقىللىق"نى ئېنىق ئىنكار قىلىش بىلەن بىرگە، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە دېموكراتىيە، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشتەك ئىنقىلابى يۆنىلىشنى مۇئەييەنلەشتۈردى، بۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشىنىڭ ئىدىيىۋى نەزەرىيە ئاساسىي بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىدى. 1947-يىل 11-ئاينىڭ 19-كۈنى، ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى 80-نومۇرلۇق بۇيرۇق چىقىرىپ، ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىدىكى ھەر قايسى تارماقلار، ناھىيىلەرنىڭ ۋىۋىسكا، تامغا، ھۆججەتلىرى، ناملىرىدا شەرقىي تۈركىستان دېگەن سۆزنى بىردەك چىقىرىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى. 1948-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى قۇرۇلغان شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستان دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەي، شىنجاڭ دېگەن نامنى ئىشلەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى بۇنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: "سۆز ئەركىنلىكى بولۇش روھى بويىچە ئۆلكىمىزنىڭ جۇغراپىيىلىك نامىنى خالىغانچە ئاتاشقا بولىسىمۇ، لېكىن

سىياسىي جەھەتتە، تەرتىپ جەھەتتە ئۈنى شىنجاڭ دەپ ئاتاش كېرەك، بۇ ھەقتە شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى قۇرۇش يىغىنىدا مەخسۇس بەلگىلىمە چىقىرىلدى."( ) بۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى كادىر، ئاممىنى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئاڭلىق ھالدا قوغداشقا يېتەكلەش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي بىلەن پۈتكۈل جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇناسىۋىتىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىستىقبالى بىلەن پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىستىقبالىنىڭ مۇناسىۋىتىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن چۈشۈرۈش كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. شۇڭا، ئۈچ ۋىلايەت بۇ جەھەتتىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، نەزەرىيە جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1947-يىلى 6-ئايدىن باشلاپ ئىستراتېگىيىلىك ھۇجۇمغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتتىكى گېزىت - ژورناللاردا ئىچكىرى ئۆلكىدىكى جۇڭگو خەلقى ئازادلىق ئۇرۇشتا ئۇدا غەلىبە قىلىۋاتقانلىقى خەۋەر قىلىندى، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەر ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ يۈزلىنىشى ۋە جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە تېخىمۇ يېقىندىن دىققات قىلدى. 1949-يىلى 5-ئايدا، ئابدۇكېرىم ئاباسوف شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى ئاكتىپلىرى يىغىنىدا بەرگەن "نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلىرىمىز" دېگەن دوكلاتىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇناسىۋىتىنى مەخسۇس بايان قىلىپ، مۇنداق كۆرسەتتى: "بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز باشقا ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ۋەزىپىسى جەھەتتە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىغا ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مىللىي ئازادلىق

ھەرىكىتىنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل ۋە توغرا ھەل قىلىنىشى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقادىمۇ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق". "شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەر جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ ياردىمى ئاستىدىلا تېز سۈرئەت بىلەن ئۆز مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. شۈبھىسىزكى، جۇڭگو خەلق ئىنقىلابى غەلىبىگە ئېرىشكەن ئەھۋال ئاستىدىلا، شىنجاڭ خەلقى ئاندىن ئازادلىققا ئېرىشەلەيدۇ". شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەسىلىسى ئاندىن ئۈزۈل - كېسىل ۋە توغرا ھەل قىلىدۇ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىستىقبالى ئاندىن پارلاق بولىدۇ"( ) ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ بۇ بايانلىرى كەڭ كادىر، ئاممىغا چوڭقۇر تەربىيە بولدى، كەڭ كادىر، ئاممىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىچكىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتى مۇناسىۋەتلىك دەيدىغان قارىشى كۈچەيتىلدى، جوڭگو ئىنقىلابى ئومۇميلىق، شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قىسمەنلىك دەيدىغان تونۇشى ئۆستۈرۈلدى.

(3) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مىللىي مەسىلە جەھەتتە كۆرۈلگەن خاتالىقلار ئۈستىدە ئويلىنىپ ۋە ئۈنى تۈزىتىپ، توغرا مىللەت قارىشى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىسىغا تەربىيە بېرىلدى

1946-يىل 7-ئاينىڭ 31-كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى باسباي چولاقباي قاتارلىق كىشىلەرگە يازغان خېتىدە مۇنداق كۆرسەتتى:"خەلق دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسىگە شۇ جاي دائىرىسىدە ياشاپ تۇرغان خەلقنىڭ ھەممىسى كىرىشى كېرەك، شۇڭا خەنزۇ خەلقىمۇ شۇ جۈملىگە كىرىدۇ. . . خەلقىمىزدىكى بىر تەرەپلىمە قاراشنى تۈزەش لازىم. خەلقىمىزنىڭ بۇرۇندىن ئېزىلىپ كېلىشىگە خەنزۇ خەلقى ئەيىبلىك ئەمەس، بۇنىڭدا خەنزۇ

ئىستىبداتلىرى ئەيىبلىك. . . شۇنىڭ ئۈچۈن سىزلەرنىڭ ئامىمغا بولغان تەربىيە خىزمىتىگە ئارتۇقچە دىققەت قىلىشىڭىزلارنى ئۆتۈنىمەن".( ) بۇ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىشكە ۋە ئامىمغا تەربىيە بېرىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۈچ ۋىلايەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مىللىي مەسىلە جەھەتتە ئىدىيىنى تەرتىپكە سالدى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر خەنزۇ پۇقرالىرىنى ھاقارەتلەش، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈش ۋەقەلىرى يەنىلا ساقلىنىۋاتىدۇ، بۇنداق ئەھۋال مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزگە پايدىسىز، دەپ جىددىي كۆرسەتتى، ھەم سەمىمىي ھالدا مۇنداق دېدى "بىز سادىر قىلغان خاتالىقلىرىمىزنى يوشۇرمايمىز، بەلكى بۇ خاتالىقلىرىمىزنى پاش قىلىپ، بۇ خاتالىقلارنىڭ كۆرۈلۈشىدىكى مەنبەنى تېپىپ چىقىپ خاتالىقلارنى تۈگىتىشىمىز كېرەك".( ) خاتالىقلارنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا تەرەققىيپەرۋەرلەر مۇنداق دەپ قارىدى، ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مىللەتلەرنىڭ باراۋەر، ئەركىن تەرەققىي قىلىشىنى تېزلەتتى ھەمدە خەنزۇ پۇقرالىرىنىڭ مەنپەئىتىگە ئېغىر دەرىجىدە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزگەن ئۇنسۇرلارنى جازالاپ، مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتە مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1947-يىل 9-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە ۋە 10-ئاينىڭ ئاخىرلىرى، ئۈچ ۋىلايەت ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ موڭغول خەلق قۇرۇلتىيى ۋە شىبە-سولۇن "داغۇر) مىللەتلىرى قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى تەكىتلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنى پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، "تىنچلىق بىتىم"نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشقا چاقىردى. قۇرۇلتايدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا موڭغۇل مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى ۋە شىبە-سولۇن (داغۇر) مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت يەنە خەنزۇ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى ۋە قۇردى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز

پەرزەنتلىرىنى ئۆز تىلى بىلەن تەربىيىلەيدىغان مەكتەپلىرىنى قۇردى. 1949-يىل 4-ئاينىڭ 19-كۈنى، شىنجاڭ تىنچلىقىنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ 21-سانلىق يىغىنىدا خەنزۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، خەنزۇ مەكتەپلىرىنى كۆپەيتىپ ئېچىش، رەھىمجان سابىرھاجى، ئەنۋەر خانبابا، ئەسئەت ئىسھاقوۋ قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان مەخسۇس ھەيئەت تەشكىل قىلىپ بۇ خىزمەتكە مەسئۇل قىلىشنى قارار قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت يەنە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل-يېزىقىدا گېزىت-ژۇرنال چىقىرىشىغا ياردەم بەردى. 1945-يىل 5-ئايدا، غۇلجىدا ئۇيغۇرچە، قازاقچە، خەنزۇچە، روسچە، شىبەچە، موڭغۇلچە يېزىقتىكى ئالتە خىل گېزىت-ژۇرنال نەشىر قىلىندى، ئامالىنىڭ بارىچە ھەر مىللەت تىل - يېزىقىدىكى دەرسلىكلەر بېسىلدى، ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا ھەر مىللەتتىن بولغان مۇنەۋۋەر كادىرلار قوبۇل قىلىندى. جايلارنىڭ مەمۇرىي تارماقلارنىڭ بىرىنچى قولLUۇق، مۇئاۋىنلىق ۋەزىپىسىگە ۋە بۆلۈم، بۆلۈمچىلەرنىڭ خىزمەتچىلىكىگە شۇ جايدىكى نوپۇسى بىر قەدەر كۆپ بولغان مىللەتتىن بولغانلار قويۇلدى. 1948-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى شىنجاڭ تىنچلىقىنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن تارقىتىلغان بىرىنچى ھۆججەت يەنى "شىنجاڭ تىنچلىقىنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقىنىڭ پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە مۇراجىئەت"تە خەنزۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي ئىنقىلاب بىرلىك سېپىنى قۇرۇش تۈنجى قېتىم ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مۇنداق كۆرسىتىلدى:"ئىشىنىمىزكى، ئۆلكىمىزدە ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغول، خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۆزبېك ۋە باشقا مىللەتلەر نامرات، قالاق،ھوقۇقسىز بولغان قۇللۇق ئورنىغا مەڭگۈ خاتىمە بېرىش ئۈچۈن بىردەك ئىتتىپاقلىشىدىغان بولساق، شىنجاڭنى تىنچ، دوستانە، ئادىل، ھەققانىي، ئەركىن بولغان

جەمئىيەت قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز".( ) بۇ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتە سىياسىي جەھەتتە بىردەك باراۋەر ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ خەنزۇ ئاممىسى بىلەن خەنزۇ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىرىنى پەرقلەندۈرگەنلىكىنى ھەمدە خەنزۇ خەلقىنى مىللىي ئازادلىق بىرلىك سېپىنىڭ بىر ئەزاسى قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى خەنزۇ ئاممىسىغا زىيانكەشلىك قىلىشتەك قانۇنسىز قىلمىشلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ جايلاردىكى ئەدلىيە تارماقلىرىدىن كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ بۇنىڭغا قاتتىق زەربە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى 1948-يىل 1-ئاينىڭ 22-كۈنى چۆچەك ناھىيىلىك خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسىغا يازغان خېتىدە، تارباغاتايدا يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان، ئارقا-ئارقىدىن يۈز بەرگەن بىر قانچە قېتىملىق خەنزۇ ئاممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، مال-مۈلكىنى بۇلاش ۋەقەسىنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ خېتىدە مۇنداق كۆرسەتتى:"مەيلى قانداق ئادەم، قانداق مىللەت بولسۇن جۇملىدىن خەنزۇ خەلقى بولسۇن، ئۇلار قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. لودي، ۋاڭ خۋاۋېن، ۋاڭ ماۋسۇ قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن قاتىللار ئۆزلىرىنىڭ جىنايىتىگە ئاساسەن قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. بۇ ھەقتە مەن ئەدلىيە تارماقلىرىغا مەخسۇس يوليۇرۇق بەردىم. سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلاركى، قاچانلا بولمىسۇن، بۇنداق ۋەقە سادىر قىلغان قاتىللارنى ئەدلىيە تارماقلىرى قەتئىي جازالايدۇ، سىلەر بىزنىڭ قانۇن تارماقلىرىمىزنىڭ ھەقىقەتەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئادىل ئىش قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغايسىلەر".( )

1949-يىل 8-ئايدا، دېڭ لىچۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى سالاھىيىتى بىلەن شىنجاڭ غۇلجىغا كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى تەرىپىدىن قارشى ئېلىندى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار "جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ مۇرەككەپ ۋە مۇشكۇل ۋەزىيەتلەر ئىچىدە چەت-ياقا رايونلاردا ياشاۋاتقان خەلقنىڭ ئۆزلىرىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن ھەم ئالاقە باغلاشقا ئادەم ئەۋەتكەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇرسەن ئىكەنلىكىنى" بىلدۈردى. ( ) ئۇلار دېڭ لىچۈننىڭ خىزمىتىگە پائال ھەمكارلىشىپ، مەركەزگە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىنى دوكلات قىلدى ھەم يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىغا قاتنىشىش تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئۇلار رەئىس ماۋزېدۇڭ ئەۋەتكەن تەكلىپنامىدىكى "سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ" دېگەن سۆزدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۈچ ۋىلايەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابى تاشقىنىغا قوشۇلدى. 1949-يىل 10ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۆزلىگەن پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد نىشانى ئەمەلگە ئاشتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئاخىرى ھەقىقىي تۈردە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئازاد قىلىش توغرا يولىغا ماڭدى. دەرۋەقە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاش، تەرەققىي قىلىش جەريانىدا، بۆلگۈنچىلىك، مۇستەقىللىق، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشتەك ئېغىر خاتالىقلار سادىر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈچ ۋىلايەتتىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ رەھبەرلىكىدە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ كۈچلۈك بېسىمغا بەرداشلىق بېرىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قوغدالدى، بۇ تارىخىي تۆھپە مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

4 . ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ سوۋېتلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ تارمار قىلىنىشى

شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچى كۈچلەر شىنجاڭدىكى مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى توسۇشقا ئۇرۇندى. ئۇلار بارلىق پەسكەش نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى ھەدەپ قوزغاپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ قوزغاپ، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز قوينىدىن ئايرىپ چىقىشقا ئۇرۇندى. شۇڭا، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، شىنجاڭ بۆلگۈنچىلىك قىلىش بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەشكە دۇچ كەلدى.

(1) خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، "ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"تۆرەلمە پېتى ئۇجۇقتۇرۇلدى

1949-يىل 6-ئايدا، ليۇشياۋچى ئۆمەك باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى مەخپىي ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ زىيارەتتە بولدى، سۆھبەت جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ: ئامېرىكا جاھانگىرلىكى شىنجاڭغا قول تىقىپ، مابۇفاڭ باشچىلىقىدىكى غەربىي شىمال يەرلىك مىللىتارىست كۈچلىرىنى شىنجاڭغا چېكىندۈرۈپ، شۇ جايدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ، "بۈيۈك ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"قۇرۇشنى پىلانلاۋاتىدۇ، دېگەن ئاخباراتنى يەتكۈزدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇ سۈيقەستى ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، جۇڭگو ئىنقىلابىغا ناھايىتى زور خەۋپ يېتەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى، شىنجاڭنى ئازاد قىلىشتا توسالغۇ تېخىمۇ چوڭ بولاتتى. سوۋېت

www.uyghurweb.net

ئىتتىپاقى تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، جاھانگىرلىكنىڭ سۇيقەستىنى تارمار قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. لىيۇشياۋچى مەزكۇر ئاخپاراتنى رەئىس ماۋزېدۇڭغا مەلۇم قىلىپ، غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭغا مۇددەتتىن بۇرۇن يۈرۈش قىلىش تەكلىپىنى بەردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋجۇشى كەسكىن قارار چىقىرىپ، شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش مۇددىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ 1950-يىلىدىن 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىغا ئورۇنلاشتۇردى.

ئەينى ۋاقىتتا، ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پايكىستون ۋە مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنەن ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىپ، مابۇفاڭ ئاتارلىق ئەمەلىي كۈچى بار يەرلىك گۇرۇھلارنى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئۆزىگە تارتىپ ۋە سېتىۋېلىپ، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچى يولۋاس، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسالار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭنى ۋەتەن قوينىدىن ئايرىپ چىقىش سۇيقەستلىك ھەرىكىتىنى جىددى پىلانلاۋاتاتتى.

مابۇفاڭ ناھايىتى قارا نىيەت شەخس بولۇپ، ئۆزىنى غەربىي شىمالنىڭ خوجىسى دەپ ئاتىۋالغانىدى، ئۇنىڭ باشچىلىقىدا تەكشىللەنگەن "ماجەمەتى قوشۇنى" مۇئەييەن كۈچكە ئىگە بولۇپ، غەربىي شىمال ۋەزىيىتىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتەلەيتتى. 1949-يىل 5-ئاينىڭ 24-كۈنى، مابۇفاڭ جاڭ جىجۇڭنىڭ ئورنىغا گومىنداڭنىڭ غەربىي شىمال ھەربىي-مەمۇرىي ئەمەلدارى بولۇپ، غەربىي شىمالنىڭ ھەربىي-مەمۇرىي ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. مابۇفاڭ ئەزەلدىن شىنجاڭنى مېنىڭ كۈچ دائىرەمدىكى جاي، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بىز بىلەن ئوخشاش، ھەممىمىز مۇسۇلمان ھېسابلىنىمىز، شۇڭا ئاممىنى دىندىن پايدىلىنىپ ئاسانلا قۇتراتقىلى ۋە قايمۇقتۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى. مابۇفاڭ "شىنجاڭ مېنىڭ قولۇمدا، شىنجاڭدا قوشۇنۇم بار،

شىنجاڭ خەلقى گېپىمنى ئاڭلايدۇ، چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمانلار."( ) دېدى.

1949-يىلى يازدا، فۇمىي ئۇرۇشىدىن كېيىن، گومىنداڭ گېنېرالى خۇزۇڭنەننىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى قوشۇنى ھېشقانچە قالمىدى، مابۇفاڭنىڭ "ماجەمەتى قوشۇنى" ئاساسەن شۇ پېتى بولۇپ، 50 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بىلەن چىڭخەي، نىڭشىيا ۋە گەنسۇنىڭ قىسمەن جايلىرىنى كەنترول قىلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچىسى ئاتلىق ئەسكەر بولۇپ، ھەرىكەتچانلىقى كۈچلۈك ھەم مۇئەييەن جەڭگىۋارلىقتا ئىگە ئىدى، ئامېرىكىنىڭ كۆزى مابۇفاڭ چۈشتى، گومىنداڭمۇ دونى مابۇفاڭغا تىكىپ، ئۇنىڭدىن غەربىي شىمالدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. مابۇفاڭ بولسا چىڭ خەي، نىڭشىيادا كومپارتىيىگە تاقابىل تۇرۇپ، گەنسۇنى تېزگىنلەپ، شىنجاڭنى چېكىنىش يولى قىلىپ، چوڭ ئىشلارنى تەۋرەتمەكچى بولدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئاتلىق ئەسكەرلىرى 5-جۈننىڭ (كېيىن تەرەپكە سېلىپ ئاتلىق ئەسكەرلەر 1-شىسىغا ئۆزگەرتىلگەن) جۈنجاڭى ماچېڭشياڭ مابۇفاڭنىڭ جيەنى بولغاچقا، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ھوقۇقىنىمۇ ماجەمەتى قوشۇنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتاتتى. مابۇفاڭنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى ھوقۇقى ئەڭ كۈچلۈك ئىدى.

شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچى مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسالارمۇ گومىنداڭنىڭ ئەستۇنلۇكىنى قولدىن بېرىپ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈمىدىنى مابۇفاڭغا باغلىدى. 1949-يىل 6-ئايدا، يولۋاس لەنجۇغا بېرىپ مابۇفاڭنىڭ نىيىتىنى بىلىپ باقماقچى بولدى. مابۇفاڭ ئاللىبۇرۇن شىنجاڭغا چىشىنى بىلەپ تۇرغاچقا، ئىككى تەرەپ ئاسانلا پۈتۈشۈپ قالدى. شۇندىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر مابۇاڭ بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ كەتتى. يولۋاس گۇرۇھى يەنە ئەسكەر قوبۇل قىلىپ، ئات سېتىۋېلىپ، قورالىق تەشكىلات قۇرۇپ، ئاندىن

بۇرھان باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇش قەستىدە بولدى، يولۋاس بۇرھاننىڭ ئورنىدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىس، ماگوينىي خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى، مابۇفاڭ گورۇھى بىلەن زىچ ئالاقىسى بولغان جاڭ شاۋنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى قىلماقچى بولدى. بۇ سۈيقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەيسا 8-ئايدا ماچېڭشياڭنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا "شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوۋغا-سالىمىنى مابۇفاڭ جانابلىرىغا يەتكۈزۈش ئۆمىكى" تەشكىللەپ، ئۆزى ئۆمەك باشلىقى بولۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشۋىقات كومىتېتىغا قاراشلىق شىنجاڭ ناخشا-ئۇسۇل ئۆمىكىنى باشلاپ، ماچېڭشياڭنىڭ مەخسۇس ئاپتوموبىلى بىلەن لەنجۇغا باردى. ئەيسا مابۇفاڭغا توغ تەغدىم قىلدى ۋە 500 تۇياق جەڭ ئېتى، يەنە 100 مىڭ ئۇيغۇر ياشنى تەشكىللەپ مابۇفاڭغا ئەسكەرلىككە بەرمەكچى بولدى ھەمدە مابۇفاڭدىن جياڭ جېشىغا ئۆزلىرىنىڭ غەربىي شىمالدا بىر ئىسلام دىنى "مۇستەقىل دۆلەت"ى قۇرۇشىغا ئىجازەت بېرىشىنى ئېيتىپ بېقىشنى ئۆتۈندى. ماچېڭشياڭ مۇھەممەت ئىمىننىڭ "ئۇيغۇر ياشلىرى مەشق سىنىپى"قۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭغا "ئاتلىق ئەسكەرلەر 1-شىسى ساپىيولار لىيەنى" دەپ نام بەردى، ئۇلار ئۇرۇمچى ئەتراپىدىكى تۇدۇڭخابا رايونىدا مەخپىي مەشق ئېلىپ باردى.

ئامېرىكىمۇ ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىپ يېقىندىن ماسلاشتى. ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پايكىستون ۋە مۇئاۋىن كونسۇلى ماكىنەن ئوتتۇرىغا چىقىپ يىغىن ئېچىپ، قورال-ياراغ، ئوق-دورا تارقىتىپ، ئوسمان، جانىمقان قاتارلىق كىشىلەرنى قوراللىق توپىلاڭ قوزغاشقا كۈشكۈرتتى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ماۋزېدۇڭ ئىچكى-تاشقى دۈشمەن كۈچەرنىڭ سۈيقەستلىك ھەرىكىتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەربىي شىمالغا

www.uyghurweb.net

يۈرۈش قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، تېز جەڭ قىلىپ تېز غەلبە قىلىپ، دۈشمەن كۈچلەرنى يوقىتىشنى ھەمدە "ماجەمەتى قوشۇنى"نىڭ شىنجاڭغا قېچىپ كېلىۋېلىشىنى توسۇشنى قارار قىلدى. "خۇرۇڭنەن، مابۇفاڭنىڭ تەڭرى تېغىدىن ئۆتۈشكە يول قويماي"، دۈشمەننىڭ شىنجاڭنى بۆلىۋېلىش سۇيىقەستىنى تارمار قىلىش باش ئىستراتېگىيىلىك مەخسەت قىلىندى. ماۋزېدۇڭ پېڭ دېخۇەيگە تېلېگرامما بېرىپ، غەربىي شىمال جەڭ مەيدانىدا ئازاد قىلىنمىغان رايونلارغا يۈرۈش قىقلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش، يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، "ماجەمەتى قوشۇنى"نى شىنجاڭ چېگرىسى سىرتىدا يوقىتىش توغرىسىدا يوليۇرۇق بەردى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەقسىتىگە ئاساسەن، پېڭ دېخۇەي قوشۇنى ئىككى لىنىيە بويىچە قالدۇق دۈشمەنلەرنى تازلىرىدى. ئوڭ لىنىيە قوشۇنى، شۈگۇاڭدا بىلەن ۋاڭ شىتەينىڭ يېتەكچىلىكىدە، لىيۇپەنشەن تېغىدىن ئۆتۈپ، شىئەن-لىيەنجۇ تاشيولى بىلەن غەربىي شىمال ھەربىي-مەمۇرىي ئەمەدارلار مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاي لەنجۇغا قىستاپ كېلىپ، 5 كېچە-كۈندۈز جەڭ قىلىش ئارقىلىق، 8-ئاينىڭ 26-كۈنى لەنجۇنى ئېلىپ، مابۇفاڭ ئاساسىي قوشۇنىدىن 27 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى يوقاتتى، مابۇفاڭ ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ چىڭخەيگە قېچىپ بېرىپ كونا ئۇۋىسىنى چىڭ ساقلىماقچى بولدى. سول لىنىيە قوشۇنى 1-ئەسكەرلەر تۈەنى ۋاڭ جېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، باۋجى، تيەنشۈينى ئالغاندىن كېيىن، جەنۇبىي گەنسۇغا يۈرۈش قىلىپ، تاۋخې، خۇاڭخې دەرياسىدىن جەڭ بىلەن ئۆتۈپ، ئۇدۇل مابۇفاڭنىڭ كونا شىنىڭنى ئىگىلىدى. بۇ قېتىمقى ھەل قىلغۇچ جەڭنىڭ غەلبىسى غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. نىڭشيادىكى ماخوڭكۈينىڭ قالدۇق قىسىملىرى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كۈچلۈك زەربە بېرىشى ئاستىدا، 9-ئاينىڭ 20-كۈنى تېلېگرامما بېرىپ تەسلىم بولدى، 23-

كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يېنچۈنگە كىرىپ جايلاشتى. گومىنداڭنىڭ خۇزۇڭنەن، مابۇفاڭ قالدۇق قىسىملىرىدىن تەخمىنەن 40 مىڭدىن ئارتۇق كىشى خېشى كارىدورىدىكى جاڭيې- جيۇچۈەن ئەتراپىغا چېكىندى. خۇزۇڭنەن، مابۇفاڭ قالدۇق قىسىملىرىنى خېشى كارىدورىدا تولۇق يوقىتىپ، شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، سول لىنىيە قوشۇنى 1-ئەسكەرلەر تۈەنى شىنىڭدىن يولغا چىقىپ، 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق ساسلىقنى بېسىپ ئۆتۈپ، قار-شۇۋرغانلىق چىلىيەنشەن تېغىدىن ئۆتۈپ، بىۋاستە جاڭيىغا تېگىش قىلدى. ئوڭ لىنىيە قوشۇنى 2-ئەسكەرلەر تۈەنى لەنجۇدىن يولغا چىقىپ لەنجۇ — شىنجاڭ تاشيولى بىلەن غەربىي شىمالغا قاراپ قوغلاپ زەربە بېرىپ، يىل بويى قار ئېرىمەيدىغان ۋۇشاۋلىڭ چوققىسىدىن ئۆتۈپ، شەندەن ئارقىلىق 17كۈن تىز يول يۈرۈپ، 9-ئاينىڭ 21-كۈنى 1-ئەسكەرلەر تۈەنى بىلەن جاڭيىدا ئۇچرىشىپ، شىنجاڭغا قېچىپ كەلمەكچى بولغان دۈشمەننىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. رايونغا توپلاشقان گومىنداڭ قالدۇق قىسىملىرىدىكى 40 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ھەقىقەتكە قايتقانلىقى ۋە تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي شىمالدىكى شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيدىن ئىبارەت تۆت ئۆلكە ئازاد بولدى، شىنجاڭدىكى دۈشمەنلەر يېتىم قېلىپ چەت ئەلگە قاچتى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يۈمىنگۈەنگە يېتىپ باردى، شىنجاڭنىڭ ئازاد بولۇشىغا ساناقلىقلا كۈن قالدى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى ئارقىسىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئاكتىپ ماسلىشىپ، ئازادلىققا ئىنتىلىپ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى. تەرەققىيپەرۋەر زات بۇرھان شەھىدى بىر تەرەپتىن نۇرغۇن سۇرۇنلاردا ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەتەن بىرلىككە كېلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاق ئۆتكەندىلا، ئاندىن شىنجاڭ

ئىستىقبالغا ئىگە بولىدۇ دېگەن نۇقتىئىنەزەرىنى قايتا-قايتا چۈشەندۈردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىقلارنىڭ دۆلەتنى پارچىلاش سەپسەتىلىرىگە كەسكىن رەددىيە بېرىپ مۇنداق كۆرسەتتى: شىنجاڭ 2000 نەچچە يىلدىن بۇيان جۇڭگونىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلگەن، خۇددى جۇڭگو بىر مىللەتنىڭ جۇڭگوسى بولماستىن، بەلكى ھەر مىللەتنىڭ شىنجاڭى ئەمەس، بەلكى ھەر مىللەتنىڭ شىنجاڭى؛ مۇبادا شىنجاڭدا ئۇيغۇر مىللىتىدىن ئىبارەت بىرلا مىللەت بار دېسەك، شىنجاڭ دائىرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، چوڭ مىللەتچىلىك خاتالىقى سادىر قىلغان بولىمىز، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەرلىك مىللەتچىلىك، يەنى تار مىللەتچىلىك خاتالىقى سادىر قىلغان بولىمىز. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن گومىنداڭنىڭ ئۇرۇش تەرەپدارلىرى بىرلىشىپ سۇيىقەست ئىشلىتىپ، شىنجاڭنى بۆلۈۋېلىش مەقسىتىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، بۇرھان شەھىدى تەرەققىيپەرۋەر دېموكراتىك زات شۈجى ۋە يەر ئاستى تەرەققىيپەرۋەر ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ھەربىي ساھەدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە تارىخ ئېقىمىغا ماسلىشىپ، تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش يولىغا ماڭدى. شىنجاڭدىكى تەرەققىيپەرۋەر يەر ئاستى ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن جەڭگىۋارلار ئۇيۇشمىسى، ئاۋانگارتلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىقلارمۇ تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە گومىنداڭ قوشۇنىدىكى جاھىل ئۇنسۇرلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلدى. ئۇلار تەشۋىقات ۋەرىقى تارقىتىپ، گېزىت چىقىرىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ۋەزىيىتىنى، ماركسىزم، لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تۈرلۈك فاكچىن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىنچلىق ۋە

بىرلىككە ئىنتىلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، تاۋسىيۈ باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ قوشۇنى ۋە بۇرھان شەھىدى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ھەقىقەتكە قايىقانلىقىنى جاكارلىدى، نەتىجىدە شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇزاقتىن بېرى غالجىرلىشىپ كەتكەن مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، مەخسۇت، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىق بىر تۈركۈم كونا مىللىي بۆلگۈنچىلەر شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولدى.
ئامېرىكىنىڭ مابۇفاڭ باشلىقلىقىدىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەردىن پايدىلىنىپ مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى يېنىغا تارتىپ، شىنجاڭدا "بۈيۈك ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"قۇرماقچى بولغان سۇيىقەستى تېخى ئىشقا ئاشماي تۇرۇپلا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ زەربىسى ئارقىسىدا ئۇزۇل-كېسىل تارمار بولىدۇ.

(2) غۇلجا، موڭغۇلكۈرە، توققۇزتارا قاتارلىق جايلاردا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشى

ئامېرىكا جاھانگىرىدلىكىنىڭ شىنجاڭدا "ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" قۇرۇش سۇيىقەستى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە ھەدەپ قوراللىق توپىلاڭ قوزغاشنى پىلانلاپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشنى توسماقچى بولدى.
بۇ مەزگىلدە، شىمالىي شىنجاڭدىكى بەزى رايونلاردىمۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئىنتايىن ئەۋج ئېلىپ كەتتى. غۇلجىدا راخمانوف باشچىلىقىدىكى بۆلگۈنچىلىك قىلىش، توپىلاڭ قوزغاش ۋەقەسى يۈز بەردى. 1950-يىلىنىڭ باشلىرىدا، غۇلجىدا تۇرۇشلۇق

www.uyghurweb.net

5-ئارمىيە شەھەر مۇداپىئەسى يىغىنىنىڭ پەيجاڭى راخمانوف "پانتۈركىزم ئىسلام پارتىيىسىنىڭ ئىلى گۇرۇپپىسى"نى قۇردى. 3-ئاينىڭ 28-كۈنى، بۇ ئەكسىيەتچىل تەشكىلات غۇلجىنىڭ بەخىت باغچىسى مەھەللىسىدىكى مەھەللە باشلىقى مۇھەممەتنىڭ ئۆيىدە 1-قېتىملىق يىغىن ئېچىپ، قەسەم بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ھەمدە ئەزا قوبۇل قىلىپ، تەشكىلاتنى زورايتىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، غۇلجىدا ھەدەپ ئېغۋا، شوئار، تەشۋىقات ۋەرىقى تارقىتىپ، "كومپارتىيىنى يوقىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى"، "ئەجدادلىرىمىز شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، يۈلتۈز-ئاي تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى"دەپ جار سالدى. 7-ئاينىڭ باشلىرىدا، ئۇلار يەنە ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر، يۇقىرى قاتلامدىكى دىنىي ئۇنسۇرلار ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىپ كۈچ كۆرسىتىشكە قۇترىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايىتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېتىش كېرەك دەپ ئاشكارا جار سالدى. راخمانوف ئۆزىنىڭ سۇيىقەستى ئاشكارىلىنىپ قالغاندىن كېيىن ھەممىنى دوغا تىكىپ، 7-ئاينىڭ 26-كۈنى شەھەر مۇداپىئەسى يىغىدىن 100 كىشىنى ئاساس قىلىپ ھەمدە جەمئىيەتتىكى بىر تۈركۈم جىدەلخور لۈكچەكلەرنى يىغىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ قوزغىدى. ئۇلار ئىلى رايونىدىكى پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىرىمىزنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، بايانداي تۈرمىسىگە ۋە 5-ئارمىيىنىڭ ئەدلىيە باشقارمىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، قاماقتىكى جىنايەتچىلەرنى يىغىپ، باقىيوف قوماندانلىقىدىكى توپىلاڭچى 1-لىيەن بىلەن بىرلىشىپ، يەنە تاغدىكى باندىتلار بىلەن قوشۇلۇپ، توپىلاڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى پىلانلىغان ئىدى. بىز تەرەپ راخمانوفنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلىپ توپىلاڭ قوزغاش ھەرىكىتىنى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلغاندىن

كېيىن، دەرھال كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، توپىلاڭ قوزغىماقچى بولغان قوشۇننىڭ قورال-ياراغلىرىنى يىغىۋالدى ھەمدە باقىيوف قاتارلىق تاپانچ ئۇنسۇرلارنى قولغا ئالدى. راخمانوف 7-ئاينىڭ 24-كۈنى ئاسىيلىق قىلغان ئەسكەرلەرنى باشلاپ قورال-ياراغلارنى ئېلىپ غۇلجا شەھىرى ئەتراپىدىكى تۇرپانيۈزگە بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالدى ھەمدە ئۆزىنى قولغا ئالغىلى بارغان شەھەر مۇداپىئە يىغىنىنىڭ يېتەكچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئىلىنىڭ يېزىلىرىدا ئېقىپ يۈرۈپ، داۋاملىق مەخپىي ئەزا قوبۇل قىلىپ تەشكىلاتىنى كېڭەيتتى. ئۇ ئىلىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىلگىر-كېيىن بولۇپ سەككىز گۇرۇپپا قۇرۇپ، 1500 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئەزالىققا قوبۇل قىلدى. 8-ئاينىڭ 17-كۈنى، راخمانوف غۇلجا ناھىيىسىنىڭ قىشلاقتام كەنتىدىكى يەر ئاستى ئۆيدە قولغا چۈشتى ھەمدە ئۇنىڭ ئۆيىدىن 73 دىنە مىلتىق، 6 دانە پىلىموت، 91 دانە قىلىچ ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتقا قاتنىشىش قەسەمنامىسى، ئىلتىماسى، كىنىشكىسى قاتارلىق بىر تۈكۈم جىنايى پاكىتلار تېپىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبىسى يەنە ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرىنى غۇلجىغا يېتەكلەش-تەربىيە بېرىش خىزمىتى ئىشلەشكە ئەۋەتتى، كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى شىنجاڭ شۆبىسىگە ۋاكالىتەن بۇ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلغىلى غۇلجىغا باردى. تەشۋىقات-يېتەكلەش خىزمىتى ۋاقتىدا ئىشلەنگەچكە، كەڭ ئاممىا ھەقىقى ئەھۋالنى چۈشىنىپ، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىۋالدى. نەتىجىدە، بۇ بۆلگۈنچىلىك سۇيىقەستى ناھايىتى تېزلا تارمار قىلىنىپ، بىر قېتىملىق توپىلاڭ توسۇپ قېلىندى.

راخمانوفنىڭ قوراللىق توپىلىڭى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، 1950-يىل 8-ئاينىڭ 18-كۈنى، يەنە موڭغۇلكۈرەدە يەنە بىر قېتىم ئوسمانغا مۇناسىۋەتلىك ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز

بەردى. 1950-يىل 2-ئايدا، ئوسمان موڭغۇلكۇرەدە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا ئادەم ئەۋەتتى، ئۇلار شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئىدرىس نۇرباس (قاۋاق، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدا شىنجاڭغا كەلگەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان)، مامۇرقان (موڭغۇلكۇرە ناھىيىسى شاد رايونىنىڭ باشلىقى) بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ قوزغاش قەستىدە بولدى. 8-ئاينىڭ 18-كۈنى، 36 كىشىنى باشلاپ، 36 دانە مىلتىق، ئىككى دانە پىلىموتنى ئېلىپ، خەلقنىڭ ئاتلىرىنى بۇلاپ، ئاسىيلىق قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار شاد كەنتىگە چۈشۈپ 100 دىن ئارتۇق ئاممىنى يىغىپ يىغىن ئاچتى، توپىلاڭچى باندىتلارنىڭ تايانچىسى ئىدرىس ئۇستا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ:"بۇگۈن جۈمە، پۈتۈن شىنجاڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچىمىز"، "بىز ئۈچ ۋىلايەتتىكىلەرنىڭ ئىلگىرى ئىنقىلاپ قىلىشىمىزدىكى مەقسىدىمىز شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇش"دېدى ھەمدە زەھەرخەندىلىك بىلەن، "كومپارتىيە ئەخمەتجانلارغا قەست قىلدى، ئەمدى بىزنىمۇ ئېزىۋاتىدۇ"، "كومپارتىيە ھەممىگە رەھبەرلىك قىلىپ، بىزنى چەتكە قېقىۋاتىدۇ، بىزنى چەكلەپ قويۇۋاتىدۇ، مال-مۈلۈكىمىزنى مۇسادىر قىلىۋالدى، دىنىمىزنى يوقاتماقچى بولىۋاتىدۇ" دەپ ئېغىۋار توقۇدى، ئارقىدىنلا يەنە يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ:"ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاتوم بومبىسى تاشلىدى، بىز ئامېرىكىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرىمىز"دېدى، ۋەھاكازا. يەنە بىر توپىلاڭ تايانچىسى شاۋەلى داموللا:"بىز توپىلاڭ قوزغىمىساقمۇ، ئۇلار ئىككى يىلدىن كېيىن تۈگىشىدۇ"دەپ جار سالدى. توپىلاڭچى باندىتلار شاد كەنتىدە 200 دىن ئارتۇق ئادەنى يىغىپ توپىلاڭغا قاتناشتۇردى، ئۇلار ئۆزلىرىنى"ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ سادىق ئارمىيىسى"دەپ ئاتىدى، كېيىن ئاقسۇ كەنتىگە قېچىپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئاممىنى توپىلاڭغا قاتنىششقا داۋاملىق قۇتراتتى ۋە مەجبۇرلىدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىز بۇ توپىلاڭچىلارنى ئېغىر پالاكەتكە

www.uyghurweb.net

ئۇچراتقاندىن كېيىن ئۇلار نىلقا، تېكەس، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق ناھىيىلەرگە قېچىپ كەتتى. 1950-يىل 12-ئاينىڭ 24-كۈنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى ئارقىسىدا، بۇ باندىت توپىلاڭچىلارنى پۈتۈنلەي قورشاپ يوقىتىپ ياكى قولغا چۈشۈرۈپ، توپىلاڭنى ئۈزۈل-كېسىل تىنجىتتى.
موڭغۇلكۈرەدە يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ تىنجىتىلغاندىن كېيىن، 1951-يىل 10-ئاينىڭ 27-كۈنى، ئىلى ۋىلايىتى توققۇزتارا ناھىيىسىدە يەنە مالىك ھاجى باشچىلىقىدىكى ئەكسىيەتچىل چارۋىدار، پومېشچىك، زومىگەر، كەسپىي باندىتلار ۋە ئەكسىيەتچىل دىنىي كۈچلەر قوزغىغان ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز بەردى. مالىك ھاجى 41 باندىتنى يىغىپ، توققۇزتارا ناھىيىسى موخۇر يېزىسىدا دېھقانلار ئۆيۈشمىسىنىڭ مۇدىرى ئابدۇسايىتنى ۋە دېھقانلار ئۆيۈشمىسى ئەزاسى، ئامانلىق ساقلاش خادىملىرىدىن بولۇپ ئالتە كىشىنى باغلاپ قويدى، ئاندىن كېيىن باندىتلارنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ: "توققۇزتارا، تېكەس، كۈنەستە ئەتە بىر ۋاقىتتا توپىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ، بىز بىر تۇتاش ھەرىكەت قىلىشىمىز لازىم. كىمكى قاتنىششنى خالىمايدىكەن، ئۇنى ئۆلتۈرگەننىڭ سورىقى بولمايدۇ"، "ئامېرىكا قوشۇنى يېتىپ كەلدى، پۈتۈن دۇنيا قوزغالدى، ھەممىڭلار بىزگە ئەگىشىپ مېڭىشىڭلار كېرەك" دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلدى. ئارقىدىنلا مالىك ھاجى ئۆزىنى توپىلاڭنىڭ "باش قوماندانى"، ھەيدەرنى "مۇئاۋىن باش قوماندان" دەپ تەيىنلىدى. يىغىندا باندىتلار دىنىي قەسەم بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. شۇ چاغدا يىغىنغا 110 باندىت يىغىلدى، 1200 دىن ئارتۇق ئامما مەجبۇرىي قاتناشتۇرۇلدى. ئۇلار 10-ئاينىڭ 28-كۈنى سەھەردە توپىلاڭنى قوزغىدى. ئاۋۋال چارۋا بېقىۋاتقان يەرلىك ئازادلىق ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىپ تۆت ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، توققۇز دانە مىلتىقنى بۇلاپ كەتتى.

www.uyghurweb.net

توپىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىن، توققۇزتارا ناھىيىلىك پارتكوم بىر تەرەپتىن ئاممىنى باندىتلارنىڭ يوشۇرۇن زەربىسىدىن ساقلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئارمىيە-خەلقنىڭ زىچ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا ئۈچ كۈندىلا باندىتلارنىڭ كۆپىنچىسىنى يوقاتتى، 1952-يىل 1-ئاينىڭ 8-كۈنى قالغان باندىتلار خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن باي ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى تۈزلۈق سۇ جىلغىسى ۋە يۈرگىن ئەتراپىلىرىدا پۈتۈنلەي قورشاپ يوقىتىلدى، مالىك ھاجى قاتارلىق باندىتلار ئەسىرگە چۈشتى، توپىلاڭ پۈتۈنلەي تىنجىتىلدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بىر قانچە قېتىم ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پاچىلاش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش توپىلىڭى قوزغىغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا بىردەك تارمار بولدى. بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشىدە، ھەر مىللەت خەلقى كومپارتىيە ۋە ئازادلىق ئارمىيە تەرەپتە تۇرۇپ، خەۋەر يەتكۈزۈپ، يول باشلاپ، ئاخبارات يەتكۈزۈپ، توپىلاڭنى تىنجىتىشقا ئاكتىپ قاتناشتى. بەزى مىللىي كادىرلار باندىتلار تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەندە، قېچىپ چىققاندىن كېيىن ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ۋە ئازادلىق ئارمىيە تۇرۇشلۇق جايغا بېرىپ ئەھۋال مەلۇم قىلدى ھەمدە باندىتلارنى قورشاپ يوقىتىشقا پائال ھەمكارلاشتى. باندىتلار بارغانلىكى جايدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئۇلارنىڭ تەھدىت، ھەيۋىلىرىدىن قورقۇپ قالماي، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئەسكىلىك قىلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئۇلارنى يېتىم قالدۇردى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، يېڭى جۇڭگونىڭ مۇقىملىقى ۋە چېگرا رايوننىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

www.uyghurweb.net

5 . خوتەن خەلقىنىڭ 50-يىللاردا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى

1954-يىلى پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى. كەڭ دېھقانلار پومېشچىكلارنى كۈرەش بىلەن يوقىتىپ، يەرگە ئىگە بولدى، فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىكى ئاسارىتىدىن قۇتۇلدى، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئاشتى، لېكىن ئاغدۇرۇلغان ئەكسىيەتچى كۈچلەر مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، قولدىن كەتكەن جەننىتىنى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. خەلقئارادا جاھانگىرلار جۇڭگوغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە قامال قىلىشنى جىددىيلەشتۈردى، جياڭ جيېشى گۇرۇھى چوڭ قۇرۇقلۇققا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىمىز دەپ توختىماي جار سالدى. ئازادلىقتىن بۇرۇن چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن مىللىي بۆلگۈنچىلەرمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قۇتراتقۇلۇق قىلدى، ئۇلار خەت يېزىش، ئىشپيون ئەۋەتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، خوتەندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئاكتىپ ھالدا توپىلاڭ پىلانلاپ، ۋەتەننى پارچىلاپ، ئىسلام پادىشاھلىق دۆلىتى قۇرۇش كويىدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن، بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش خوتەندە قانات يېيىپ كەتتى.

(1) مۇھەممەت ئىمىننىڭ كۆلەڭگىسى

مۇھەممەت ئىمىن خوتەننىڭ لوپ ناھىيىسىدىن بولۇپ، جاھىل مىللىي بۆلۈۋۈنچى ئىدى. 1933-يىلى، ئۇ تەشكىللىگەن قورچاق ھۆكۈمەت مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن كەشمىرگە قېچىپ بېرىپ،

ۋەتەننى پارچىلاش ھەرىكىتى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىپ، شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىۋېتىش كويىدىلا بولۇپ كەلدى، ئۇ شىنجاڭ تارىخىنى قەستەن بۇرمىلاپ، "شەرقىي تۈركىستان تارىخى" دېگەن كىتابنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭنى ئايرىۋېلىشىغا تارىخىي "ئاساس" ئويدۇرۇپ چىقتى. كېيىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتتى. 1946- يىلى، شىنجاڭدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، ئۇ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەندى، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى، شۇنداق قىلىپ ئۇ ھوقۇقىغا تايىنىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى ھەدەپ تەرغىپ قىلىپ ھەمدە تۈركىزم ياشلار ئىتتىپاقى، ياشلار پارتىيىسى قاتارلىق ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ئەسەبىيلەرچە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. ئازادلىق ھارپىسىدا مۇھەممەت ئىمىن خوتۇنى ئامىنەنى خوتەن قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ، بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، ياشلارنى كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، "شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىۋالىمىز" دەپ جار سېلىشقا قۇتراتتى. شىنجاڭ ئازاد بولۇش ئالدىدا، مۇھەممەت ئىمىن ئۆزى خوتەنگە كېلىپ مىللىي بۆلگۈنچىلەر، فېئودال پومېشچىكلار ۋە ئەكسىيەتچى موللىلارنى چاقىرىپ، ئۇلارغا يوشۇرۇن ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن ئالدىراپ- تىنەپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى، تەكشۈرۈلۈشچە، ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىپ يوشۇرۇنۇۋالغانلار 100 دىن ئاشقان، ئۇلار تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق مۇھەممەت ئىمىن بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭدىن يولىيورۇق ئېلىپ، كېيىنكى قېتىمقى توپىلاڭلاردا تايانچىلاردىن بولۇپ قالغان.

1949-يىل 12-ئايدا، مۇھەممەت ئىمىن قۇتراتقان مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە يۇقىرى قاتلامدىكى بىر قىسىم ئەكسىيەتچىلەر ئازادلىق ئارمىيە خوتەنگە يېتىپ كەلمىگەن پۇرسەتنى غەنىمەت

بىلىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ خوتەنگە كىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى، بىر قانچە مىڭ تال كالتەك تەييارلىدى، يەنە بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇش پىلانىنى تۈزدى. ئازادلىق ئارمىيە تەكلىماكان قۇملۇقىنى پىيادە بېسىپ، ئۇدا يۈرۈش قىلىپ ئاسماندىن چۈشكەن لەشكەرلەردەكلا خوتەندە تۇساتتىن پەيدا بولغاچقا، خوتەندىكى توپىلاڭ سۈيقەستى توسۇپ قېلىندى.

مۇھەممەت ئىمىن چەت ئەلگە قېچىپ چىققاندىن كېيىن، ئاغدۇرمىچىلىق، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىپ، تەشكىلات قۇرۇپ، ئاخبارات توپلاپ، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئاغدۇرمىچىلىق، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. 1956-يىلى 10-ئايدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، خوتەن ۋىلايىتىدە ئازادلىقتىن كېيىن 153ھاجى، ھامىمال ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن، بۇلاردىن 28 كىشى مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىقلارنىڭ ئىقتىسادىي يازدىمىنى قوبۇل قىلغان، 11 كىشى جاسۇسلۇق ۋەزىپىسى تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇھەممەت ئىمىننىڭ شىنجاڭدىكى يېقىنلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارغا ئۇچۇر يەتكۈزگەن، ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتنى راۋاجلاندۇرغان، بەزىلىرى ئۇزاق مۇددەت يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، ھەرىكەت پۇرستى كۈتكەن. مەسىلەن، قاراقاش ناھىيىسىدىكى نايىپ ھاجى ئۈچ قېتىم چەت ئەلگە چىقىپ مۇھەممەت ئىمىن ۋە ئامىنە بىلەن كۆرۈشكەن، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خوتەن توپىلىڭىدىكى ئاساسلىق تاپانچ بولۇپ قالغان. خوتەن توپىلىڭى يۈز بەرگەندىن كېيىن، مۇھەممەت ئىمىننىڭ تەبرىك خېتى ۋە توپىلاڭ ھەققىدىكى يولىيورۇقىمۇ بۇ كىشىلەر ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن.

مۇھەممەت ئىمىنغا دوست تارتىشىپ بەرگەنلەردىن يەنە يەركەندىكى ئەكسىيەتچى دىن كاتتىبېشى، ئىشان مەزھىپىنىڭ چوڭ ئىشانى ئايۇپ قارىمۇ بار، ئۇ دائىم تەپسىر ئېيتىش نامى بىلەن

دىنىي خادىملانى يىغىۋېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلغان. ئازادلىقنىڭ هارپىسىدا، يەركەندىكى خاڭدى مەدرىسەسىدە ئۆزىگە ئەگەشكۈچىلەرنى يىغىپ ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى توسۇش تەدبىرى ئۈستىدە كېڭەشكەن ھەمدە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش پىلانى تۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىن كاتتىباشلىرىنى تەيىنلەپ، ئۇلاردىن پائال تۈردە ئىشان مۇرىتى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلغان، ئەمەلىيەتتە ئۇلار دىن مۇرىتى قوبۇل قىلىش تونىغا ئورۇنىۋېلىپ، كېيىنكى ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكىتى ئۈچۈن كۈچ توپلىغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئايۇپ قارى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن. لېكىن، مۇسا خەلىپە ئۇستازىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرغان. چاۋشيەن ئۇرۇشى پارتىلىغاندىن كېيىن، مۇسا خەلىپە خۇددى يەل ئۇرۇلغان توپتەك، بىراقلا يەنە جانلىنىپ كەتكەن. 1950-يىلى 9-ئايدا، مۇسا خەلىپە مۇرتلىرىنى چاقىرىپ خاڭدىدا توپىلاڭ پىلانلاش يىغىنى ئۆتكۈزگەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قانچە شەھەردىكى توپىلاڭ گۇرۇھىنىڭ مەسئۇللىرىنى بېكىتكەن ھەمدە ئاۋۋال خوتەندە توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلغان. لېكىن ئۇ چاغدا داغدۇغىلىق ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۆلگۈنچىلەر توپىلاڭ كۆتۈرسە ئەدىبىنى يەپ قېلىشىدىن قورۇقۇپ، ئۆزىنى تېخىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن دىن ئارقىلىق يوشۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ مىللىي بالگۈنچىلىك ئىدىيىسى باشقا دىنىي كۈچلەرنىڭ خوتەندىكى چوڭقۇر

تەسىرى 50-يىللاردا خوتەندىكى توپىلاڭنىڭ ئاساسىي ئاپەت يىلتىزى بولۇپ قالغان.

(2) دامولللىنىڭ "ئىسلام ھۆكۈمىتى"نىڭ رەئىسى بولماقچى بولۇشى

مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئەگەشكۈچىسى ئابدۇلھېمىت خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئىشان مەزھىپىنىڭ چوڭ ئىشانى بولسىمۇ، سىياسىي جەھەتتىن قارا نىيەت ئادەم ئىدى. ئۇ يېرىم-ياتا ھوقۇق نېسىپ بولارمىكىن دەپ بىر توپ مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنى ياكى شىنجاڭنىڭ مەلۇم بىر رايوننى جۇڭگودىن ئايرىۋېلىش ئۈستىدە باش قاتۇردى. 50-يىللاردا، ئۇ شۇ جايدىكى دىن مۇرتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ خۇراپىي ئارزۇسى بويىچە مىللىي ئۆچمەنلىك ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى قۇترىتىپ، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى ئۇدا تۆت قېتىم پىلانلاپ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ باش كاتتىبېشىغا ئايلاندى.

1954-يىلى 12-ئاينىڭ 31-كۈنى، خوتەندە دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان 1-قېتىم ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەردى، توپىلاڭغا ئابدۇلھېمىت باش قوماندان بولدى.

ئۇ چاغدا خوتەندە يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتى باشلىنىپ كەتكەنىدى. ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىدىكى بەزى يېزا كادىرلىرىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى ئاددىي، بولۇشقا تېگىشلىك سىياسەت سەۋىيىسى كەمچىل بولغاچقا، بۇيرۇقتا مەجبۇرلاش ۋە قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ، ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش جەريانىدا، سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتا كۆرۈلگەن بىر تەرەپلىمىلىك تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئاممىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىمۇ ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى

كۈچەيتىۋەتتى، ئابدۇلھېمىت باشچىلىقىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر پۈرسەت كەلدى دەپ بىلىپ، ئاممىنىڭ نارازىلىق كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتقۇلۇق قىلدى.

1954-يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئابدۇلھېمىت ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. شۇ يىلى 2-ئايدا دەل ئۆزىنىڭ ئاجىز ھەم يالغۇزلۇقىنى ھېس قىلغان ئابدۇلھېمىت پەتھىددىن مەخسۇمنى ئۈچرىتىپ قالدى. بۇ ئادەم مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ ئاكتىپ ئەگەشكۈچىسى بولۇپ، ئىلگىرى مۇھەممەت ئىمىن ئورۇنلاشتۇرغان يوشۇرۇن ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇۋالغان، ئازادلىقتىن كېيىن ئەكسىئىنقىلابىي جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان، جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئابدۇلھېمىت بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ يەنىلا دىن ئارقىلىق قوغدىنىپ، مۇرتلىرى بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلاپ، ئاكتىپلىق بىلەن كۈچ تولۇقلاشنى قارار قىلدى. 5-ئايدا، ئۇلار تايانچ ئۇنسۇرلارنى چاقىرىپ، "ئىسلام ھۆكۈمىتى بىرلەشمە كومىتېتى" تەشكىللىدى. ئابدۇلھېمىت ئۆزى رەئىس بولدى. كېيىن يەنە كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ، تەشكىلاتنىڭ پروگراممىسى ۋە ھەرىكەت پىلانىنى مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە پىلاننى تەدرىجىي يولغا قويدى.

6-ئايدا، ئابدۇلھېمىت ئۆزى قاراقاش ناھىيىسىگە كېلىپ، ئاشكارىلىنىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئاستا قاقاس چۆللۈكتىكى ئادەمزات ئاياغ باسمىغان يەرگە بېرىۋېلىپ، ئۆز ئىنىسى ئابدۇسەمەت داموللا، پەتھىددىن مەخسۇم ۋە مۇھەممەت ئىبراھىم قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئابدۇھېمىتنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا ئابدۇسەمەت، پەتىردىن مەخسۇم قاتارلىق ساختا دىن كاتتىبېشىلىرى خوتەن، قاراقاش، لوپ قاتارلىق جايلاردىكى دىنىي سورۇنلارغا ۋە دىن مۇرتلىرىنىڭ

ئۆيلىرىگە تېخىمۇ كۆپ بېرىپ، ئۇلارنى نارازى بولۇشقا قۇتراتتى، ئۇلارنى ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتتى ھەمدە دىنىي مۇراسىم ئارقىلىق دىن مۇرتلىرىنى قولىغا "قۇرئان" ئېلىپ ئابدۇھېمىت دامولىلىغا سادىق بولۇپ، "ئىسلام ھۆكۈمىتى" قۇرۇش يولىدا "غازات" قىلىشقا قەسەم قىلغۇزدى.

1954-يىلى 12-ئاينىڭ 21-كۈنى، ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ تاپانچ ئەزالىرى شېرىكى مۇھەممەتنىڭ ئۆيىدە 3-قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى، بۇ توپىلاڭدىن بۇرۇن ئېچىلغان "ئىسلام" ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق يادرولۇق يىغىنى بولۇپ، يىغىندا "ئىسلام" ھۆكۈمىتىنىڭ 11 ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، ھەر قايسى مىنىستىرلىقلارنىڭ مىنىستىرلىرى بەلگىلەندى. ئابدۇلھېمىت رەئىس، قوشۇمچە ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئابدۇللاھ غازى دامولla مۇئاۋىن رەئىس، پەتھىددىن مەخسۇم ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە باش كاتىپ، ناسىر دامولla باش كېسىمچى بولدى، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە دىپلوماتىيە، مالىيە، خەلق ئىشلىرى، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق مىنىستىرلىقلارنىڭ مىنىستىرلىرى بەلگىلەندى. يىغىندا يەنە توپىلاڭنىڭ ھەرىكەت پىلانى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش لايىھىسى بەلگىلەندى. ئۇلار 1955-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنى، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى ھەمدە ھەر قايسى تارماقلارنىڭ شەھەرنى ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىنكى ۋەزىپە تەقسىماتى ۋە خىزمەت نىزاملىرىنى بەلگىلىدى. يىغىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار بۆلۈنۈپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى، ھەر كىم ئۆز ئادەملىرىنى يىغىپ، يەنە بىر قېتىم "غازات"تۇغىنى كۆتۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرقى قۇتراتقۇلۇقىنى قىلدى.

12-ئاينىڭ 27-،28-كۈنلىرى، پەتھىددىن مەخسۇم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتى يېنىدىكى يۈسۈپ دامولla بىەن نىياز بەگ ئىككىيلەننىڭ ئۆيىدە 200 دىن ئارتۇق ئىشان مۇرتىنى يىغىپ، دۇئا-تىلاۋەت ئۆتكۈزۈش نامى بىلەن تەشكىلىي جەھەتتىن

سەپەرۋەرلىك قىلىپ، ئالدامچىلىق تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى. 31-كۈنى يەنە ئۆلارنى باشلاپ، ئىسلامىيەت يولىدا كۈرەش قىلىپ ھايات قالساق غازى، ئۆلسەك شېھىت بولىمىز دەپ كوللېكتىپ قەسەم ئىچتى، كېيىن كىشىلەرگە كالتەك، خەنجەر، قىلىچ، ئارغامچا قاتارلىق تۇپىلاڭ قوراللىرى ۋە قول چىرىقى، نان قاتارلىق بۇيۇملارنى تارقىتىپ بەردى.

مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋاتقان پەيتتە، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتە ۋەپىسى بولغان بىر دىنىي زاتنىڭ قاراقاش ناھىيىسىدىكى ئابدۇھېمىت داموللا دىنىي يىغىلىشتىن پايدىلىنىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، "ئىسلام ھۆكۈمىتى" قۇرماقچى بولىۋاتىدۇ دېگەن دوكلاتىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم دەرھال جىددىي يىغىن چاقىرىپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ھەر قايسى ئورۇنلارغا قوغدىنىش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خوتەن، لوپ، قاراقاش ناھىيىلىرىدە دىنىي زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارغا ئالدىنىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالدى.

12-ئاينىڭ 29-كۈنى، ئەھمەد باشچىلىقىدىكى بىر توپ كىشىلەر يېزا ئىگىلىك 3-تۈەنگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى، لېكىن يېزا ئىگىلىك 3-تۈەنىنىڭ تەييارلىقى بارلىقىنى بىلىپ قېلىپ، يەكلىك بىلەن ھۇجۇم قوزغاشقا پېتىنمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى (30-كۈنى)، يەنى بازار كۈنى ئادەم كۆپ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، پۇرسەت كۈتۈپ ئاممىنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇترىتىشنى كېڭەشتى. 30-كۈنى ئەھمەد قاتارلىقلار قاراقاش ناھىيە بازىرىغا كەلدى، بۇ چاغدا ۋىلايەتلىك پارتكوم ئەۋەتكەن قوراللىق تەشۋىقات ئەترىتى ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، ئاممىغا يامان كىشىلەرنىڭ ئالدىمىدىن ھوشيار بولۇش ھەققىدە خىزمەت

www.uyghurweb.net

ئىشلەۋاتاتتى، ئەھمەدلەر ئاشكارىلىنىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئۇزاق تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي تېزلا قېچىپ كەتتى. 31-كۈنى ئەھمەد قاتارلىقلار ھەممىلا جاينىڭ مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، توپىلاڭدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، بىر توپ توپىلاڭچىلارنى باشلاپ 5-رايون تەمىنات-سودا كوپىراتىپىنى بۇلىدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال يېزا ئىگىلىك 3-تۈەنىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى دۇ شيۇچۈەننى ئەۋەتتى، ئۇ ئاممىنى باشلاپ بېرىپ، ئاممىنىڭ پاش قىلىشى بىلەن، نەق مەيداندا باشلامچى ئۈنسۇر ئەھمەدنى قولغا ئالدى.

توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بۇ بۆلگۈنچىلەر تارمار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە ئىككى بۆلەك ئادەم پىلانى بويىچە ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. 31-كۈنى كېچىدە، ئابدۇھېمىت ئۆزى بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ، پەتىردىن مەخسۇمنىڭ قول ئاستىدىكى 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ خوتەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىگە يوشۇرۇن بېرىپ، خىش زاۋۇتى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ ھويلىسىنى قورشىۋالدى. ئۇلار قاراۋۇللارنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى چېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن يوپۇرۇلۇپ ھويلىغا كىردى. ئۇلاردىن بەش-ئالتىسى يېتەكچى فىڭ چېنشيڭنىڭ ياتىقىغا بېسىپ كىرىپ، ئۇنى كارۋاتتىن تۇرغىچىلا كالتەكلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بەنجاڭ ۋاڭ جەنكۈي ئاۋازنى ئاڭلاپ مىلتىقنى ئېلىپ ئېتىلىپ چىقىپ، توپىلاڭچىدىن بىرنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، لېكىن ئارقىسىدىكى توپىلاڭچىنىڭ ئۇشتۇمتۇت زەربىسى بىلەن بېشى يارىلىنىپ ۋاپات بولدى. بۇ چاغدا توپىلاڭچىلار جەڭچىلەر ياتىقىنىڭ ئىشكىنى مەھكەم قامال قىلىۋالغانىدى، جەڭچىلەر ئىچىدىن سىرتقا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ توپىلاڭچىدىن بىرنى ئۆلتۈردى، ئىككىنى يارىلاندۇردى. توپىلاڭچىلار جەڭچىلەر مىلتىققا ئوق سېلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ياتاققا بېسىپ كىردى، ياتاق كىچىك، ئادەم كۆپ بولۇپ، مىلتىقنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا

ئامال بولمىغاچقا، ئىككى تەرەپ تۇتۇشۇپ قالدى، دۈشمەنلەر كۆپ، جەڭچىلەر ئاز بولغاچقا، دۈشمەن ياتاقتىكى جەڭچىلەرنىڭ بىر قانچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. يەنە بىر توپ توپىلاڭچىلار ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى بىلەن ھېسابات قىلغۇچىنى تۇتۇۋالدى، ئىلگىرى خوجىلىق باشلىقى ئۆلۈپ كەتتى، ۋاڭ جېنخەي قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ يالغۇز قېچىپ چىقىپ، چوڭ ئەترەت شتابىغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

خوتەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى توپىلاڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، توپىلاڭنى تىنجىتىشقا دەرھال ج خ قىسمىنى ئەۋەتتى ھەمدە كېچىلەپ جىددىي يىغىن ئېچىپ، توپىلاڭنى تىنجىتىش تەدبىرلىرىنى تۈزدى، شەھەر بىخەتەرلىكىنى قوغداش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، توپىلاڭنى تىنجىتقۇچى قوراللىق قوشۇنغا "كاتتىۋاشلارنى چوقۇم بىر تەرەپ قىلىش، مەجبۇرىي ئەگەشكۈچىلەرنى سۈرۈشتۈرمەسلىك، تۆھپە كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش، ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت بىلەن داۋاملىق شۇغۇللانغانلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش" فاڭجېنى بويىچە، باش جىنايەتچىلەر بىلەن مەجبۇرىي ئەگەشكۈچىلەرنى ئەستايىدىل پەرق ئېتىش، ئۆزىمىزنى تولۇق قوغداش، يېنىكلىك بىلەن ئوق چىقارماسلىق ھەققىدە يوليورۇق بەردى.

توپىلاڭچىلار ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئوتتۇرا ئەترىتىدە مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن، پەتھەددىن دەرھال جەڭچىلەردىن بۇلاپ ئالغان قوراللارنى تايانچىلارغا تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى تۈرمە دەرۋازىسىنى ئېچىشقا بۇيرىدى ھەمدە جىنايەتچىلەرنى توپىلاڭغا قاتنىشىپ، بىرلىكتە خوتەنگە ھۇجۇم قىلىشقا قۇتراتتى. ئاندىن خۇكۇي (سابىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەمىنات پونكىتىنىڭ پولكوۋنىك دەرىجىلىك باشلىقى، ھۆكۈمىتىمىز ئۇنىڭغا 20 يىللىق قاماق جازاسى بەرگەن، ئۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىدە ماشىنا ھەيدەيتتى) نى ماشىنا بىلەن ئۆزلىرىنى خوتەنگە ئاپىرىپ

قويۇشقا مەجبۇرلىدى. يول ئۈستىدە ئابدۇلھېمىت جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆزى بىلەن توپىلاڭغا قاتناشقۇسى يوقلۇقىنى، ئالداپ كېلىنگەن ئادەملەرنىڭمۇ بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بىر قانچە كاتتىۋاش بىلەن يىغىن ئەتراپتىكى بىرەيلەننىڭ ھويلىسىدا يىغىن ئېچىپ، بۆلۈنۈپ يوشۇرۇنۇشنى قارار قىلدى. ئۇلار يىغىن ئېچىپ بولۇپ قايتىپ كېلىپ قارىسا شوپۇرنىڭمۇ قارىسى كۆرۈنمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ، ھەممىسى بېشىنى ئېلىپ قاچتى.

ئۆزۈن ئۆتمەيلا ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى ئەۋەتكەن توپىلاڭنى تىنجىتىش خادىملىرى ماشىنا بىلەن يېتىپ كېلىپ، ئاختۇرۇپ تۇتۇشقا تەشكىللەپ، 30 دىن ئارتۇق توپىلاڭچىنى قولغا ئالدى ھەمدە "ئىسلام كومىتېتى"نىڭ تەشكىلى پروگراممىسى، ئەزالار تىزىملىكى، يىغىن خاتىرىسى، ھەرىكەت پىلانى، تامغىسى، شاپىگرافىنى ۋە زور بىر تۈركۈم ئېلان، بايراق كالتەك-توقماق، پاتا-پىچاق قاتارلىقلارنى قولغا چۈشۈردى. ئابدۇلھېمىت بىلەن بىرلىكتە يىغىن ئاچقان ئالتە باش جىنايەتچى شۇ چاغدىلا قولغا چۈشتى، پەقەت ئابدۇلھېمىتلا قورسىقىدا جىن بولغانلىقى ئۈچۈن بالدۇر قېچىپ كەتكەنىدى. 1955-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى، ج خ خادىملىرى يەنە خوتەن كوچىسىدا ئوندىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا چۈشۈردى. ئۇلار قوللىرىغا كالتەك ياكى پالتا-پىچاق ئېلىۋالغانىدى، كىيىملىرى قانغا بويالغانىدى، تۈرۈقىدىنلا توپىلاڭغا قاتناشقان باندىت ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇراتتى. بۇ چاغدا، ئۇلار خوتەن ئابدۇلھېمىت داموللا تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى دەپ ئويلاپ، كۆرەلىگەن ھالدا تۆھپىسى ئۈچۈن تارتۇق ئالغىلى كېتىۋاتقانىدى.

لوپقا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلار 31-كۈنى كەچتە ئىمىن داموللىنىڭ يېتەكچىلىكىدە خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى شورلۇقتا يوشۇرۇندى. مەتىمىن داموللا 60 تىن كۆپرەك ئادەمنى

باشلاپ گۇجانباغ ئەتراپىغا يوشۇرۇنۇپ، ئابدۇھېمىت، پەتىردىن خىش زاۋۇتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە لوپقا ھۇجۇم قىلىشنى كۆتتى. لېكىن، تاڭ ئاتقاندا ئاڭلىغىنى بىر قىسىم تاپانچىلارنىڭ تۇتۇلغانلىقىدىن باشقا خەۋەر بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇھېمىت داموللا مۇرتلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. قالغانلار تۇرىۋەرسە ياخشىلىقتىن يامانلىق كۆپ بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، ھەش-پەش دېگۈچە تاراپ كېتىشتى، قېچىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ئوندىن كۆپرەك كىچىك كاتتىباش چارلاشقا چىققان ج خ خادىملىرىنىڭ قولىغا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن، توپىلاڭ تېزلىكتە تىنجىتىلىپ، پۈتكۈل ۋەزىيەت تىزگىنلەندى.

ئابدۇلھېمىت باشچىلىقىدىكى خوتەن توپىلىڭى پۈتۈنلەي دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش، ۋەتەننى پارچىلاشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ. ئۇلار چىقارغان ئېلانلاردا تەپتارتماستىن: "دىنىمىزنىڭ دۈشمىنى كومپارتىيە مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنىنى بېسىۋېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنى، كان مەھسۇلاتلىرى ۋە باشقا مال-مۈلكىنى تالان-تاراج قىلدى، ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىنى ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنىڭ ئۈستىگە قويدى"؛ "ھازىر مىللەتىمىزنى ئەمگەككە سېلىۋاتىدۇ، لېكىن ئەمگەك مېۋىلىرىنىڭ خوجايىنى قىلمايۋاتىدۇ"؛ "ئىسلام شەرىئىتىدە كۇپپارلار مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋالسا، ئۇلارغا قارشى تۇرۇش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچى دېيىلگەن، ھازىر توپىلاڭ كۆتۈرىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى" دېگەن. شۇ سەۋەبتىن، 1955-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى مەيداندا ئامىنۇۋى چوڭ يىغىن ئېچىپ، كەڭ ھەر مىللەت خەلقىگە توپىلاڭچىلارنىڭ جىنايى قىلمىشىنى ئاشكارىلاپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى كۆزىنى روشەنلەشتۈرۈپ، توپىلاڭچىلارنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرۈشكە، يەنە ئالدىنىپ قالماسلىققا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەجبۇرىي ئەگەشكۈچىلەرگە دەرھال قورالنى

تاشلاپ ج خ ئورگانلىرىنىڭ غوللۇق ئۇنسۇرلارنى تۇتۇشقا ھەمكارلىشىشىنى، توپىلاڭچىلارغا ئۆزلۈكىدىن ج خ ئورگانلىرىغا بېرىپ تىزىنغا ئالدۇرۇپ، كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى رەسمىي ئۇقتۇردى.

ج ك پ شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى تېزلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، توپىلاڭچىلارنى قولغا ئېلىپ، قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى تۇتۇپ، قالدى-قاتتى ئىشلارنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، نورمال ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈردى، كەڭ ئاممىنىڭ پائال قوللىشى ۋە ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا، توپىلاڭغا قاتناشقان 140 نەچچە ئادەم قولغا چۈشتى، 70 تىن كۆپرەك ئادەم ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق، 27 جىنايىتى بار غوللۇق ئۇنسۇرنى قولغا ئالغاندىن سىرت، تۈنجى قېتىملىق توپىلاڭنى تىنجىتىشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

ئازادلىق ھارپىسىدا، ئابدۇھېمىت ئايۇپ قارىنىڭ ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئاچقان ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندا ئابدۇھېمىت ئازدا بولغاندىن كېيىن قانداق قىلىپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش ھەققىدە ئاكتىپلىق بىلەن ئەقىل كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئىپادىسى جانلىق، ياخشى بولغاچقا، ئايۇپ قارى ئۇنى خەلىپىلىك (ئىشاندىن تۆۋەن تۇرىدىغان دىنىي مەنسەپ) كە تەيىنلەپ، ئۇنىڭدىن سوپىلار (ئىشان مەزھىپىنىڭ تالىپلىرى)نى پائال كۆپەيتىپ، ئىشان مەزھىپىنىڭ تەسىر كۈچىنى زورايتىشنى تەلەپ قىلدى. مۇھەممەت ئىمىن چەت ئەلگە قېچىشتىن بۇرۇن جەنۇبىي شىنجاڭدا يوشۇرۇنۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇرغاندى، ئايۇپ قارى يەنە ئابدۇھېمىتنى مەخسۇس ئەلچى قىلىپ مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ قېشىغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى ئۈستىدە

www.uyghurweb.net

مەسلىھەتلىششىكە ئەۋەتتى. ئابدۇھېمىت بۇ ئىشتىن ناھايىتى پەخىرلىنىپ، ئۆزىنى ئەتىۋارلىغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ خۇدىنى يوقاتتى. ئۇ مۇھەممەت ئىمىن بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئايۇپ قارىنىڭ پىكرىنى يەتكۈزدى. ئارقىدىن قوشۇلۇپ قالارمىكىن دېگەن ئۇمىدتە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆزىنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە چەت ئەلگە چىقىش خىيالى بارلىقىنى ئېيتتى. كۆڭلىدىكى قورقۇنچ تۇپەيلىدىن، ئۇ بۇ سۆزنى بىۋاستە ئېيتماي، يالغاندىن كەمتەر، سەممىمىي قىياپەتتە دېدى. مۇھەممەت ئىمىن ئابدۇھېمىتنىڭ جىددىيلىك چىقىپ تۇرغان ۋە ئۇمىد كۈتكەن كۆزىگە قاراپمۇ قويماي:"سىلەر دېگەن ئاخۇن، كومپارتىيە سىلەرنى ھېچنېمە قىلمايدۇ، مەن كۆپ بولسا بەش-ئالتە يىل، ئاز بولسا ئىككى-ئۈچ يىلدا قايتىپ كېلىمەن. سىلەر بۇ يەردە قېلىپ سوپىلارنى كۆپەيتىڭلار، مەن قايتىپ كەلگەندە بىز بىرلىكتە كومپارتىيىنى يوقىتىپ، ئىسلام ھۆكۈمىتىنى قۇرىمىز، ئۇ چاغدا سىز كاتتا خىزمەت كارسەتكەن بولىسىز"دەپ ئۇدۇللا ئېيتتى. ئابدۇھېمىت مۇھەممەت ئىمىننىڭ بىراقلا رەت قىلىۋەتكەنلىكىدىن ئىنتايىن ئۆكۈندى، لېكىن ئۇنىڭ كېيىنكى بىر ئېغىز سۆزىنى ئويلاپ يەنىلا روھلىنىپ، ئۆلگۈچە نىيىتىدىن يانماي ئىشلەش قارارىغا كەلدى.

ئابدۇلھېمىت خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىشان مەزھىپىنىڭ تەسىر كۈچىنى زورايتىپ، يېقىنلىرى ۋە ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى تەربىيىلەشكە كىرىشتى، بولۇپمۇ 30-يىللاردا مۇھەممەت ئىمىن تويىلىڭغا قاتناشقانلارنى تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى نۇقتىلىق تەربىيىلىدى. ئابدۇھېمىت مۇرتلىرىنىڭ ئالدىدا سالاپەت بىلەن ئولتۇرۇپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك دىن ئاساسچىلىرى قىياپىتىگە كىرىۋالغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە كۆڭلىدە ھەم تىت-تىت بولاتتى ھەم قورقاتتى، ئەتىدىن كەچكىچە دەككە-دۈككىدە بىر كۈننى بىر يىلدەك ئۆتكۈزۈشتىن

قۇتۇلۇش ئۈچۈن دەرھال توپىلاڭ قوزغاپ مۇۋەپپەقىيەت قازانسام دەيتتى. 1950-يىلى 3-ئايدا، ئابدۇھېمىت يەنە بىر قېتىم يەكەنگە كېلىپ ئايۇپ قارىغا ئۆزىنىڭ دىن مۇرتلىرىنى كۆپەيتىش ئەھۋالىنى دوكىلات قىلىپ، شارائىت پىشىپ يېتىلدى، توپىلاڭنى قوزغىساق بولىدۇ دەپ قارىدى ھەمدە ئايۇپ قارىنىڭ توپىلاڭنى باشلاش ۋاقتى، كونكرېت پىلان ھەققىدە ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ئۈمىد قىلدى. ئايۇپ قارى: "ئادەم سانى يەنىلا بەك ئاز ئىكەن، مۇرتلار تېخى پۈتۈن ۋىلايەتكىچە كېڭەيمەپتۇ"دەپ، دەرھال توپىلاڭ قوزغاشقا قوشۇلمىدى ھەمدە ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇش، تەسىر كۈچىنى داۋاملىق زورايتىش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي چاۋشىيەن ئۇرۇشى پارتلىدى، جياڭ جيېشىمۇ چوڭ قۇرۇقلۇققا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىمىز دەپ جار سالدى. دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر پۇرسەت يېتىپ كەلدى دەپ ھېسابلىدى. 9-ئايدا، مۇسا خەلىپە ئايۇپ قارىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تايانچىلارنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، خوتەن مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ يۇرتى، ئۇ يەردە ئىشان مەزھىپىنىڭ تەسىر كۈچى زور، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھەممەت ئىمىن سالغان ئاساس بار، شۇڭا، ئالدى بىلەن خوتەندە توپىلاڭ كۆتۈرەيلى دەپ قارار قىلدى.

ئابدۇھېمىت بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، دەرھال ھەرىكەتكە ئاتلاندى. لېكىن ئۇ ئالاقە باغلاپ توپىلاڭنى ئۇيۇشتۇرۇش داۋامىدا مۇرتلارنىڭ توپىلاڭغا ئۆزى ئويلىغاندەك ئۇنداق قىزىقمايدىغانلىقىنى سەزدى، چۈنكى ئۇلار يەرگە، مال-مۈلۈككە ئېرىشكەنىدى، دېھقانلار ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقانىدى، ئۇلار كومپارتىيە ياخشىكەن دەپ ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ماختىشاتتى. ئابدۇھېمىت بىر قانچە قېتىم بۇرنىغا يېگەندىن كېيىن، ئىشتىن چاتاق چىقىپ، توپىلاڭ كۆتۈرەلمەي قالساق، ئالدى بىلەن ئۆزەم ئاشكارىلىنىپ قالارمەنمىكى دەپ ئەنسىرىدى. شۇنىڭ بىلەن پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، داۋاملىق تۇردە دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز

ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللاندى. ھېلىمۇ ئۇ ئاخۇن بولغاچقا، قانۇنلۇق سالاھىيەتكە ئىگە بولۇۋالدى. شۇڭا ئۇ كەنتمۇ-كەنت، مەھەللىمۇ-مەھەللە يۈرۈپ دىن تارقىتىپ، مۇرتلىرىنى كۆپەيتتى ھەمدە ئاكتىپلىق بىلەن خەلپە تەربىيىلەپ، يەنە خەلپىلەر ئارقىلىق مۇرت يېتىشتۈردى. 1950-يىلىدىن 1954-يىلغىچە، ئابدۇلھېمىت خوتەن، قاراقاش، لوپ، گۇما، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 28 خەلپە تەربىيىلىدى ۋە تەيىنلىدى، 15 مىڭدىن كۆپرەك مۇرت يېتىشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئىشان مەزھىپىنىڭ چوڭ ئىشانىغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ تەسىرى پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتىگىچە تارالدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى خەلپىلىرى ۋە يېقىن، ئىشەنچلىك مۇرتلىرى ئۇنى بولۇشىغا ئۇچۇرۇشتى، يالغان-ياۋىداق سۆزلەرنىڭ ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈشى بىلەن، ئۇنىڭ دىن مۇرتلىرى ئىچىدىكى ئابرويى بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، قاراقاش ئەتراپىدا ئۇنى تېخى مۇرتلار "ئەۋلىيا"دەپ كۆككە كۆتۈردى.

ئابدۇھېمىتنىڭ تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كېلىپ قېچىپ كېتەلىشى ئۇنىڭ راستىنلا قانداقتۇر "ئەۋلىيا" بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ توپىلاڭنىڭ باشقا كاتتىۋاشلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ قۇۋ، ھىيلىگەر بولغانلىقى، ئاز-تولا شەپە سەزگەن ھامان دەرھال قۇيرۇقىنى خادا قىلغانلىقىدا.

ئابدۇلھېمىتنىڭ ئۆزلۈكىدىن ھەقىقەتكە قايتىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا قارىتا كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئۇ جىنايەت ئۆتكۈزۈشنى توختىتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىنى مەلۇم قىلسىلا، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ دەپ كۆرسەتتى. لېكىن ئابدۇلھېمىت توۋا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە داۋاملىق قالايمىقانچىلىق تۇغدۇردى. ئۇ يەنە قاراقاش ناھىيىسىدىكى باقى داموللا، بارات داموللا، جاپپار، نۇرچانگا قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە يېڭى توپىلاڭ پىلانلىدى. ئۇلار مەخپىي

هالدا: ئالدى بىلەن قاراقاش ناھىيىسى 0-رايون يېزا ئىگىلىك 3-تۈەنىگە ھۇجۇم قىلىپ، قورالنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن قاراقاش ۋە خوتەن ناھىيىسىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش؛ ئاندىن كېيىن بىر تۈركۈم ئۈچىغا چىققان دىنىي ئۇنسۇرلار بىلەن قورچاق ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى ناماز ئوقۇش نامى بىلەن يىغىپ يىغىن ئېچىپ، ئاشلىق، پۇل، قورال-ياراغ توپلاش، توپىلاڭدا ئىشلىتىدىغان قاتىللىق قورالى ياساشنى قارار قىلدى. ئۇلار يەنە يېقىن، ئىشەنچلىك سوپىلىرى ئارقىلىق مەسچىتنىڭ ئىماملىرى، مەدرىسەلەردىكى تالىپلار، ئەكسىيەتچى پومېشچىك، زومىگەر ۋە جىدەلخور، لۈكچەكلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ تەشكىلاتىنى كېڭەيتتى ھەمدە: "يېزا ئىگىلىك 3-تۈەنى ھەقىقەتكە قايتقان قوشۇن، ئۇنىڭدا بىزنىڭ ئادىمىمىز بار، رايون باشلىقلىرى ئىچىدە بىزنى قوللايدىغانلار بار" دەپ پىتنە-ئىغۋار تارقاتتى،"پۈتۈن دۇنيا ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، ئەتە ئىسلام ھۆكۈمىتى دۇنياغا كېلىدۇ" دەپ ئاممىنى ئالدىدى.

1956-يىل 3-ئاينىڭ 9-كۈنى تۈن نىسپىدە، پالتا، پىچاق، كالتەك، توقماق قاتارلىق قاتىللىق قوراللىرىنى كۆتۈرۈۋالغان 200 توپىلاڭچى مەخپىي ھالدا يېزا ئىگىلىك 3-تۈەنى ئەتراپىغا يىغىلىپ، يېزا ئىگىلىك 3-تۈەنگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، قورال-ياراغنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولدى. 10-كۈنى سەھەردە نۇرچانگا، جاپپار، يۇنۇس قارى قاتارلىق كىشىلەر قاتىللىق قورالىنى ئېلىپ باشلامچىلىق بىلەن يېزا ئىگىلىك 3-تۈەنى تۇرۇشلۇق جايغا بېسىپ كىردى. يول ئۈستىدە توپىلاڭچىلار بىر چارلىغۇچى جەڭچىنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئارقا-ئارقىدىن بىر نەچچە پالتا چېپىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ قورالىنى تارتىۋالدى. قورالغا ئېرىشكەندىن كېيىن، توپىلاڭچىلارنىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ، ئۇدۇل تۈەن مەيدانىغا يېقىن جايدىكى رازۋېدكا گۇرۇپپىسىغا قاراپ ماڭدى. رازۋېدكا گۇرۇپپىسىدىكى جەڭچىلەر ئامالسىزلىقتىن

ئوق چىقىرىپ ئۆلتۈردى، باشقا توپىلاڭچىلار تاراپ كەتتى. يېزا ئىگىلىك 3-تۈەندىكى قورالىلىق خادىملار ۋە كادىر، ئامما ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېتىپ كېلىپ نەق مەيداندىلا 29 غوللۇق ئۈنسۈرنى قولغا ئالدى.

توپىلاڭ مەغلۇپ بولدى، لېكىن پەردە ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ئابدۇلھېمىت نىيىتىدىن يانماي، داۋاملىق توپىلاڭ قوزغاش كويىدا بولدى. ئۇنىڭ قۇترىتىشى بىلەن باقى داموللا، تۇرسۇنئاخۇن ئىمام، ئەخمەت ھاجى قاتارلىق كىشىلەر 5-، 9-رايوندىكى مەسچىتكە بېرىپ، دىننى نىقاپ قىلىپ، ناماز ئوقۇغىلى كەلگەن مۆرتلارنى قۇتراتتى، ئۇلارنىڭ ئالدىشى، مەجبۇرلىشى بىلەن 300 دىن ئارتۇق ئەر-ئايال مۆرت قوللىرىغا قاتىللىق قورالى ئېلىپ، "كومپارتىيىنى يوقىتايلى"، "كۇپپارلارنى ئۆلتۈرەيلى"، "ياشىسۇن ئىسلام ھۆكۈمىتى" دېگەندەك شۇئارلارنى توۋلاپ، 5-رايوننىڭ رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا ھۇجۇم قىلغىلى ماڭدى، بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگەن خوتەن خەلق ساقچىلىرى ئوتتۇرا ئەترىتى ئۇلارنى يېرىم يولدا توسۇۋالدى. ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ رەھبەرلىرى توپىلاڭچىلارغا ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر-پەرمانىغا بويسۇنۇپ، قايتىپ بېرىپ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. لېكىن توپىلاڭچىلار ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە ۋەھشىيلەرچە ئۇلارغا ئېتىلىپ، ئۇلارنىڭ قورال-يارغلىرىنى تارتىۋالماقچى بولدى. خەلق ساقچىلىرى ئوتتۇرا ئەترىتى ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئوق چىقىرىپ، ئاق بايراق كۆتۈرۈپ توپىلاڭچىلارغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئۈچ توپىلاڭچىلار كاتتىۋېشىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. بۇ چاغدا، رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىرىمۇ نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، مەيداندىكى ئاممىغا پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، توپىلاڭنى پىلانلىغۇچىلارنىڭ جىنايىتىنى پاش قىلىپ، ئاممىنى ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرمەسلىككە چاقىردى. رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى

رەھبەرلىرىنىڭ تەشۋىق-تەربىيىسى ئارقىسىدا، ئالدانغان ئامما ئويغىنىپ، ئارقا-ئارقىدىن قولىلىرىدىكى پالتا، پىچاقلارنى تاشلىۋەتتى ھەمدە قۇتراتقۇلۇق، قاتىللىق قىلغان جىنايەتچىلەرنى كۆرسىتىپ بەردى، باقى قاتارلىق 12غوللۇق ئۇنسۇر نەق مەيداندا قولغا ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈچ دانە تاللىق مىلتىق ۋە نۇرغۇن پالتا، چەيدۇ، پىچاق، كالتەك قاتارلىق قاتىللىق قوراللىرى ئولجا ئېلىندى، 2-قېتىملىق توپىلاڭ تىنجىتىلدى.

تېزنى باسسا مېزى چىقىپتۇ دېگەندەك، پەردە ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ كۆن نۇرىنى كۆرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان ئابدۇھېمىت بۇ چاغدا خۇددى بىر خەتەرلىك ئەرۋاھتەك نەمۇ-نە يۈرۈپ قۇتراتقۇلۇق قىلدى. ئۇ قاراقاش توپىلىڭىنى پىلانلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە لوپتىكى ئابدۇقادىر، ئەبەيدۇللا قاتارلىق كىشىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ لوپ توپىلىڭىنى پىلانلىدى.

ئەبەيدۇللا ئەسلىدىلا ئابدۇلھېمىتنىڭ ئىشەنچلىك سوپىسى بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقمايتتى. ئۇ ئىلگىرى لوپتىكى ئاسىم مازىرىدا ئابدۇقادىر بىلەن بىرلىكتە دىندا ئوقۇغان. ئۇ چاغلاردا ئۇلار دائىم بىرلىكتە خەلق ھۆكۈمىتىگە بولغان نارازىلىقىنى بىلدۈرۈشكەن. ھازىر ئابدۇھېمىتنىڭ قولىلىشىغا ئېرىشكەنلىكتىن، ئازادلىقتىن كېيىن جازالانغان، زەربىگە ئۇچرىغان پومېشچىكلار، بايلار، ئەكسىئىنقىلابچىلار، يامان كىشىلەر ۋە جېدەلخور، لۈكچەكلەرنى ئۆزىگە تارتىپ تەشكىلات قۇرۇپ، توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغان. 1956-يىلى 4-ئاينىڭ 13-كۈنى، ئابدۇقادىر، ئەبەيدۇللا قاتارلىقلار توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۈيىقەستى ھەققىدە تۇنجى قېتىم يىغىن ئېچىپ، ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى ۋە توپىلاڭ كۆتۈرۈش ۋاقتى قاتارلىقلارنى مۇھاكىمە قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ، قورال-ياراغ تەييارلاش، خىراجەت توپلاش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە مەخپىي كېڭەشكەن. توپىلاڭغا تەشكىللەش ۋاستىسى جەھەتتە، دىندىن پايدىلىنىپ

دىنىي مۇرتلارنى توپىلاڭغا قاتنىشىشقا قۇتراتقاندىن سىرت، يەنە ئاممىنىڭ ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىشقا ۋە ھەمكارلىق ھەرىكىتىدىكى بەزى خاتالىقلارغا بولغان نارازىلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، "بۇنداق ئازاپ چەككۈچە ھۆكۈمەت بىلەن ئېلىشقان ياخشى"دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلغان ھەمدە ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇپ ، ئاشلىق ئامبىرى، ماددي ئەشيا ئامبىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، خەلققە ئاشلىق ۋە ماددي بۇيۇم بۆلۈپ بېرىمىز دەپ ئاممىنى توپىلاڭغا قاتنىشىشقا قۇتراتقان ۋە قىزىقتۇرغان. 5-ئاينىڭ 3-كۈنى، ئابدۇقادىر 50تىن كۆپرەك تايانچى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، "ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" دېگەن ۋىۋىسكىنى ئاسقان. ئابدۇقادىر "جۇمھۇرىيەت"نىڭ رەئىسى، قوشۇمچە توپىلاڭنىڭ باش قوماندانى، ئەبەيدۇللا مۇئاۋىن رەئىس،قوشۇمچە مۇئاۋىن بىش قوماندان بولغان.شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە سىياسىي كومىسسار، تۇەنجاڭ ۋە تۆت يىڭجاڭ تەيىنلىگەن. ئابدۇقادىر جەڭدىن بۇرۇن سەپەرۋەر قىلىپ: " ئومۇمەن ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى جەڭگە قاتنىششى كېرەك، ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتى" دېگەن. يىغىندىن كېيىن، ئەبەيدۇللا توپىلاڭچىلارنى باشلاپ سايدا ھەربىي مەشىق قىلدۇرغان.

1956-يىل 5-ئاينىڭ 4-كۈنى ئەتىگەندە، ئابدۇقادىر، ئەبەيدۇللا قاتارلىقلار ئەكسىيەتچى دىنىي كاتتىۋاشلار ۋە ئۆزگەرتىشكە قارشى دۈشمەن ئۇنسۇرلاردىن 260 كىشىنى توپلاپ ۋە قىسمەن كوممۇنا ئەزالىرىنى مەجبۇريي ئەگەشتۇرۇپ، "ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"دېگەن خەت يېزىلغان بايراقنى كۆتۈرۈپ، "كومپارتىيىنى يوقىتايلى"، "ياشىسۇن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"، "ياشىسۇن ئابدۇھېمىت داموللام" دېگەن شۇئارلارنى توۋلاپ، قولىغا چەيدو، پالتا، پىچاق، كالەك، توقماق قاتارلىق قاتىللىق قوراللىرىنى ئېلىپ، لوپنىڭ 4-رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنى ئىگىلىۋالدى، ئاشلىق پونكىتى، ماددي-ئەشيا ئامبىرى، ھەمكارلىق كوپىراتىپى ۋە ئامانەت

قەرز كوپېراتىپىنى بۇلىدى، ج خ كادىرى مەتيۇسۇپ بىلەن ئۈچ خىزمەتچى خادىمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، بەش ئادەمنى يارىلاندۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رايوننىڭ ئورگان كادىرىدىن 11 نى گۆرۆگە ئېلىۋالدى، رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ بىر تامغىسىنى، بىر مىلتىق، بىر تاپانچا، 1000 يۈەندىن كۆپرەك خەلق پۇلى ۋە ئاشلىق قاتارلىق باشقا ماددىي ئەشيالارنى بۇلاپ كەتتى. ئابدۇقادىر ئادەم ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭچىلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كۈچىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ھېس قىلىپ سەل قورقتى. مەسلىھەت قىلىشقاندىن كېيىن، جۇمە مازىرىغا بېرىپ، ساختىپەزلىك قىلىپ، ئۇ يەردە ناماز ئوقۇۋاتقان مۇرتلارنى ئالداپ: "مازاردىن ۋەھيي كەلدى، بىزنى ئىسلام ئىنقىلابى قوزغاشقا چاقىردى"، "بىز ئىشنى باشلىساقلا مۇھەممەت ئىمىن قوشۇن باشلاپ قايتىپ كېلىدۇ"،دەپ ئۇ يەردىكى ئامىمىنىڭ ھەممىسىنى ئالدام خالتىسىغا چۈشۈردى،ئاندىن ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ لوپ نەھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندى. يول ئۈستىدە ئۇلار دەرەخ بىلەن يولنى توسۇۋەتتى، نەھىيە بازىرىغا ئۇلىنىدىغان تېلېفون سىمىنى ئۈزۈۋەتتى، يەنە يول بويى بىر قىسىم كوممۇنا ئەزالىرىنى ئۆزىگە مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ، توپىلاڭچىلار سانىنى بىراقلا 1300 دىن كۆپرەككە يەتكۈزۈپ، ئۆۋۈسىدىن چىققان ھەرىدەك ناھىيە بازىرىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

بۇ چاغدا، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى لوپ 4-رايونىدا توپىلاڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، بىر تەرەپتىن ج خ كادىر-ساقچىلىرىنى ئەھۋال ئىگىلەپ كېلىشكە ئەۋەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، بىر تۈركۈم كادىرنى قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىنى باشلاپ ئۇ يەرگە ئاتلىق بېرىپ، توپىلاڭنى تىنجىتىشقا ئەۋەتتى. لوپقا بەش كىلومېتىر قالغان جايدا قورالىق ساقچى قىسىم لوپقا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كەلگەن توپىلاڭچىلار قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. قوراللىق ساقچى قىسىم بىلەن كەلگەن كادىرلار سىياسىي ھۇجۇمنى باشلاپ، ئاز ساندىكى

بۆلگۈنچىلەرنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇترىتىش سۈيقەستىنى پاش قىلىپ، توپىلاڭچىلارغا دەرھال ھەربىكتىنى توختىتىش، ئالدام خالتىغا چۈشمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. توپىلاڭچىلار قوشۇنى باش پىلانلىغۇچىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن نەسىھەتكە قۇلاق سالماي ئەكسىچە ۋەھشىيلەرچە ئادەم ئۇرۇپ، قوراللىق ساقچى قىسىم خادىملىرىنىڭ قورال-ياراغ، ئوق-دورىلىرنى بۇلىدى، نۇرغۇن كادىر ۋە جەڭچىنى ئۇرۇپ يارىلاندۇردى. توپىلاڭنى تىنجىتقۇچى كوماندىر-جەڭچىلەر زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلار ئۇرسا قول ياندۇرماي، تىللىسا جاۋاپ قايتۇرماي، زىيانكەشلىككە ئۇچراش خەۋپىگە قارىماي داۋاملىق سەۋرچانلىق بىلەن ئۇلارغا نەسىھەت قىلدى. توپىلاڭچىلار كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ يول قويغىنىنى قورقتى دەپ بىلىپ، ئۇرۇش، بۇلاشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. توپىلاڭچىلارنىڭ قورالنى تارتىۋالغاندىن كېيىن تېخىمۇ چوڭ زىيان كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، توپىلاڭنى تىنجىتقۇچى قىسىم كەسكىنلىك بىلەن ئوق چىقىرىپ، نەق مەيداندىلا ۋەھشىيلىك قىلغان توپىلاڭچىدىن 15 نى ئېتىپ ئۆلتۈردى. بۇ چاغدا، توپىلاڭچىلار قوشۇنىغا مەجبۇرىي ئەگەشكەن زور كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئويغىنىپ، قوللىرىدىكى قاتىللىق قورالىنى تاشلاپ، قىسمىنىڭ ۋەھشىيلىك، بۇلاڭچىلىق قىلغانلارنى تۇتۇشىغا ياردەملەشتى. ج خ خادىملىرى ئابدۇقادىر باشچىلىقىدىكى 20 دىن كۆپرەك غوللۇق ئۇنسۇرنى قولغا ئېلىپ، توپىلاڭنى تىنجىتتى.

ئابدۇلھېمىت بارلىق يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ قوزغىغان مىڭدىن كۆپرەك كىشىلىك توپىلاڭنىڭ مۇنداق ئاسان تىنجىتىلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئۇ ھەم ئاچچىقلاندى، ھەم تىت-تىت بولدى، ئۇنىڭ ئۆزى بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ تازا بىر تۇتۇشقۇسى كەلدى. لېكىن بۇ چاغدا جەمئىيەتتە ئۇنى تۇتۇش ساداسى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى، شۇڭا ئۇ سەل

بىخەستەلىك قىلىپ قويسام، خەق چىقىپ قويامدىكىن دەپ، تالا-تۈزىگە چىقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، كۈنبويى دەككە-دۈككىدە ئۆتتى. تويىلاڭچىلار تۇۋلىغان "ئۆلسەك شېھىت، ھايات قالساق غازى"، "ئىسلامىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ شېھىت بولساق جەننەتكە كىرىمىز" دېگەنگە ئوخشاش شۇئارلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۈنىڭدىن چىققان بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يالغان، ساختا سۆز ئىكەنلىكى، بۇ شۇئارلارنى مەخسۇس ئاشۇ نادان دىن مۇرتلىرىنى ئالداش ئۈچۈن ئىشلەتكەنلىكى ئۈنىڭغا ئايان ئىدى، ئۇ ئۆلۈشنى خالىمايتتى، قانداقتۇر جەننەتكە كىرىشنىمۇ خالىمايتتى.

بۇ چاغدا، خەلق ھۆكۈمىتى يەنىلا داۋاملىق ئابدۇھېمىتنى قولغا كەلتۈرۈش، قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۈنىڭ تۇغقانلىرى ئارقىلىق ئۈنىڭغا ئاشكارا خەت ئەۋەتىپ، ئۈنىڭغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، كەڭچىلىككە ئېرىشىش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. لېكىن بۇ چاغدا، ئابدۇھېمىت ئاخىرىغىچە جاھىللىق بىلەن قارشىلىشىش قارارىغا كەلگەنىدى. شۇڭا بىخەتەر بولسۇن ئۈچۈن، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ مەخپىي يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇۋۇن ئۆتمەي ئابدۇھېمىت قاراقاش ناھىيىسىدە خېلىچىخان دېگەن بىر ئايالنىڭ بارلىقىنى، ئۈنىڭ دائىم ئاممىنى يىغىپ كېچىچە قۇرئان ئوقۇپ چىقىدىغانلىقىنى ھەمدە شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىقىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، قورسىقىغا جىن كىردى. خېلىچىخان مىلىك ھەزرەت (1933-يىلى قۇرۇلغان قورچاق ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)نىڭ ئاسراندى قىزى شۇنداقلا ئۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە تەرەققىي قىلدۇرغان سوپى بولۇپ، بۇ يىل 30 ياشتا ئىدى. ئۇ راھەتكە يۈگرەيدىغان، جاپادىن قاچىدىغان ئايال بولۇپ، ئون نەچچە ئەرگە تەگكەن، نەشە چەككەنلىكى، پاھىشە قىلغانلىقى ئۈچۈن ج خ ئىدارىسى تەرىپىدىن يىغىۋېلىنىپ تەكشۈرۈلگەن. يېقىندا ئۇ يەنە ھەسەن دېگەن بىر نەشىكەش بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ بىر ئۆيدە

تۇرۇۋاتقانىدى. ئابدۇھېمىت ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كۆچ توپلاپ، يەنە بىر قېتىم توپىلاڭ قوزغاش نىيىتىگە كەلدى.

خېلىچخان ئابدۇلھېمىت دامولللىنىڭ ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش چوڭ ئىشنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئۆزى بىۋاستە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن خۇدىنى يوقىتىپ، ئۆلگۈچە ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ ھەسەن بىلەن بىرلىكتە ئابدۇلھېمىت دامولللىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ كۈچلۈك دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، ساختىپەزلىك قىلىپ زور تۈركۈم ئاممىنى مازارنى تاۋاپ قىلىشقا قايمۇقتۇرۇپ ھەمدە شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرنى ئازدۇردى. خېلىچخان ئۆزىنى "ئايال ئەۋلىيا" دەپ ئاتاپ، مازارنى تاۋاپ قىلىپ كەلگەنلەرگە: "ھەممىمىز ئابدۇھېمىت دامولللامنىڭ مۇرتلىرى، بىز ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك" دېدى. ئۇ يەن فېئودال خۇراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ "بىز توپىلاڭ كۆتۈرسەك، ئاللا بىزنى يۆلەيدۇ" دەپ ئاممىنى ئەخمەق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە نەشە چېكىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق بىر قىسىم نەشىكەشلەر ۋە لۈكچەكلەرنى ئۆز يېنىغا تارتتى.

1957-يىل 4-ئاينىڭ 12-كۈنى، خېلىچخان، ھەسەنلەر تاياىچلارنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، توپىلاڭ قوزغاشنى پىلانلىدى. خېلىچخان بىلەن ھەسەن "ئىسلام ھۆكۈمىتى" نىڭ رەئىسى بولدى، ئۇلار يەنە مۇئاۋىن رەئىس، توپىلاڭنىڭ قوماندانى ۋە تۇەنجاڭ، سەنموجاڭ قاتارلىق چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلارنى بېكىتىپ، 4-ئاينىڭ 17-كۈنى يەنى ئىسلام دىنى بويىچە رامىزاننىڭ ئون يەتتىسى توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى. ئالدى بىلەن خوتەن ناھىيىسى 6-رايونلۇق ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلىپ، ئاندىن تەرتىپ بويىچە بانكا، ئاشلىق ئامبىرى، تەمىنات-سودا كوپېراتىپىنى بۇلاش، يېپەكچىلىك

www.uyghurweb.net

فابرىكىسىغا ھۇجۇم قىلىش، ئەڭ ئاخىرى خوتەن ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، "ئىسلام ھۆكۈمىتى" قۇرۇشتىن ئىبارەت تويىلاڭ لايىھىسىنى تۈزۈپ چىققتى.

4-ئاينىڭ 15-كۈنى، خېلىچېخان 150 تىن كاپرەك ئادەمنى يىغىپ، خوتەن 6-رايوندىكى مازاردا تويىلاڭدىن بۇرۇنقى تەييارلىق ئىشلىرىنى ئىشلىدى. ئۇ چاغدا، خوتەن ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى بۇنىڭىن خەۋەر تېپىپ بولغانىدى. شۇڭا ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ناھىيە، رايون كادىرلىرى ۋە ج خ كادىر، ساقچىلىرى بولۇپ 20 دىن كۆپرەك ئادەمنى نەق مەيدانغا ۋەقەنى تىنجىتىشقا ئەۋەتتى. خېلىچېخان ھاكۇمەتنىڭ خىزمەتچى خادىم ئەۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىشنى يىغىشتۇرۇش ئۇياقتا تۇرۇسۇن، ئەكسىچە ئەكسىيەتچىل خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ، باشلامچىلىق بىلەن قاتىللىق قورالى ئارقىلىق خىزمەتچى خادىملارنى ئۇردى. خىزمەتچى خادىملار ئارىسىدا دىنىي زاتلارمۇ بولغاچقان خېلىچېخان ئاممىنىڭ ئۇلارنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاپ توپىلاڭنى توختىتىپ قويۇشىدىن قورقۇپ، ئاممىنىڭ ئالدىدىلا ئىشتىنىنى سېلىپ ئۇلارنى ئاغزىغا كەلگەنچە تىللاپ، ھاقارەتلەپ، ئاممىنى جېنىنىڭ بارىچە قۇتراتتى. خېلىچېخاننىڭ قۇتېيتىشى بىلەن توپىلاڭچىلار قاتىللىق قورالىنى ئېلىپ خىزمەتچى خادىملار بىلەن كادىر، ساقچىلارنى قورشىۋېلىپ، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، خوتەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ناسىر ھاجىنى ئۇرۇپ قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۈچ كادىر-ساقچىنى ئۇرۇپ زەخمىلەندۈردى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمەت سىلى مۇپتىنىمۇ يارىلاندۇردى ھەمدە ئۈچ مىلتىقنى تارتىۋېلىپ، ئۆلگەنلەرنىڭ يېنىدىكى پۇل-مېلىنى قۇرۇتىۋەتتى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى ئەۋەتكەن قوراللىق ساقچى قىسىم ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا خېلىچېخان

ئەسەبىيلەرچە:"كۆپچىلىك قورقماڭلار، بىز خۇدا دەپ توۋلايدىغانلا بولساق، ئۇلارنىڭ قولىدىكى مىلتىقتىن ئوق چىقمايدۇ، ئۇ كاپىرلارمۇ بىزگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ. . . مۇھەممەت ئىمىن 7000 ئادەمنى باشلاپ تەۋەككۇل (خوتەن 8-رايون)نى ئىگىلىدى، ئۇلار ئايروپىلان، ماشىنا بىلەن بىزنى ئالىغىلى كېلىدۇ. . . " دەپ ۋارقىرىدى. خېلىچىخانىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن نەق مەيداندا تۇرغان 60 تىن كۆپرەك توپىلاڭچى قورالىلىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىگە تەلۋىلەرچە زورىۋانلىق قىلدى. قورالىلىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى ئامالسىز ئوق چىقىرىپ باش جىنايەتچى ھەسەن تۇردى باقىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، ئالتە ئادەمنى ئېتىپ يارىلاندۇردى، 37 ئادەمنى قولغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن 4-قېتىملىق توپىلاڭ تىنجىتىلدى.

(3) ھەر مىللەت ئاممىسى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئاساسىي قوشۇن

1954-يىلىدىكى 1-قېتىملىق توپىلاڭدىن تاكى 1957-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، خوتەندە كۆلىمى ئوخشاش بولمىغان سۇيىقەست، توپىلاڭ دېلوسىدىن جەمئىي 14 ى ئالدىن پىلانلاندى ۋە يۈز بەردى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىنىڭ ياردىمى، قوللىشى ئارقىسىدا، ئۇنىڭ ئۇنى سۇيىقەست ئىشقا ئاشقۇچە تار-مار قىلىندى، تۆت قېتىملىق توپىلاڭمۇ تېزلىك بىلەن تىنجىتىلدى. توپىلاڭنى تىنجىتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسى تىنجىتىشقا پائال قاتنىشىپ، باتۇرلۇق ۋە چېچەنلىك بىلەن تۇرلۇك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، بۆلگۈنچىلەر ۋە توپىلاڭچىلارغا قارشى كۈرەش قىلىپ، توپىلاڭنى تىنجىتىشنىڭ ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشتى.

خوتەندە 1-قېتىم توپىلاڭ يۈز بەرگەندە، ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىغا خەۋەرنى دەسلەپتە دەل قاراقاش ناھىيىسىدىكى بىر دىنىي زات يەتكۈزدى. توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىبېشى ئادۇھېمىت ئۈنى بىۋاستە ئىزدەپ بېرىپ، ئۈنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، ئۈنىڭدىن مۇرتلارنى ئالاقىلىشىپ توپىلاڭغا قاتناشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلغان ھەمدە ئۈنى ئىشان مەزھىپىنىڭ كاتتىبېشى قىلىپ تەيىنلەشكە ۋەدە بەرگەندە، بۇ دىنىي زات بۇنى شۇ جايدىلا رەت قىلغان ھەمدە ئۈنىڭ جىنايى قىلمىشىنى ئەيىپلىگەن. ئارقىدىنلا ئۇ ھۆكۈمەتكە دوكلات قىلىپ، ۋىلايەت رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنى تەييارلىق كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

توپىلاڭ داۋامىدا، قاراقاش ناھىيىسىدىكى توپىلاڭچىلار يېزا ئىگىلىك 3-تۈەنىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، بىر ئامانلىق كادىرنى كېچىدە ئۆزلىرىگە يول باشلاپ بېرىشكە مەجبۇرلىدى. ئۇ ئەقىل ئىشلىتىپ دەرھال ماقۇل بولدى. لېكىن يول ئۈستىدە قەستەن ئەگىپ مېڭىپ، قاراڭغۇدا يول ماڭماق تەس دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۇياققا مېڭىپ، بۇياققا ئەگىپ ۋاقىتنى كەينىگە سوزدى. يېزا ئىگىلىك 3-تۈەننىڭ ئەتراپىغا يېتىپ بارغاندا تاڭ سۈزۈلدى. بۇ چاغدا ئۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ توپىلاڭچىلار قوشۇنىدىن قۇتۇلۇپ, رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا ۋاقتىدا دوكلات قىلدى، شۇنىڭ بىلەن، خوتەندىكى رەھبەرلىك ئورگىنى توپىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. تاڭ ئېتىپ قالغانلىقتىن، توپىلاڭچىلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا ئامال قىلالماي، قايتىپ بېرىپ رايونلۇق تەمىنات-سودا كوپېراتىپىنى بۇلىدى. بىر ئامانلىق مۇدىرى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆزى يالغۇز توپىلاڭچىلارنىڭ پېيىگە چۈشۈپ، ئىككى كېچە-كۈندۈز ئىش ئورنىدىن ئايرىلماي پوست تۇردى ھەمدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 21 توپىلاڭچىنى تۇتتى، ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك 3-تۈەنى ئەۋەتكەن قوراللىق ساقچى خادىملىرىغا

ماسلىشىپ، بۇ توپىلاڭچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى تىنجىتىپ، دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىنى قوغداپ قالدى.

قاراقاش ناھىيىسى 4-رايون يېزىسىدىكى بىر دىنىي زات بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ دىنىي مۇرتلار بىلەن ئالاقىلىشىپ توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چوڭ ئىش يۈز بەرگۈدەك دەپ ئويلاپ، ئىشەككە مىنىپ كېچىلەپ ناھىيە بازىرىغا بېرىپ دوكلات قىلدى. يول يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك تېز ماڭغاچقا، ئىشەك يېرىم يولدا ھېرىپ قېلىپ يېتىۋېلىپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى. بۇ ئاخۇنۇم ئىچى تىتىلداپ، ئاررۇلۇق ئىشكى بىلەنمۇ كارى بولماي، كېچىلەپ يۈرگەندەك مېڭىپ ناھىيە بازىرىغا بېرىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى.

1956-يىلى لوپتا توپىلاڭ يۈز بەرگەندە، 3-رايون 1-يېزىدىكى پومېشچىكنىڭ ئوغلى ئابدۇغېنىللا يېزا ئاھالىسىنى توپىلاڭغا قاتنىششقا قۇتراتقان. ئۇ ئالاقىلىشىپ 120 كىشىلىك قوشۇن توپلاپ، ۋىلايەتتىن ئەۋەتكەن ئۈچ خەنزۇ كادىرنى باغلاپ قويغان، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئاندىن باشقا توپىلاڭچىلار بىلەن ئۇچراشماقچى بولغان. دەل مۇشۇ خەتەرلىك پەيتتە، شۇ رايوندىكى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ھەسەن خوجامەمەت بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئوتتۇن كېسىدىغان پالتىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىپ، ئۆزى يالغۇز كىشىلەر ئارىسىغا بۆسۈپ كىرىپ، ھەققانىي سۆزلەر بىلەن توپىلاڭچىلارنى ئەيىپلەپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشىنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش جىنايىتى ئىكەنلىكىنى پاش قىلىپ، ئاممىغا ئالدانماسلىق ھەققىدە تەربىيە بەردى، كۆپ ساندىكى ئامما بۇ يەرگە ئالدىنىپ كەلگەچكە، ھەسەننىڭ مەردانىلىق بىلەن قىلغان يوللۇق، پاكىتلىق سۆزىنى ئاڭلاپ، بىر-بىرلەپ قولىدىكى قورالنى تاشلاپ، باغلاپ قويۇلغان كادىرلارنى قۇتقۇزۇۋالدى. بىر قىسىم ئامما غەزەپلەنگەن ھالدا ئابدۇغېنىللا قاتارلىقلارنى ئەيىپلەپ، ئالدىنىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا مېڭىشقا تاس قاپتۇق، دېدى. كۆپچىلىك

گەپ-سۆزسىز ئىتىلىپ بىرىپ ئابدۇغىنىللا قاتارلىق ئۈچ غوللۇق ئۇنسۇرنى مەھكەم باغلاپ، ھەسەننىڭ باشچىلىقىدا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىگە يالاپ ئاپىرىپ بەردى ھەمدە بۇلغان نەرسىلەرنى تولۇق قايتۇرۇپ بەردى.

قاراقاشتا توپىلاڭ باشلانغاندىن كىيىن، بىر توپ توپىلاڭچى قاراقاش ناھىيىسى 1-يىزا 1-كەنتتە تىپىرلاپ يۈرۈپ، شۇ كەنتتىكى يىزا ئىگىلىك كوپىراتىپى ئەزالىرىنى توپىلاڭغا قاتنىششقا قۇتراتقان. كوپىراتىپ مۇدىرى سىيىت بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كىيىن دەرھال يىتىپ كىلىپ، قۇتراتقۇچىلارنى قاتتىق ئەيىپلىدى ھەمدە كوپىراتىپ ئەزالىرىنى سەمىمىي ئاگاھلاندۇرۇپ:"بۇنداق قىلىش جىنايى قىلمىش ھىسابلىنىدۇ، يىزا ئىگىلىك كوپىراتىپى ئەزالىرىدىن ھىچقايسىڭلارنىڭ بىرىشىغا رۇخسەت يوق، ئەگەر كىمكى بىرىشقا جۈرئەت قىلىدىكەن، ئۇنى دەرھال تۇتۇپ ج خ ئىدارىسىغا ئاپىرىپ بىرىمەن" دىدى. ئۇ يەنە تەرىنى تۇرۇپ توپىلاڭچىلارغا: دەرھال كىتىش، بولمىسا ھەممىڭنى تۇتىمەن! دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. سىيىتنىڭ ئارىلىششى بىلەن، بۇ بىر توپ كىشىلەر ھەم ئۇنىڭغا ئۆچلۈكى كىلىپ، ھەم ئۇنىڭدىن قورقۇپ، ئامالسىز سالپايغىنىچە تىكىۋەتتى. باقى توپىلاڭچىلارنى باشلاپ، نەچچە يۈز ئاممىنى مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ رايونلۇق ھۆكۈمەتكە قورشاپ ھۇجۇم قىلىغاندا، ئۈچ نەپەر رايون رەھبىرى نەق مەيدانغا يىتىپ كىلىپ، خەۋپ-خەتەردىن قورقماي، توپىلاڭچىلارنىڭ غالجىرلىقىغا ۋە قان ئىقىش، قۇربان بىرىش خەۋپىگە قارىماي، ئالدانغان ئاممىغا پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستىنى پاش قىلدى ھەمدە ئاممىنى سۇيىقەستچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. بۇ بىر نەچچە رەھبەرنىڭ قەتئىي كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا، كۆپ ساندىكى ئاما قۇتراتقۇچىلارنىڭ سۇيىقەستىنى بىلىۋىلىپ، بىر-بىرلەپ قورالنى تاشلىدى ھەمدە ج خ تارماقلىرىنىڭ نەق مەيداندىلا

باشلامچى تايانچلارنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستىنى تار-مار قىلىشقا ھەمكارلاشتى. خېلىچېخان توپىلاڭ كۆتۈرگەن مەزگىلدە، خوتەن ناھىيىلىك سىياسي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ناسىر ھاجى قاتارلىق كىشىلەر ج خ خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنى نەسىھەت قىلىپ توسۇشقا باردى. نەق مەيداندا ئۇلار ئەسەبىيلەشكەن توپىلاڭچىلار ئالدىدا قىلچىمۇ قورقماستىن پاكىت سۆزلەپ كۈرەش قىلىپ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، يامان ئادەملەرنىڭ سۇيىقەستىنى پاش قىل\ى. توپىلاڭچىلار شەرمەندە بولغانلىقىدىن غەزەپلىنىپ، ۋەھشىيلىك بىلەن زوراۋانلىق قىلىپ، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ بولمىغان ناسىر ھاجى بىلەن بىر نەچچە ج خ خادىمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ناسىر ھاجى قاتارلىق كىشىلەر قۇربان بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قېنى ئاممىنىڭ كۆزىنى روشەنلەشتۈردى. مەيداندىكى ئاممىنىڭ كۆپىنچىسى ئاق كۆڭۈل، دۇرۇس ھاجىمنىڭ قاراپ تۇرۇپ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ئازابلىنىپ، قاتىللىق قورالىنى تاشلاپ، نەق مەيداندىن ئاستا كېتىپ قالدى. توپىلاڭنى تىنجىتقۇچى خادىملار يېتىپ كەلگەندە، نەق مەيداندا پەقەت 60 تىن كۆپرەك جاھىل ئۇنسۇرلا قالغان بولۇپ، توپىلاڭنى تىنجىتىشتىكى بېسىم خېلى يېنىكلەپ قالغانىدى، بۇنىڭدىن باشقا، ھەر قېتىم توپىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىن، نۇرغۇن جىنايەتچى نەق مەيداندىن قېچىپ كەتتى، لېكىن ئاخىرى يەنىلا ئاممىنىڭ پاش قىلىشى ۋە بىۋاستە ياردەم بېرىشى بىلەن قولغا چۈشتى. 1-قېتىملىق توپىلاڭدا توردىن چۈشۈپ قالغان 40 تىن كۆپرەك توپىلاڭچى پاش قىلىنىپ قولغا چۈشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بەشى باش جىنايەتچى. 2-قېتىملىق توپىلاڭدا 24 باش جىنايەتچى قولغا چۈشتى، ئاما ئاكتىپ ماسلاشقانلىقتىن، توپىلاڭچىلار تېگىشلىك جازاسىنى يېدى.

توپىلاڭ داۋامىدا، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسى توپىلاڭچىلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپلا قالماستىن، بەلكى خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قامالغانلارمۇ توپىلاڭچىلار بىلەن ھەمكارلاشمىدى. بەزىلىرى ھەتتا يامان يولدىن قايتىپ، ياخشى يولغا مېڭىپ تۆھپە كۆرسەتتى. 1954-يىلى، توپىلاڭچىلار ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىنىڭ خىش زاۋۇتىغا ھۇجۇم قىلغاندا، توپىلاڭنىڭ كاتتىۋېشى ئابدۇھېمىت ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، تۈرمە دەرۋازىسى ئاچساقلا جىنايەتچىلەر بىز بىلەن بىرلىكتە ئىسيان كۆتۈرىدۇ دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئەمەلىيەت دەل ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. جىنايەتچى خۇ كۈي ئامالسىز توپىلاڭچىلارنى ماشىنا بىلەن دېگەن يېرىگە ئاپىرىپ قويۇشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، لېكىن يېرىم يولدا بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنى تاشلاپ قويۇپ، ماشىنىنى ھەيدەپ خوتەن ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىغا بېرىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلدى ھەمدە توپىلاڭنى تىنجىتقۇچى قىسىمنى ماشىنا بىلەن ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا ئاپىرىپ قويۇپ، توپىلاڭنى ۋاقتىدا تىنجىتىش يولىدا خىزمەت كۆرسەتتى. پەتىردىن زورمۇ-زور تارقىتىپ بەرگەن مىلتىقنى قولغا ئالغان بىر جىنايەتچى مىلتىقتىن بىر پايمۇ ئوق چىقارماي، توپىلاڭنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، خوتەن ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىغا بېرىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قورال تاپشۇرۇپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. قويۇپ بېرىلگەن باشقا جىنايەتچىلەرمۇ ئۆزلۈكىدىن تۈرمىگە قايتىپ كەلدى. پۈتكۈل توپىلاڭ داۋامىدا بىر جىنايەتچىمۇ توپىلاڭچىلارغا ئەگىشىپ شۇملۇق قىلمىدى.

خوتەن توپىلىڭىنىڭ باش كاتتىۋېشى ئابدۇھېمىت گەرچە ئىنتايىن قۇۋ، ھىيلىگەر بولسىمۇ، لېكىن كەڭ ئاممىنىڭ ئويغۇنۇشى ۋە پاش قىلىشى بىلەن ئاخىرى يەنىلا يوشۇرۇنغان گەمىسىدە قولغا چۈشتى. توپىلاڭنى تىنجىتىش داۋامىدا، قانلىق

www.uyghurweb.net

ئەمەلىيەت ئاممىنى تەربىيىلىدى، نۇرغۇن ئامما مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تونۇپ يەتتى، ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ج خ ئورگىنىنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى تۇتۇشىغا پائال ماسلاشتى. بىر قېتىم، ياشىنىپ قالغان بىر نەچچە ئۇيغۇر ئايال ج خ خادىملىرىغا ئۆزلىرى بايقىغان يىپ ئۇچىنى مەلۇم قىلدى. ج خ خادىملىرى مۇشۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، ئىز قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئاندىن ئابدۇھېمىت يوشۇرۇنغان جاينى تاپتى، ئابدۇھېمىت قاراڭغۇ، سېسىق گەمىدىن تۇتۇپ چىقىلغاندا چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن، چىرايىدا قان دىدارى قالمىغانىدى، پۈتۈن بەدىنىدىن كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان بىر خىل سېسىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى. قورققانلىقىدىنمۇ ياكى ئۇمىدسىزلەنگەنلىكىدىنمۇ، ئىشقىلىپ پۈتۈن بەدىنى غالىلداپ تىترەپ تۇراتتى. خوتەندە بىر مەھەل نام چىقارغان بۇ توپىلاڭ پىلانلىغۇچى، توپىلاڭنىڭ باش قوماندانى پارلاق قۇياش نۇرىدا ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ، زۇۋان سۈرەلمەي، لەقۋالىشىپ يەرگە چاپلىشىپ قالغانىدى.

خوتەن ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، بۆلگۈنچىلەر قوزغىغان تۆت قېتىملىق توپىلاڭنى تىنجىتىپ، توپىلاڭنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى ئابدۇھېمىتنى تۇتۇپ، توپىلاڭنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ، خوتەنگە كۆپ يىل زىيان يەتكۈزگەن مىللىي بۆلگۈنچى كۈچنى يوقىتىپ، خوتەنگە كۆپ يىل زىيان يەتكۈزگەن مىللىي بۆلگۈنچى كۈچنى يوقىتىپ، بۇ قېتىمقى كۈرەشنىڭ ئۈزۈل-كېسىل غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ قېتىمقى كەسكىن كۈرەشتە خەلق ناھايىتى زور بەدەل تۆلىگەن بولسىمۇ، لېكىن سەلبىي جەھەتتىنمۇ چېنىقتى ۋە تەربىيە ئالدى. بۆلگۈنچىلەرنىڭ جىنايەت پاكىتى ئاممىنىڭ كۆزىنى روشەنلەشتۈردى، ھەق-ناھەقنى ئېنىق

ئايرىۋېلىشىغا تۈرتكە بولدى، بۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئاشۇ بۆلگۈنچىلەرنىڭ دەل بۇ قانلىق ۋەقەلەرنىڭ باش جىنايەتچىسى، بارلىق مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنىڭ يىلتىزى ئىكەنلىكىنى، تىنچ، خاتىرجەم، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم خەلىققە خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقان ئاشۇ مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىپ، خوتەننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تىنچ، خاتىرجەم مۇھىت يارىتىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى.

1958-يىلىدىن ئېتىبارەن، خوتەن ۋىلايىتىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ناھايىتى تېز ئازايدى. ھەر مىللەت خەلقى ئىناق مۇھىتتا خوشال-خۇرام تىرىكچىلىك قىلدى، تىرىشىپ ئىشلىدى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىمۇ ياخشىلاندى. دۆلەت قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، خوتەن خەلقى ئۆزىگە يېتەرلىك ئاشلىق ئېلىپ قېلىپ، تۇرمۇشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرغاندىن سىرت يەنە باشقا جايلار ۋە باشقا ئۆلكىلەرگە 7 مىليون 380 مىڭ كىلوگىرام ئاشلىق يۆتكەپ بېرىپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە غەلىبە قازىنىپ، تىنچ مۇھىت ياراتقانلىقىدىن ئايرىلمايدۇ.

6 . مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى"نىڭ قەيەستىن چىقىشى ۋە يوقىتىلىشى

(1) "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى"نىڭ قەيەستىن چىقىشى

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيان، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىزچىل تۈردە ئاتالمىش شىنجاڭنى "مۇستەقىل"قىلىش ۋە "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى"قۇرۇش ئەكسىلئىنقىلابىي

بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن خۇپىيانە شۇغۇللىنىپ كەلدى، ئۇلار كۆپ قېتىم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىش تېرىپ، توپىلاڭ ۋە ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەلىرىنى پىلانلىغان ۋە سادىر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن پارتىيە ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئاممىسى تەرىپىدىن بىتچىت قىلىنىپ، شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولدى. بۇ بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر يەنىلا مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، 60-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، پائال ھەرىكەتلىنىپ كەڭ ئالاقە باغلاپ، ئېنىق سىياسىي پروگراممىسى بولغان ئەكسىلئىنقىلابىي پارتىيە قۇرۇشنى مەخپىي پىلانلىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدا دۆلەت ئىچىدىكى جاھانگىرلىككە، زومىگەرلىككە قارشى كۈرەشنىڭ كۈچلۈك ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، قاراملىق قىلىشقا پېتىنالماي، يوشۇرۇن پۇرسەت كۈتۈپ يېتىپ، نىشانىنى كۆزىتىۋاتاتتى. "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى، ئۇلار تەشكىللىك، پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى تىزگىنلەپ، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئارقىلىق ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي پارتىيە قۇرۇپ، تېخىمۇ چوڭ دائىرىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى مەخپىي پىلانلىدى. ئۇلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى"، "شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشى ئىتتىپاقى"، "شەرقىي تۈركىستان ياشلار ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارمىيىسى"، "ياشلار ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارمىيىسى"، "ئىنتىقام ئالغۇچىلار جەمئىيىتى" قاتارلىق ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى قۇردى. "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى" بۇلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ئەكسىلئىنقىلابىي بۆلگۈنچىلىك گورۇھى تەشكىلاتى.

1967-يىل 4-ئاينىڭ 10-كۈنى، ئۈرۈمچى بىلەن قەشقەردە "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى" (قىسقارتىلىپ شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى" دېيىلىدۇ) خۇپىيانە قۇرۇلدى. دەسلەپتە ئۇنىڭ نامى "ئۇيغۇرىيە (ستان) خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى" دەپ ئاتالدى. كېيىن كۆز بوياپ، ئاممىنى ئالداش ئۈچۈن، بۇ نام شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ نامى بىلەن ئوخشاش قىلىپ ئۆزگەرتىلدى ھەمدە قۇرۇلغان ۋاقتى 1960-يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنى (1844-11-12-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغان كۈن) دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1968-يىلى 2-ئايدا "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى" تەشكىللەندى ھەمدە بىر نەچچە ئەزا ۋە كاندىدات ئەزادىن تەشكىل تاپقان "مەركىزىي ھەيئەت رىئاستى" تەسىس قىلىندى.

"شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى" قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلار "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابي"دا تەرەپبازلىق كۈرىشى يامرىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تەشكىلاتىنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك ۋە ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى پائال پىلانلىدى. "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى" ئۆزىگە بىۋاستە تارايدىغان "تەڭرىتاغ قىساسچىلىرى"، "تەڭرىتاغ ئۇلارلىرى"، "ياشلار تەشكىلاتى" دىن ئىبارەت ئۈچ ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتتىن باشقا، 1969-يىلى 1-ئايدىن 4-ئايغىچە، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى ئۈرەمچى شۆبىسى، ئالتاي شۆبە بيۇروسى، ئىلى كومىتېتى، بورتالا شۆبە بيۇروسى، قەشقەر جەنۇبىي شىنجاڭ بيۇروسى قاتارلىق تاماق ئاپپاراتلارنى قۇردى. بۇ تارماق ئاپپاراتلار يەتتە ئۆز تەۋەلىكىدە ۋىلايەتلىك كومىتېت، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) كومىتېت، رايونلۇق كومىتېت، ياچېيكا قاتارلىق 78 ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 12 ۋىلايەت،

ئوبلاست، شەھەرگە ۋە ئاپتونوم رايوندىكى 22 رايون دەرىجىلىك ئورۇنغىچە كېڭەيدى.

(2) "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى"نىڭ پروگراممىسى ۋە ئۇنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى

"شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى" پروگراممىسى، تەشكىلاتى، پىلانى، ھەرىكىتى بولغان ئەكسىلئىنقىلابىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلارتى بولۇپ، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە، ئېلىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشنى تەرغىپ قىلدى. ئۇ "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ئەكسىئىنقىلابىي تەشكىلاتنى ھەدەپ راۋاجلاندۇرۇپ، ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى تارقىتىپ، دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىنى تالان-تاراج قىلىپ، قورال-يارىغ، ئوق-دورا تولاپ، ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بازىسى قۇرۇپ، "مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيى" قۇرۇشقا ئۇرۇندى.

"شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى" قۇرۇلغاندىن كېيىن، "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى" بىلەن "شۆبە بيۇروسى" ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، "ئۇيغۇرىيەنىڭ تەقدىرى"، "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى"، "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسى" قاتارلىق ئەكسىيەتچىل ھۆججەتلەرنى تەييارلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى خۇنۇكلەشتۈردى، "قوراللىق

كۈرەش قىلىپ" شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرىمىز، دەپ ئاشكارا داۋراڭ سالدى. بۇ ئەكسىيەتچىل ھۆججەتلەردە شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ، شىنجاڭ ئەزەلدىنلا بىر "مۇستەقىل دۆلەت" ئىدى، دەپ جۆيلۈپ،" شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى" بۇ نۇقتىنى خەلققە دائىم تەشۋىق قىلىپ تۇرىدۇ، دەپ كاپشىدى. بۇ مىللىي بۆلگۈنچىلەر يەنە "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى"نىڭ "پارتىيە گېربى"، "پارتىيە بايرىقى" ۋە "ئۇيغۇرىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى"نىڭ "دۆلەت بايرىقى" نۇسخىسىنى تەييارلىدى. ئۇلار ئاممىنى ئالداش ئۈچۈن، بەزىدە ماكسىزمنىڭ سۆز-ئىبارىلىرىنى تىلغا ئېلىپ قويۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك شۇملۇقى بىلەن شۇغۇللاندى.

"شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى" "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دىكى قالايمىقان ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندى. 1968-يىلى 2-ئايدا، "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى مەركىزىي ھەيئەت رىياسەتى" مەيدانغا كېلىشى بىلەنلا، ھەر تەرەپكە زور تۈركۈمدە ئادەم ئەۋەتىپ، ھەر تەرەپتىن ئالاقە باغلاپ، تەشكىلاتنى راۋاجلاندۇرۇپ مورت تويلىدى، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جىنباداۋ ئارىلىغا ۋە شىنجاڭ تارباغاتاينىڭ تېرەكتى رايونىغا قوراللىق تاجاۋۇز قىلىش ۋەقەسىدىن پايدىلىنىپ، سۆز- چۆچەك پەيدا قىلىپ ۋە تارقىتىپ، "سوۋېت ئىتتىپاقى پات يېقىندا باستۇرۇپ كېلىدۇ"دەپ گەپ سېتىپ، كۆچىنىڭ بارچە جىددىي كەيپىيات پەيدا قىلدى ھەمدە كىشىلەرگە بۆلۈنۈپ "مۇستەقىل"بولۇش پەيتى يېتىپ كېلەي دەپ قالدى، دەپ بېشارەت بەردى. ئۇلار يەنە "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى 23 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى" ۋە ھاكازا دەپ ماختىنىپ، بۇ ئارقىلىق ئاممىنى ئالداپ، تەشكىلاتنى كېڭەيتىپ تولۇقلىدى. ئۇلار ھەممىلا يەرگە سۇقۇنۇپ كىرىپ، ئۇرۇغ-تۇغقان، ئەل-ئاغىنە، ساۋاقداش، خىزمەتداشلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورىدىكى بارلىق ئەزالاردىن پايدىلىنىشقا ئادەتلىنىپ، ھەتتا زورلاۋاتلىق قىلىپ ۋە

تەھدىت سېلىپ، "تەشكىلاتىمىزغا قاتناشمىغانلارنى ئۆلتۈرىمىز، ئۆي بىساتىنى ئېلىپ كېتىمىز" دەپ جار سالدى. تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بارلار ۋە رېئاللىققا نارازى بولۇپ يۈرگەنلەرنى پۇل بېرىپ ئازدۇرۇپ، ئاندىن ئۇلارغا زوراۋانلىق قىلىپ تەھدىت سېلىپ، ئۇلارنى تەشكىلاتقا قاتنىشىشقا مەجبۇرلىدى.

"شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى" تەشكىلاتىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنىڭ ئاساسلىقلىرى "مەشئەل گېزىتى"، ۋە باشقا ئەكسىيەتچىل ماقالە، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى،كىتابچە قاتارلىقلار. ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئەزالىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قارشى رادىئو تەشۋىقاتىنى ئاڭلاشقا ئۇيۇشتۇردى. "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى"نىڭ بەزى ئاساسلىق ئەزالىرى كۆپلىگەن ئەكسىيەتچىل ماقالىلەرنى يېزىپ، تارىخنى كۆچەپ بۇرمىلاپ، پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە، سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ۋە پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىش، شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيانقى نەتىجىلەرنى يوققا چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئاشكارا تەرغىپ قىلىپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئۈچۈن جامائەت پىكرى تەييارلىدى.

"شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى" يەنە پائال ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ پىلانلىدى، ئەكسىلئىنقىلابىي بازا قۇرۇش قەستىدە بولدى. ئۇلار ھەرىكەت خىراجىتى توپلاش ئۈچۈن، بانكا، ئىسكىلات، ماگىزىن، ئاشلىق دۇكىنى قاتارلىقلارنى تەپتارتماستىن بۇلىدى، پەقەت ئۈرۈمچى، ئىلى، قارماي قاتارلىق جايلاردىلا 22 قېتىم بۇلاڭچىلىق قىلىپ، 100 نەچچە مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل بۇلىدى. ئۇلار يەنە "ئەزالىق بەدىلى" يىغىش، ئىئانە توپلاش ۋە "زايوم" تارقىتىش چارىلىرىنى قوللىنىپ خىراجەت توپلىدى. "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى"

تەپتارتماستىن "زايوم" بېسىپ چىقىرىپ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىمىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش غەرىزىنى ئاشكارلىدى.

"شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى" يەنە جايلاردىكى ئەزالىرىنى قورال - ياراغ، ئوق - دورا ۋە ماددىي - ئەشيا بۇلاشقا كۆپ قېتىم بۇيرۇپ، قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. "ئالتاي شۆبە بيوروسى"توپىلاڭغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى" بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۆپ قېتىم قورال - ياراغ سورىدى ھەمدە كىيىم - كېچەك، يەم - خەشەك قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلىدى، قېچىش يولىنى سىزىپ چىقتى. "بورتالا شۆبە بيۇروسى" كىچىك گازارما، ئاتلىق ئەسكەرلەر تارماق ئەترىتى ۋە ساقچىخانىنىڭ قورال - ياراغلىرىنى بۇلىغاندىن كېيىن، قارا تولۇق تېغىنىڭ ئېغىزىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قورال - ياراغ بازىسى قۇرۇپ، ئەكسىلئىنقىلابىي پارتىزانلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش قەستىدە بولدى. "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى ئىلى كومىتېتى"، "ئۈرۈمچى شۆبىسى"، "ئالتاي شۆبە بيۇروسى" ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 12 قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن موڭغۇلىيىگە ئادەم ئەۋەتىپ، قورال - ياراغ، تېلېگراف ئاپپاراتى سورىدى ھەمدە ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاسۇسلۇق، ئاخبارات ئورگىنى شىنجاڭغا توققۇز تۈركۈمدە خۇپىيانە ھالدا تۈركۈمدە 14ئادەم/ قېتىم تېلېگراف ئاپپاراتى، قورال - ياراغ ۋە ھەرىكەت خىراجىتى كىرگۈزۈپ، "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى" بىلەن ئالاقىلاشتى.

(3) "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى" نىڭ يوقىتىلىشى

"شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى" نىڭ تۇتقان تەتۈر يولى خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغاچقا، ئاخىرى يېتىم قېلىپ، مۇقەررەر يوقىلىش تارىخىي تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. 1969-يىلى 1-ئايدا،

ئاپتونوم رايونىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوغداش تارماقلىرىدىن تەشكىللەنگەن مەخسۇس دېلو تەكشۈرۈش بەنزىسى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق، "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى" نىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى ئاساسى جەھەتتىن ئىگىلەپ ھەمدە تولۇق، ئىشەنچلىك پاكىتلارنى قولغا چۈشۈرۈپ، بۇنىڭ ئازادلىقتىن بۇيان شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ تەشكىلاتى، پروگراممىسى، پىلانى، ھەرىكىتى بولغان ئەكسىلئىنقىلابىي بۆلگۈنچىلىك گۇرۇھى دېلوسى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى دېلونى دەرھال پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىدى. جۇ ئېنلەي دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ دېلونى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە دەرھال تۆۋەندىكىدەك مۇھىم يوليۇرۇق بەردى: دەلىل - ئىسپاتقا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەتكە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئارقىلىق قوماندانلىق قىلىڭلار؛ سىياسەتنى ئىگىلەپ، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان، پاكىتى تولۇق بولغان كاتتىۋاشلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئارقا تېرەكلىرىگە قاتتىق تەنقىد قىلىپ، قايمۇققان، مەجبۇرىي ئەگەشكەنلەر ۋە راستچىللىق بىلەن ئىقرار قىلغانلارنى كەڭچىللىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىڭلار؛ ئىشنى كېڭەيتىۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىڭلار، دۈشمەنلەرنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ، باشقىلارنى قالايمىقان چىشلەپ تارتىپ، دىققەت تېزلىرىنى باشقا ياققا يۆتكىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭلار. "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى" ئەكسىلئىنقىلابىي بۆلگۈنچىلىك گۇرۇھى 1970 - يىلى 3-ئايدا تارمار قىلىندى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كەڭ كوماندىر-جەڭچىلىرى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ پائال ماسلىشىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى"نى ئۇزۇل - كېسىل بىت - چىت قىلىش ۋە "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى" ئۇنسۇرلىرىنى

تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش يولىدا زور تۆھپە قوشۇپ،ئارمىيە بىلەن خەلق قول تۇتۇشۇپ توپىلاڭنى تىنجىتىشنىڭ زەربە مارشىنى ياڭراتتى.

1969 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ بيۇروسى"نىڭ كاتتىۋشى ئاخۇنۇف باشچىلىقىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭچىلار گۇرۇھى بىر تۈركۈم توپىلاڭچىلارنى يىغىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەكىت بىلەن قەشقەردىن يولغا چىقىپ، سەككىز تۈگمەندە ئۇچىرىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ بازىسى قۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئۇلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سۇيىقەستى باشلىنىشى بىلەنلا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىمىز ئەھۋالنى ئىگىلەپ بولغانىدى، ئۇلار كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن مەخسۇس ئورگانلارنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا ئىدى. 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى ئىگىلىگەن ئەھۋالغا ۋە خەلق ئاممىسى مەلۇم قىلغان ئەھۋالغا ئاساسەن، تېزدىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ پائال قوللىشى ئارقىسىدا، ئەكسىلئىنقىلابىي خورىكى ئىنتايىن ئۆسۈپ كەتكەن بۇ ئىككى تۈركۈم قوراللىق توپىلاڭچىلارنى قورشاپ يوقاتتى.

مەكىتتىن يولغا چىققان بىر تۈركۈم توپىلاڭچىلار بىر قېتىملىق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىز بىلەن خەلق ئەسكەرلىرىمىز يايغان تورغا چۈشتى، 40 تىن ئارتۇق توپىلاڭچى بىر ـ بىرلەپ قولغا ئېلىندى.

قەشقەردىن يولغا چىققان يەنە بىر تۈركۈم توپىلاڭچىلار مەخپىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كەتكەن يېرىنى بىلگىلى بولمىغانىدى، قوراللىق توپىلاڭچىلارنىڭ سۇيىقەستىنى ۋاقتىدا تارمار قىلىش ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرىمىز تېزدىن شۇ يەردىكى ھۆكۈمەتكە خەلق ئەسكەرلىرىنى ۋە خەلق

ئامىنىنى تەشكىللەپ، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قاتتىق كۆز-قۇلاق بولۇپ، توپىلاڭچىلارنىڭ ئىزدىرىكىنى ئىگىلەشنى ئۇقتۇردى.

ئۇلار توپىلاڭچىلارنىڭ ئاتۇش ناھىيىسى كاتتايلاق گۇڭشېسىنىڭ قىزىلسۇ سەككىز تۈگمەن ئەتراپىغا جايلاشقان ئارپىلىق داۋيىدىكى بىر خالىي تاغ جىلغىسىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن ئامىنى تەشكىللەپ، ئۇلارغا زەربە بېرىشكە تەييار تۇردى. 8-ئاينىڭ 22-كۈنى كەچ سائەت 12دە، خەلق ئەسكەرلىرى لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭىنىڭ دادىسى ئۆگزىدە تۇرۇپ تاغ قاپتىلىدىن كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئاۋازى كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ھەمدە نۇرغۇن كىشىنىڭ سايىسىنى خىرە - شىرە كۆردى. ۋەزىيەت ئېجرا قىلىۋاتقان خەلق ئەسكەرلىرى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، ئۇ يەردە نۇرغۇن خورۇم ۋە رېزىنكە ئاياغ ئىزىنى بايقىدى ھەمدە بۇ ئىزلارنىڭ بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىزى ئەمەسلىكىنى جەزىملەشتۈرۈپ، بۇ كىشىلەرنىڭ كېچىسى يول يۈرۈپ، كەنتكە كىرىشكە پېتىنالمىغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ دەل ئاشۇ توپىلاڭچىلار بولۇش ئېھتىمالى ناھايىتى چوڭ، دەپ قارىدى. ۋەزىيەت ئېجرا قىلىۋاتقان خەلق ئەسكەرلىرى توپىلاڭچىلارغا قوغلاپ زەربە بېرىۋاتقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرىمۇ كۈچ تەشكىللەپ توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ ماڭدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يەرلىك ئامىنىڭ ياردىمى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن، شۇ يەردىكى بىردىنبىر سۇ مەنبەسىدە توپىلاڭچىلارنى بايقىدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى ئۆز ئارا ماسلىشىپ، توپىلاڭچىلارنى تېز سۈرئەتتە قورشاپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىرىگە زەربە بېرىپ، توپىلاڭچىنى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈردى،

www.uyghurweb.net

توپىلاڭچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنى قولغا ئالدى، پەقەت ئالتە نەپەر توپىلاڭچى چېگرا تەرەپكە قېچىپ كەتتى.

چېگرىغا جايلاشقان ئاتۇش ناھىيىسى قارا جول گۇڭشېسىنىڭ مەسئۇلى توپىلاڭچىلارنىڭ مۇشۇ رايونغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەپ، ئازادلىق ئارمىيىگە ماسلىشىپ توپىلاڭچىلارنى ئىزدىدى. خەلق ئەسكەرلىرى توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ تۇتىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بەس ـ بەستە ئۆزلىرىنى تىزىملاتتى، بۇ ھەربىكەتكە ئايال خەلق ئەسكەرلىرىمۇ قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. خەلق ئەسكىرى توختى سىرىتقا چىقىپ قايتىپ كەلگەندى، ئۇ باشقا خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ توپىلاڭچىلارنى تۇتقىلى كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، شۇ ھامان باشقىلارنىڭ بىر ئېتىنى سوراپ تېزدىن باشقا باشقا خەلق ئەسكەرلىرىگە يېتىشىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، توپىلاڭچىلارنى ئىزدەشكە قاتناشقان خەلق ئەسكەرلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئەڭ ئاخىرىدا 62 خەلق ئەسكەرىدىن تەشكىل تاپقان توپىلاڭچىلارغا قوغلاپ زەربە بېرىش، توپىلاڭچىلارنى ئىزدەش ـ تۇتۇش قوشۇنى شەكىللەندى. خەلق ئەسكەرلىرى غەزەپ ـ نەپرىتى تاشقان ھالدا توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ تۇتقۇچى ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن بىرلىكتە تاغ ـ ئېدىرلاردىن ئېشىپ، بىر كېچە ـ كۈندۈزدە 70 نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ، سۇ ۋە يىمەك ـ ئىچمەك كەمچىل بولغان جاپالىق مۇھىتتا، روھلۇق، جەڭگىۋارلىق بىلەن كۈرەش قىلىپ، قېچىپ سوقۇنۇۋالغان توپىلاڭچىلارنى تېزلا قولغا چۈشۈردى.

تەپىلاڭچىلارنى بىرلىكتە قورشاپ يوقىتىش جېڭىدە ئارمىيە بىلەن خەلق بىلىق بىلەن سۇدەك چوڭقۇر رىشتە ئورناتتى، خەلق ئاممىسى پەرزەنت ئەسكەرلەرنى قىزغىن سۆيىدىغان مەنزىرە ھەر ۋاقىت ھەممىلا يەردە كۆزگە چېلىقىپ تۇردى، بىر قېتىم ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى توپىلاڭچىلارنى ئىزدەپ تۇتۇش جەريانىدا بىر قاقاسلىقا كېلىپ قېلىپ، سۇ بولمىغاچقا قىينىلىپ قالغانىدى.

يېقىن ئەتراپتىكى ئاما بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال سۇ ۋە يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى، بىر موماي چوڭ بىر قوغۇندىن بىرنى ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىگە ئاپىرىپ بەردى. نۇرغۇن ئاما ئۆيلىرىدىكى ئاتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىگە توپىلاڭچىلارغا قوغلاپ زەربە بېرىڭلار دەپ بەردى. بەزى ئاما ئۇلارغا يول باشلاپ بېرىپ، توپىلاڭچىلارنى تۇتۇش ھەرىكىتىگە تەڭ قاتناشتى. بىر قېتىملىق توپىلاڭچىلارنى ئىز قوغلاپ تۇتۇش ھەرىكىتىدە، ھاۋا ئىسسىق، سۇ كەمچىل بولغاچقا، بىر ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى ئۆزىنىڭ يېرىم سۇدان سۈيىنى ئۆزلىرىگە يول باشلاپ ماڭغان چارۋىچى بوۋايغا بەرگەنىدى، بوۋاي بۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، قوينىدىن قولياغلىقتا ئىككى قات قىلىپ ئورالغان چوڭ بىر نەشپۈتنى ئاۋايلاپ ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. بۇ ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى نەشپۈتنى ئېلىپ كۆڭلىدە بۇ بىر تال نەشپۈت بولۇپلا قالماي، بەلكى چېگرا رايوندىكى خەلقنىڭ پەرزەنت ئەسكەرلەرگە بولغا كۆڭلى، دەپ ئويلىدى. ئۇ نەشپۈتنى ئۆزى يالغۇز يېيىشكە قىيماي، ئۇنى ئوراپ قوينىغا سېلىۋېلىپ، توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ تۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇپ لېيەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نەشپۈتنى پارچىلاپ، پۈتۈن بەندىكى جەڭچىلەرگە بىر پارچىدىن بەردى، كىچىككىنە بىر پارچە نەشپۈت خەلق ئاممىسىنىڭ پەرزەنت ئەسكەرلەرگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى. بىر كۈنى 60 ياشتىن ئاشقان بىر بوۋاي ئالتە دانە چوڭ قاچىلانغان خالتىنى يۈدۈپ، يولدا ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئاتايىتەن ساقلاپ تۇرغانىدى، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا "ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت " نى سۆزلەپ، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ئاممىنىڭ بىر تال يىپ ـ يىڭنىسىنىمۇ خالىغانچە ئالسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى، بوۋاي تەسىرلەنگىنىدىن كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا:

www.uyghurweb.net

"ئازادلىق ئارمىيە چەڭچىلىرى قۇربان بېرىشتىن قورقماي خەلقىنىڭ دۈشمىنىنى يوقاتتى، ئامىنىنىڭ نەرسىلىرىگە زىيان سالمىدى، زىرائەتلىرىگىمۇ دەسسىمىدى، بۇ بىز دېھقانلارنىڭ پەرزەنت ئەسكەرلەرگە ئەكەلگەن ئاددىي سوۋغىتىمىز، سىلەرگە بولغان كۆڭلىمىز، بۇنى ئالمىساڭلار بولمايدۇ" دېدى. خەلق ئاممىسىنىڭ پەرزەنت ئەسكەرلەرنى قىزغىن سۆيۈشتەك ئەمەلىي ھەرىكىتى ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنى ناھايىتى ئىلھاملاندۇردى، ئۇلار "چېگرا خەلقى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت خىزمەت قىلىمىز!" دەپ ئىرادە بىلدۈرۈشتى.

" شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى" ئەكسىلئىنقىلابىي بۆلگۈنچىلىك گۇرۇھىنى پاش قىلىش ۋە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ خىزمىتى ئارقىلىق، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر قېتىملىق سوتسىيالىزم ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە شۇنداقلا ماركسىزملىق دۆلەت قارشى ۋە مىللەت قارىشى تەربىيىسىگە ئىگە بولدى، ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىكپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ بۈگۈنى بولمايدىغانلىقىنى، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئازادلىققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنكىدەك بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغانلىقىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتى. "شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى" نىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە بىرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە زىيان سالدى، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى، ئۇنىڭ ھالاك بولۇشى مۇقەررەر ئىدى.

www.uyghurweb.net

## 7. 80-يىللاردا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ توپىلاڭغا ۋە مالىمانچىلىققا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى

80 - يىللارغا قويغاندىن بېرى، خەلقئارا مۇھىتنىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىش ۋەزىيىتىنىڭ كۈنسېرى روشەنلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا ئاساس قىلىنغان ئۇنۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتە كۈچ سىنىشىش خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى مۇھىم ئامىل،

تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات بوگۈنكى خەلقئارا جەمئىيەتتە ئاساسى ئېقىم بولۇپ قالدى، ئىلىمىزنىڭ خەلىئارادىكى ئورنىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە يۇقىرىقى ئامىللار ئىلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى نۇرغۇن پايدىلىق شارائىت ۋە تەرەققىيات پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى جۇڭگونىڭ تەرىققىياتىنى ۋە قۇدرەت تېپىشىنى توسۇشنىڭ قىيىنلىقىنى تونۇپ يېتىپ، جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىنى تەڭشەشكە مەجبۇر بولدى، لېكىن ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەش، جۇڭگونى "غەربلەشتۈرۈش"، "پارچىلاش" نىيىتى ئۆزگەرمىدى ھەم ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇلار بىرگە كۆپ تەرەپتىن سىڭىپ كىرىش، بۆزغۇنچىلىق، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، ئۇلار "مىللەت"، "دىن" بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتىن پارتىيمىز بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆكتىچىلەرنى ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دۆلەتنى پارچىلاشتەك بۆزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قوللىماقتا.

خەلقئارا بۇرژۇئازىيە ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئىلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشى 80 - يىللاردا تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ ئاشكارە ئېپادىلىنىشكە باشلىدى. ئۇلار سىياسىي تەشۋىقات، ھەرىكەت خىرىجىتى، قورال-ياراغ، ئوق-دورا، تۈپىلاڭچىلارنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىن شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تۈرلۈك بۆلگۈنچىلىك، بۆزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى قوللاپ كەلدى ھەمدە ھەر قايسى مەزگىللەردە شىنجاڭدىن چەت ئەلگە قېچىپ چىققان مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ئۈزلۈكسىز بىر يەرگە جەم قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىش مەقسىتىدە بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتىدىن ئوننى قۇردى. چەت ئەللەردىكى دۈشمەن

www.uyghurweb.net

كۇچلەرنىڭ قولىلىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى ئەۋج ئالدى، ئۇلار پىلانلىق، تەشكىللىك، پروگراممىلىق، مەقسەتلىك ھالدا چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن يىراقتىن دوست تارتىشىپ، جەمئىيەتتە تاسادىپىي يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن ۋە مىللەت، دىن جەھەتتە يۈز بەرگەن ئادەتتىكى مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ ئىش تېرىپ، تەلۋىلىك قىلىپ بىر قاتار توپىلاڭ كۆتۈرۈش، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، قانۇنسىز نامايىش قىلىش ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلىپ، تىغ ئۇچىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىگە قارىتىپ، شىنجاڭنى "مۇستەقىل" قىلىشقا ئۇرۇندى. مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشىغا ئېغىر دەرىجىدە خەۋپ يەتكۈزگەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزگەنلىكتىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارىشىلىقىغا ئۇچرىدى. ھەر مىللەت خەلقى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش داۋامىدا تىللاردا داستان بولغۇدەك شانلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك سەھىپىسى ياراتتى.

(1) بۆلگۈنچىلىك قىلغان، توپىلاڭ كۆتۈرگەنلەر مۇقەررەر ھالدا ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلىدۇ

1981 ـ يىل 1 ـ ئايدا، شىنجاڭدىكى بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قولىلىشى ئارقىسىدا، ئۇزاق مۇددەت مەخپىي پىلانلاش ئارقىلىق پەيزىۋات ناھىيىسىدە بىر ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرماقچى بولدى. 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئۇلار مەخپىي كېڭىيشىپ، "شەرقىي تۈركىستان يالقۇن

پارتىيىسى" بايرىقىنى رەسمىي كۆتۈرۈپ چىقىپ، "مىللىي خەلق ئازادلىق سېپى"، "ئىقتىسادىي ئىشلار كومىتېتى"، "تەشكىلىي ئىشلار كومىتېتى"، "ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى" قاتارلىق تەشكىلىي ئاپپاراتلارنى قۇردى ھەمدە چوڭ، كىچىك كاتتىۋاشلارغا "رەئىس"، "شۇجى"، "دائىمىي كومىتېت ئەزاسى" قاتارلىق مەنسەپلەرنى بەردى. ئەكسىيەتچىل سىياسىي پروگراممىنى، يەنى "دۇنيادا مەلۇم ئورۇنغا ئىگە بولغان ئىسلام دۆلىتى ــ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەت ئىچىدىكى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، ئۇلارنى (خەنزۇلارنى دېمەكچى) دۆلىتىمىزدىن مەڭگۈلۈك قوغلاپ چىقىرىپ، ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش" نى ماقۇللىدى ھەمدە "قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ، ئىسلام قورالىدىن پايدىلىنىپ، كاپىرلار (ئەسلى كۇففارلار دېگەن مەنىدە، بۇ يەردە خەنزۇلارنى دېمەكچى) جاھانگىرلىككە جەڭ ئېلان قىلىش" ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرغا قويدى،"پارتىيە بايرىقى"، "دۆلەت بايرىقى" نىڭ نۇسخىسىنىمۇ لايىھىلەپ چىقتى. بۇ ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتنىڭ پىلانلىشى ئارقىسىدا، مىللىي بۆلگۈنچىلەر كۆپ قېتىم مەخپىي يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، مۇرىت توپلاپ، ئاخپارات تىڭ - تىڭشىدى، بولۇپمۇ پەيزىۋات ناھىيىسىدىكى قورال-ياراغلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئۇلار 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تايانچ ئەزالار يىغىنى چاقىرىپ، قورال-ياراغ بۇلاپ، ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى ھەمدە ئەكسىيەتچىل قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ كونكرېت لايىھىسىنى تۈزۈپ، ئاشكارا ھالدا بۆلگۈنچىلىك، ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بارماقچى بولدى. 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كەچتە، ئۇلار "يالقۇن پارتىيىسى" نىڭ نەچچە يۈز ئەزاسىنى ۋە توپىلاڭچىلارنى يىغىپ، ناھىيىلىك قوراللىق كۈچلىرى بۆلۈمىنىڭ قورال - ياراغ ساقلىغۇچىسىنى ئاچقۇچنى چىقىرىشقا مەجبۇرلاپ، قورال - ياراغ،

www.uyghurweb.net

ئوق ـ دورا ئامبىرىنى ئېچىپ، تۆرلۈك قورالدىن 152 نى، 80 گىرانات، 28000 پايدىن ئارتۇق ئوقنى بۇلاپ كەتتى. ئۇلار ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۇلگۇرمەيلا سۇيقەستى پاش بولۇپ قېلىپ، ناھىيە بازىرىدىن 3 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چىلانزارلىققا قېچىپ بېرىۋالدى ھەمدە ئاشكارا ھالدا "شەرقىي تۈركىستان يالقۇن پارتىيىسى" بىلەن "مىللىي خەلق ئازادلىق سېپى" بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆزلىرىنى "خىتايلارنى شەرقىي تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقىرىدىغان" "غازاتچىلار قوشۇنى" دەپ ئاتاپ، جاھىللىق قىلىپ داۋاملىق قارشىلاشماقچى بولدى.

"27 ـ ماي" قوراللىق توپىلىڭى يۈز بەرگەندىن كېيىن، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيىمىزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ۋە قوماندانلىقى ئارقىسىدا، ئازادلىق ئارمىيە، خەلق ئەسكەرلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرى زىچ ماسلىشىپ، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، تېز، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا تايىنىپ، يەرگە قاپقان قۇرۇپ، ئاسمانغا تور يېيىپ، توپىلاڭچىلارنى مۇھاسىرىگە ئالدى. توپىلاڭنى تىنجىتىش داۋامىدا، ئىنتايىن ئاز ساندىكى قوراللىق تايانچ توپىلاڭچىلار قاتتىق ئەسەبىيلىشىپ، جاھىللىق بىلەن تىركىشىپ قارشىلىق كۆرسەتتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرىمىز بۇ بىر ئوچۇم توپىلاڭچىلارنى قورشىۋېلىپ، قوراللىق زەربە بېرىپ، كۈچلۈك تەھدىت شەكىللەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ زوراۋانلىقىنى ئۈنۈملۈك توستى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى سىياسىي جەھەتتىن پارچىلاپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇلارنىڭ يېنىغا جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرى، دىنىي زاتلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن بولۇپ نەچچە ئون كىشىنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارغا كەڭ ھەربىي ۋە خەلقنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە قالغانلىقىنى، قورالنى تاشلاپ تەسلىم بولۇپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلسىلا كەڭچىلىككە

www.uyghurweb.net

ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىكەنلىكىنى چۈشۈندۈردى. مۇشۇنداق زور كۈچ ئالدىدا، توپىلاڭچىلارنىڭ ھەممىسى قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى، شۇنداق قىلىپ توپىلاڭ تېزلا تىنجىتىلدى.

مىللىي بۆلگۈنچىلەر پىلانلاپ قوزغىغان قوراللىق توپىلاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە تامامەن خىلاپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشى خەلقىنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى، ھەر مىللەت خەلقى ئۇلارغا ئىنتايىن نەپرەتلەندى ۋە قەتئىي قارشى تۇردى. خەلق ئاممىسى بەس ـ بەستە مۇلاھىزە قىلىپ: "ھازىر پارتىيە يېزا ئىقتىسادىي سىياسىتىنى كەڭ قويۇۋېتىپ، يېزىلاردا كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى، بىز ئەمدىلا ياخشى كۈن كۆرۈپ باي بولايلى دەپ تۇرساق، بۇ بىر توپ بۇزۇق كىشىلەر ئىش تېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يەتكۈزدى، بىز ئۇلارغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز"، "ھازىر پارتىيە مىللىي سىياسەت ، دىنىي سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈردى، بىز بۇنىڭدىن ناھايىتى رازى، بۇ بىر تۈپ ئەبلەخلەر جېدەل تېرىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، دىن ساھەيىمىزگىمۇ يامان تەسىر پەيدا قىلدى"، "بۇ بىر توپ ئەبلەخلەر قولغا چۈشتى، بىز ئەمدى خاتىرجەم بولدۇق" دېيىشتى. ھەر مىللەت خەلقى ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ، توپىلاڭچىلارنى ئاكتىپلىق بىلەن پاش قىلدى، جامائەت خەۋسىزلىكى تارماقلىرىنىڭ قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى تۇتۇشىغا ھەمدە تارقىلىپ كەتكەن قورال ـ ياراغلارنى يىغىۋېلىشقا ياردەم بەردى. بازار گۇڭشې 4 ـ دادۈي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئالتە قاچقۇن جىنايەتچىنىڭ ئۆز تەۋەلىكىگە قېچىپ بېرىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەھۋالنى دەرھال جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىغا مەلۇم قىلدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ قولغا چۈشۈردى. نۇرغۇن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەشكىللىنىپ، ئازادلىق ئارمىيىگە ياردەملىشىپ

www.uyghurweb.net

تارقىلىپ كەتكەن ئوقلارنى تېپىپ بەردى، ھەتتا دادىسى بالىسىنى، ئاكىسى ئىنىسىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا ئېلىپ بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدۇرغان ئەھۋاللارمۇ بولدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، بارلىق توپىلاڭچىلار قولغا چۈشۈرۈلدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، قورال - ياراغلار بۇلانغادىن كېيىن، قورال - ياراغ ساقلىغۇچىنىڭ ئايالى ھاياتىنىڭ خەۋپكە قارىماي، كېچىلەپ يەتتە كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ ناھىيىلىك خەلق قوراللىق كۈچلىرى بۆلۈمىگە بېرىپ دېلونى ۋاقتىدا مەلۇم قىلدى،ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى بىزنىڭ كۈچ تەشكىللەپ توپىلاڭنى تىنجىتىشىمىزغا ۋاقىت يارتىپ بەردى، بىز توپىلاڭچىلار ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىپ بولغۇچە توپىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەييارلىقىنى ئوبدان قىلىۋالغانلىقىمىز ئۈچۈن توپىلاڭچىلار قارامىلىق قىلىشقا پېتىنالمىدى، نەتىجىدە توپىلاڭنى تېز تىنجىتىپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىياننى ئازايتىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىۋالدۇق. "27 - ماي" قوراللىق توپىلىڭىنىڭ تېز سۈرئەتتە تىنجىتىلىشى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە كۈچلۈك زەربە بولدى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى تەربىيىگە ئىگە قىلدى ھەمدە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىنىڭ ئابروييىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى توپىلاڭنى تىنجىتقانلىقىمىزنى بىر ئېغىزدىن ماختىشىپ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالىشىنى قەتئىي ھىمايە قىلدى. ئۇلار: "بىزنىڭ مانا مۇشۇنداق ياخشى پارتىيىمىز، ھۆكۈمىتىمىز ۋە كۈچلۈك ئارمىيىمىزتۇرغان يەردە، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇشقا، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا

ئۇرۇنغانلىقى ھەقىقەتەن تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغانلىقى، ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىكى" دېيىشتى.

(2) خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىپ كىشىلەر كۆڭلىگە ياقمايدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇيۇلتاشتەك مۇستەھكەم

1981 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر قەشقەر شەھىرىدە يۈز بەرگەن بىر جىنايى ئىشلار دېلوسى (ئىككى ياش سوقۇشۇپ قېلىپ، خەنزۇ ياش ئۇيغۇر ياشنى ئۆلتۈرۈپ قويغان) دىن پايدىلىنىپ ۋەقە تۇغدۇرۇپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغىتىپ، ئاممىنى خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشقا، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشقا كۈشكۈرتۈپ، زوراۋانلارنى تەلۋىلەرچە ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشقا تەشكىللىدى. 100 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسى بار قەشقەر شەھىرى بىر مەھەل ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللانغان زوراۋانلارنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالدى، خەنزۇ ئاھالىلەر ھەتتا جىسمانىي بىخەتەرلىكنىمۇ قوغدىيالماي قالدى. زوراۋانلار قوللىرىغا خەنجەر، كالتەك، قامچىلارنى ئېلىپ "خەنزۇلارنى يوقىتايلى"، "خىتتايلار ھۆكۈمىتىنى يوقىتايلى"، "ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى ياشسۇن" دېگەندەك ئەكسىيەتچىل شۇئارلارنى توۋلاپ، كوچا ـ كويلارنى توسۇپ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، تەلۋىلەرچە ئۇرۇش، چېقىش بۇلاش بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل خورىكى تولىمۇ ئۆسۈپ كەتتى. شۇ قېتىملىق ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسىدە 600 دىن ئارتۇق گۇناھسىز خەنزۇ ئامىمىسى تاياق يېدى، ئۇلاردىن 200 دىن ئارتۇق ئادەم يارىلاندى، ئىككى ئادەم ئۆلدى. زوراۋانلار يەنە ئاپتوموبىللارنى توسۇپ، ئىدارە ـ ئورغانلارغا ھۇجۇم قىلىپ، دۇكانلارنى چېقىپ، مال ـ مۈلۈكلەرنى بۇلاپ، ئېغىر ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىق ۋە ئېغىر تېرورلۇق پەيدا قىلدى، بۇ شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغاندىن بۇيانقى بىر

قىتىملىق ئەڭ ۋەھشىي بولغان خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش ۋەقەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

"30 ـ ئۆكتەبىر" ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسىدە نۇرغۇن خەنزۇ ئاما زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، بۇ كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ. بىر ئوچۇم زوراۋانلار بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، گۇناھسىز خەنزۇ ئاممىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ ۋە يارىلاندۇرۇپ، مىللىي ئۆچمەنلىك كەلتۈرۈپ چىقاردى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق ۋەزىيىتىنى بۇزدى، ئۇنىڭ يامان تەسىرىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈگىتىپ بولغىلى بولمايدۇ.

شۇ قېتىملىق مالىمانچىلىقتا كۆپ ساندىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى،ئىشچىلىرى ۋە شەھەر خەلقى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىدى، كەڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىپ بىر ئوچۇم زوراۋانلار ۋە بۆلگۈنچىلەرگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلدى، بايرىقى روشەن ھالدا ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادە بىلدۈرۈپ، جىدەل تېرىشقا، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشقا، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشقا، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشقا قارشى تۇرۇپ، خەنزۇ ئاممىسىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىدى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن تەسىرلىك ئىش ئىزلار مەيدانغا كەلدى.

"30ـئۆكتەبىر" ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ رەھبەرلىرى دەرھال بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ۋە ئوقۇغۇچىلارغا خىزمەت ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مەكتەپنىڭ نورمال تەرتىپىنى قەتئىي قوغداپ، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشقا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. زوراۋانلار بۇ مەكتەپكە بۆسۈپ كىرىپ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشقا قاتنىششقا قۇتراتماقچى

بولغاندا، پۈتۈن مەكتەپتىكى 700دىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى ۋە 200دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى بۇنداق قىلمىش دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى دەپسەندە قىلغانلىق، مىللەتچىلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق، دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى ھەمدە بىرەرسىمۇ ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشنى قوللىمىدى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشمىدى. تەنتەربىيە فاكۇلتېتىدىكى 100دىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەشكىللىنىپ، مەكتەپنىڭ مۇھىم ئەسلىھەلىرىنى ۋە مۇھىم تارماقلىرىنى قوغدىدى.

زوراۋانلار بىلەن بۆلگۈنچىلەر ئەڭ ۋەھشىيلەشكەن ۋاقىتتا، قەشقەر ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كادىرى مەمەت تۇرسۇن 24 نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى ئېلىپ ماڭغان بىر ماشىنىنىڭ توسۇۋېلىنىپ، شوپۇر ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاياق يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق ئاچچىقلانغان ھالدا زوراۋانلارغا: "سىلەرنىڭ ئادەم ئۇرۇشۇڭلار قانۇنغا خىلاپ، مەن سوت مەھكىمىسىنىڭ كادىرى، سىلەرنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيمەن" دەپ ۋاقىرىپ،19 ئوقۇغۇچىنى ئۆز پاناھىغا ئېلىپ، ئۇلارنى ئېلېكتر سايمانلىرى شىركىتىنىڭ ئائىلىلىكلەر قوروسىدىكى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، كېيىن يەنە ئۇلارنى بىر- بىرلەپ ئۆز ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويدى. ئۇ يەنە قاغىلىق ناھىيىسىدىكى بىر خەنزۇنىڭ زوراۋانلار بۇلاپ كەتكەن 2000 يۈەنلىك چەك ۋە 500 يۈەن نەق پۇلىنى قايتۇرىۋېلىشقا ياردەم بەردى.

ئۆستەڭبويى كوچا باشقارمىسى نوبېشى كەنتى ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى گورۇپپا باشلىقى پاتەمخان زوراۋانلارنىڭ ئىككى خەنزۇ ئايال بىلەن ئىككى خەنزۇ بالىنى قوغلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال بۇ خەنزۇ يولداشلارنى ئۆز ئۆيىگە ئەكىرىۋېلىپ، ئۇلارغا مىللىيچە كىيىم كەيدۈرۈپ، ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويدى. شۇ

www.uyghurweb.net

كوچىدىكى تاھىر غوجا يەتتە خەنزۇ ئىشچىنى ئۆز ئۆيىگە ئەكىرىپ، ئۆي يېقىنراقلىرىنى كېچىسى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى، ئۆيى يىراقلىرىنى ئەتىسى بىر-بىرلەپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى.
جەنۇبى شىنجاڭ قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ سىرچىسى قادىر سىيىت خەلق كىنوخانىسىنىڭ ئالدىدا ئۆز ئىدارىسىدىكى 3 خەنزۇ خىزمەتچىنىڭ تاياق يەپ يېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى يۆدۈپ ئۆيىگە ئاپىرىپ، يارىلىرىنى يۇيۇپ تازىلاپ، ئۇلارنى قوندۇرۇپ قالدى ھەمدە ئۇلارنىڭ يۆتۈپ كەتكەن ۋېلسىپىتلىرىنى تېپىشىپ بەرگەندىن كېيىن ، ئەھۋالنى شىركەتكە مەلۇم قىلىپ، ئۇلارنى دوختۇرخانىغا ئاپاردى.
تېخىمۇ ماختاشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىدىكى ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ـئوقۇغۇچىلىرى "30-ئۆكتەبىر" ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئېزىز جېنى ۋە ئىسسىق قېنى ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ دوستلۇقىنى شەكىللەندۈردى. بۇ كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئۇنتۇلغۇسىز ھەقىيقىي ھېكايە. 10-ئاينىڭ 30-كۈنى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى جەمئىيەتتىكى نەچچە يۈز قايمۇقتۇرۇلغان ئاممىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكى ۋە دۆلەتنىڭ مال-مۈلكى زور زىيانغا ئۇچرىدى. زوراۋانلار نۇرغۇن ئوقۇغۇچىنى كالتەك، تاش بىلەن ئۇرۇپ، بەزىلىرىنى ئېغىر زەخمىلەندۈردى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ۋە پارتا-ئورۇندۇقلىرى قانغا بويالدى، بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا قاراپ چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنىڭ 81-يىللىق سىنىپىدىكى 13 ئوقۇغۇچى دەرسخانىدا تەكرار قىلىۋاتقاندا، بىر توپ زوراۋانلار باستۇرۇپ كىرىپ ئۇلارنى ئۇرۇپ كەتتى. يەتتە ئوقۇغۇچى ئېغىر يارىلاندى، مۇقەددەس دەرسخانا زوراۋانلارنىڭ ئۆكتەملىك قىلىش سورۇنى بولۇپ قالدى. ئوقۇغۇچىلار تېخىمۇ چوڭ ئىش تېرىلمىسۇن دەپ، زوراۋانلارنىڭ ئۇرۇش -

تىللاشلىرىغا ئىنكاس قايتۇرمىدى، ئۇلار باشقا ئادەتتىكى ئادەملەر بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئازابقا قەيسەر ئىرادە بىلەن چىدىدى. مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە، ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى مەھەممەت يۈسۈپ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى. باشلاپ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ تېنى ئارقىلىق يامغۇردەك تېگىۋاتقان كالتەك، تاشلارنى توسۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنى قوغدىدى. ئالدانغان ئاممىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن نەسىھەت قىلىپ خىزمەت ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ تاياق - توقماق، تاشلارنى ئۆز بەدىنى ئارقىلىق توسۇشى، ھەققانىيەت يولىدا تۇرۇپ زوراۋانلارنى ئەيىپلىشى ئارقىسىدا، زوراۋانلار بىلەن ئالدانغان ئامما سىنىپتىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ھېلىقى 13 خەنزۇ ئوقۇغۇچى خېيىمخەتەردىن قۇتۇلۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، توت تەرەپتىن قورشاۋدا قالغان ساۋاقداش نيۇۋيي ھاياتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ بىنادىن سەكرىدى، ئۇ يەرگە چۈشۈشى بىلەن تەڭ، يەنە بىر نەچچە كىشىنىڭ قورشاۋىدا قالدى، مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بەختى يېتىپ كېلىپ، زوراۋانلارنى نەسىھەت قىلىپ توسۇپ، ساۋاقداش نيۇۋيىنى ئەپچىللىك بىلەن خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. جوڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى 77 - يىللىق 2 - سىنىپتىكى بارلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، بىر توپ قايمۇقتۇرۇلغان ئاممىا تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان لى مۇئەللىمنى قۇتقۇزۇپ چىقتى، قايمۇقتۇرۇلغان ئاممىا ئەكسىيەتچىل شۇئار توۋلاپ، نەق مەيداندىكى ئوقۇغۇچىلارنى جېدەل تېرىشقا قۇترىتاتقاندا، ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ قوللىمىدى، بۇنىڭغا ھېچقانداق سۆكۈت قىلىش ئىپادىسىدىمۇ بولمىدى. كىشىلەر بۇ بىر ئېغىر ۋەقەگە ھوشيارلىق ۋە ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن تاقابىل تۇردى. تەنتەربىيە فاكۇلتېتىدىكى ئابلەت، نۇرقاسىم، ئابلىمىت ئۈچ ئوقۇغۇچى بۇ ئېغىر مالمانچىلىقتا توغرا مەيداندا تۇرۇپ، تەنتەربىيە فاكۇلتېتىدىكى بارلىق مىللىي

ئوقۇغۇچىلارغا باشلامچىلىق قىلىپ قاتمۇقات ئادەم تىمى شەكىللەندۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلار ياتىقى بىناسىنىڭ تۆت دەرۋازىسىنى توسۇپ، جىدەلخورلارغا پۇرسەت بەرمىدى. تەنتەربىيە فاكۇلتېتىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسىدىكى نەچچە يۈز ئوقۇغۇچىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىنى، شۇنداقلا دۆلەت مال ـ مۈلكىنى ساقلاپ قالدى. 30 ـ ئۆكتەبىر كېچىدە مەكتەپ گەرچە قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىسسىق قان بىلەن يۇغۇرۇلغان ئىتتىپاقلىق خۇددى ھەسەن-ھۈسەندەك مەكتەپنى پارلاق نۇرغا چۆمدۈردى، مەكتەپنى تېخىمۇ سەلتەنەتلىك تۈسكە كىرگۈزدى. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىدىكى مىللى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى، خىزمەتچىلەرنىڭ ھەققانىي ھەرىكىتى كەڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپىلاڭغا، بۆلگۈنچىلىككە، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشقا، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشقا ۋە خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشقا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغانلىقىنى،مىللەتلەرنىڭ دوستلۇقىنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى.

(3) ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئىنكار قىلىپ، مالىمانچىلىق پەيدا قىلىشنى بىردەك ئەيىبلىدى

1985 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن بىر قىسىم يامان غەرەزلىك كىشىلەر تىل بىرىكتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ رەھبەرلىكى، قوماندانلىقى، پىلانى، تەشكىلى بولغان تۈپىلاڭنى مەخپىي پىلانلىدى. ئۇلار بىر قىسىم ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ نادانلىقىدىن ۋە ئوڭاي ھاياجانلىنىدىغان ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇمچى

رايونىدىكى يەتتە ئالىي مەكتەپنىڭ 2000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىسىنى كوچىغا چىقىپ قانۇنسىز نامايىش قىلىشقا قۇترىتىپ، دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىتىگە ۋە تۈرلۈك سىياسەت، فاڭجېڭلارغا قارشى تۇرۇپ، تىغ ئۇچىنى پارتىيىگە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراتتى. مىللىي بۆلگۈنچىلەر پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ "خەنزۇلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرايلى"، "شىنجاڭغا مۇستەقىللىق كېرەك، ئەركىنلىك كېرەك، ئىگىلىك ھوقۇقى كېرەك"، "شىنجاڭ مۇستەقىللىقى ياشىسۇن" دېگەندەك ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قۇتراتقۇلۇق خاراكتېرىدىكى شوئارلارنى توۋلاپ، ئېغىر ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ۋەقە مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تەرتىپىگە، رەھبەرلىك ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت تەرتىپىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ ئامانلىق تەرتىپىگە پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىغا ۋە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىگە يۈز كېلەلەيمىز" دېگەندەك سەمىمىي، تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇلارنى قايىل قىلدى. "12-دېكابىر" ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر دوتسېنتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى مۇھىم بىلىپ، بايرىقى روشەن ھالدا ئوقۇغۇچىلارغا سەمىمىي نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى توستى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دەرس بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرەرسىمۇ قانۇنسىز يىغىلىشقا ياكى كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىشقا قاتناشمىدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا سەمىمىي ھالدا: "ئۇنىۋېرسىتېتىمىزغا ئوقۇشقا كېلىدىغانلار يوق ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن كىشى بۇ يەرگە كېلەلمەن دەپمۇ كېلەلمەيدۇ، دۆلەت شۇنچە كۆپ پۇل خەجلەپ سىلەرنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىۋاتىدۇ، سىلەر بۇنى قەدىرلەپ ئوبدان ئوقۇساڭلار، ئاندىن توغرا ئىش قىلغان بولىسىلەر"، "بىلىشىڭلار كېرەككى، دۆلىتىمىز ھازىر ئىقتىسادىي جەھەتتە بەك تەرەققىي قىلىپ

www.uyghurweb.net

كەتمىدى، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى زور تۈركۈمدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىگە مۇھتاج، دۆلەت سىلەرنى ياراملىق ئىختىساس ئىگىلىرى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. بىز خۇددى زاۋۇتقا ئوخشاش لاياقەتلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىمىز، كېرەكسىز نەرسىلەرنى، لاياقەتسىز مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارمايمىز، دۆلەت شۇنچە كۆپ پۇل سەرپ قىلىپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يارامىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىۋاتىدۇ، سىلەر ياش ئەۋلادلار بۇنى قەدىرلىشىڭلار، ھەرگىزمۇ ياشلىق باھارىڭلارنى نابۇت قىلىپ، ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالماسلىقىڭلار كېرەك" دېدى.

"12 ـ دېكابىر" ۋەقەسى جەريانىدا، يامان غەرەزلىك بەزى كىشىلەر پاكىتقا قارىماي، پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ئىنكار قىلىپ، دۆلەت شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى تالان ـ تاراج قىلدى، دەپ جۆيلىدى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش قاتالىقلارغا قارشى تۇرۇپ، ۋەزىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، تىغ ئۇچىنى پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتكە قارىتىپ، ئاممىنى ۋەقە پەيدا قىلىشقا قۇتراتتى. بۇ خاتا سۆز ـ ھەرىكەت ۋە سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەر باشلىنىشى بىلەنلا ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ توسۇشىغا ۋە قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئالىي مەكتەپلەردىكى ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، خىزمەتچىلەر مۇنداق دېدى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى توغرا يولغا قويۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۇچقاندەك راۋاجلاندى، ھەر مىللەت خەلقى باراۋەر، ئىتتىپاق، ئىناق ئۆتتى، خەلق خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىۋاتىدۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارىخ ئالدىدا، دەۋر ئالدىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمايدۇ. شىنجاڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ

www.uyghurweb.net

ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭنىڭ بايلىقى مەلۇم بىر رايون ياكى مىللەتكە مەنسۇپ بولماستىن، بەلكى دۆلەتكە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئورتاق مەنسۇپ. دۆلەت زېمىنىدىكى بايلىقلارنى ئېچىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ھامان دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانلىشى بىلەن پىلانلىق، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۇ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. دۆلەت شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى ئېچىش جەريانىدا، ھەر يىلى نۇرغۇن مەبلەغ چىقىرىپ شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرمۇ ماددىي ئەشيا، تېخنىكا، ئىختىساس ئىگىلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ياخشى تەرەققىيات پۇرستى بىلەن تەمىن ئەتتى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ مۇقىم ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ دۆلەتنىڭ شىنجاڭدىكى بايلىقلارنى ئېچىشقا قارشى تۇرغانلىقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بېيىشىغا قارشى ترغانلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنى بۆلۈۋېلىش سىياسىي قارا نىيىتىنى ئاشكارىلاپ بەردى.

نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى: مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇپ، نوپۇسنىڭ قارىغۇلارچە كۆپىيىشىنى تىزگىنلىگەندە، نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، بايلىقتىن پايدىلىنىش ۋە مۇھىتنى قوغداش بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇس ساپاسىنىڭ ئاشۇشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ، بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى، ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئېھتىياجى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كەلگۈسى مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن، دېدى. لېكىن يامان غەرەزلىك ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى

يولغا قويۇشقا يامان نىيەت بىلەن قارشى تۇرۇشتىكى مەقسىتى، مۇشۇ ئارقىلىق پارتىيە رەھبەرلىكىگە قاشى تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ـ ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى پارتىيىنى، سوتسىيالىستىك ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدۇ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۇرلۇك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئىزچىللىشىشى ۋە ئەمەلىيلىشىشىنى قوغدايدۇ، ھەر قايسى تەرەپتىن كەلگەن بۆلگۈنچىلىك سۆز ـ ھەرىكەتلىرى بىلەن چەك ـ چېگرىنى ئېنىق ئايرىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى قوغدايدۇ. ھەر قانداق كۈچ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسىيالمايدۇ.

www.uyghurweb.net

8 . ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش

ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: " ئومۇمەن، بىر ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، ھامان ئالدى بىلەن جامائەت پىكرى تەييارلاشقا، ھامان ئالدى بىلەن ئىدىئولوگىيە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئىنقىلابىي سىنىپلار شۇنداق قىلىدۇ، ئەكسىلئىنقىلابىي سىنىپلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ." 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك كۈچلىرى شىنجاڭدا ھەدەپ زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، مەكتەپلەرنىڭ دەرس مۇنبىرى ۋە ھەر خىل نەشر بۇيۇملىرىدىن پايدىلىنىپ، تارىخنى ھەدەپ بۇرمىلىدى، ئۆزگەرتتى ۋە ياساپ چىقتى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىش، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش ۋە خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلدى، "شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش"نى تەرغىب قىلدى. مۇشۇنداق ئالاھىدە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشتە، تۇرغۇن ئالماس 1986 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان تات يىل ئىچىدە

www.uyghurweb.net

ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ كىتاب-"ئۇيغۇرلار"، "هونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى"، "قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى" (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ "ئۈچ كىتاب"دەپ ئاتىلىدۇ) نى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

"ئۈچ كىتاب" نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە كەڭ تارقالدى. ئۇ ئىلىم مۇهاكىمىسى ۋە ئۇسكىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، تارىخنى بۇرمىلاش، ئۆزگەرتىش ۋە ياساپ چىقىش يولى بىلەن، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان سالىدىغان نۇرغۇن خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى تارقىتىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى، بولۇپمۇ تارىخىي ئەھۋاللارنى ئانچە كۆپ چۈشەنمەيدىغان، جەمئىيەتكە ئەمدىلا قەدەم قويغان ياشلارنى زەھەرلىدى. بەزىلەر "ئۈچ كىتاب"نى قولغا ئالغاندىن كېيىن خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك، ھەممىلا يەردە كىتابتىكى خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى تارقىتىپ يۈردى؛ بەزىلەر "ئۈچ كىتاب"نىڭ "ئىلىم ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى"نى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ قارىدى؛ نۇرغۇن ياش ئوقۇغۇچىلار تالىشىپ قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ ئوقۇپ، ئىدىيە جەھەتتىن زەھەرلەندى. ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلەر "ئۈچ كىتاب"نىڭ قەپەزدىن چىققانلىقىغا باركاللا ئوقۇپ، تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشقا كىرىشتى، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى تەييارلىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، "ئۈچ كىتاب"تا تەرغىب قىلىنغىنى ھەرگىز ئىلىم نۇقتىئىنەزەرىگە ياتىدىغان ئوخشاش بولمىغان تونۇش بولماستىن، بەلكى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان پانتۈركىزم بىلەن پانئىسلامىزمدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي پىكرى ئېقىمى، ئىچكى - تاشقى مىللىي بۆلگۈنچىلىك كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ،

بۆلگۈنچىلىك ئېلىپ بارىدىغان، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز خەرىتىسىدىن ئايرىپ چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇشتەك سىياسىي ئېھتىياج.

1991-يىلى 2-ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، "ئۇيغۇرلار"، "ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى"، "قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى"دېگەن ئۈچ كىتاب مەسىلىسى توغرىسىدا مۇزاكىرە يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىنغا شىنجاڭ ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەردىكى تارىخشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەر مىللەتتىن بولغان مۇتەخەسسىس، ئالىملار ۋە تەشۋىقات، مائارىپ، مەدەنىيەت، نەشرىيات، مىللەتلەر، دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ جەمئىي 140 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقان ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرى "ئۈچ كىتاب"نى ئەستايىدىل ئوقۇپ تەكشۈرۈش ئاساسىدا، نۇرغۇن پولاتتەك تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق، "ئۈچ كىتاب"تىكى ئېغىر سىياسىي خاتالىقنى چوڭقۇر تەھلىل قىلدى ۋە قاتتىق تەنقىد قىلدى، ئاپتورنىڭ تارىخنى ھەيدەپ بۇرمىلاپ، ئۆزگەرتىپ ۋە ياساپ چىقىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقاتقان رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى پاش قىلدى. يىغىندا شىنجاڭ تارىخىدىكى نۇرغۇن چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى؛ شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ جۇڭخۇۋا مىللىتىمىزنىڭ مۇھىم ئەزاسى ئىكەنلىكى كۈچلۈك تەشۋىق قىلىندى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئۇزاقتىن بۇيانقى بەزىلەر تارقاتقان خاتا، ئەكسىيەتچىل شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ زەھەرىنى

تازىلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي سەزگۈرلىكىنى ئۆستۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇھىملىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چوڭقۇر تونۇشتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن بولدى.

(1) چوڭ مۇھىتتا قەيەردىن چىققان سەلبىي دەرسلىك

تۇرغۇن ئالماس ياساپ چىققان "ئۇچ كىتاب"نىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئىش ئەمەس. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىچكى-تاشقى شارائىت تەسىرىنىڭ مەھسۇلى، ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرىنىڭ جۇڭگونى "غەربلەشتۈرۈش"، "پارچىلاش" سۈيقەستى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىنكاسى، شۇنداقلا بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلۈۋېلىشقا قاشى كۈرەشنىڭ ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى گەۋدىلىك ئىپادىسى.

1978 ـ يىلىدىكى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتە خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشقا يۆتكەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭدا پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش، تات ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كۈرىشى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇ كۈرەش يەنە كېلىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. كۆپ يىللاردىن بېرى، خەلقئارادىكى جۇڭگوغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى كۈچلەر بىلەن چەت ئەلدىكى ئەيسا كاتتىۋاشلىقىدىكى مىللىي

بۆلگۈنچىلىك گۇرۇھى دۆلىتىمىز ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭدا ۋەتەن بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايى ھەرىكىتىنى زادى توختاتماي كەلدى، ئۇلار شىنجاڭنى "مۇستەقىل قىلىش" نى ھەدەپ تەرغىپ قىلىپ، "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" قۇرۇش قەستىدە بولۇپ، شىنجاڭنى قالايمىقانلاشتۇرۇش، پۈتۈن مەملىكەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇش، كومپارتىيە رەھبەرلىكىنى ئاغدۇرۇش، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇش، كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈش خام خىيالدا بولۇپ كەلدى. ئۇلار بۇ ئەكسىيەتچىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، ھەر خىل رەزىل سۈيقەست ۋە رەزىل نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي تېرورلۇق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى، ھەتتا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ قوزغىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سىياسىي، ئىدىيە، مەدەنىيەت جەھەتتىن سىڭىپ كىرىپ، "تىنچ ئۆزگەرتىۋېلىش" ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، "ئىس - تۈتەكسىز ئۇرۇش" ئېلىپ باردى. ئىدىئولوگىيە جەھەتتىن يوچۇق تېپىش ئۈچۈن، ئۇلار مىللەت، دىن تونىغا ئۇرۇنۇۋېلىپ، ئەكسىيەتچىل كىتاب - ژۇرناللارنى تۈزۈش، نەشر قىلىش، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات رەسىملىرىنى چېگرا سىرتىدىن ئوغرۇلۇقچە توشۇش، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى تارقىتىش، ئەكسىيەتچىل شوئار يېزىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، بۆلگۈنچىلىك كەيپىياتى پەيدا قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلدى، مىللىي ئۆچمەنلىك قوزغىدى. "شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش"نى تەرغىب قىلدى، "يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستان" دېگەننى كۈچىنىڭ بارىچە كۆككە كۆتەردى، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان كىشىلەرنى ئالدىدى. 80 - يىللارغا كەلگەندە، غەربتىكى چوڭ دۆلەتلەر ئەمەلىي ئىقتىسادىي كۈچىگە ۋە تەشۋىقات

ۋاستىلىرىنى مۇنۇپۇل قىلىۋېلىش ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ۋە كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە مەدەنىيەت، ئىدىيە جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشنى كۈچەيتىپ، "كىشىلىك هوقۇق"، "مىللەت"، "دىن" مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئېغىر ئارىلاشتى. مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك كۈچلىرى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتنىڭ زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىيسىغا يېراقتىن ماسلىشىپ، مىللەت ۋە دىن نىقابىغا ئورۇنۇۋېلىپ، ۋەتەنگە بۆلگۈنچىلىك قىلىشتەك جىنايىي شۇملۇق بىلەن شۇغۇللاندى. "ئۈچ كىتاب" مانا مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە ياسىلىپ چىقىپ، قەپەزدىن چىقىرىلدى.

(2) چوڭقۇر تارىخي مەنبە ۋە ئىدىيىۋى مەنبە

"ئۈچ كىتاب"نىڭ مەيدانغا چىقىشىنىڭ چوڭقۇر خەلقئارا ۋە ئىچكى ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى چوڭقۇر تارىخىي مەنبەسى ۋە ئىدىيىۋى مەنبەسى بار. شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك پىكىر ئېقىمى پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى نەزەرىيە ئاساسى قىلغان. "ئۈچ كىتاب" يېقىنقى بىر ئەسىردىن بۇيانقى پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنىڭ شىنجاڭدا تارقالغانلىقىنىڭ ۋە شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، "شەرقىي تۈركىستان تارىخى"دىن ئىبارەت بۆلگۈنچىلىككە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ ئەسەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى كۆچۈرۈلمىسى.

"شەرقىي تۈركىستان تارىخى" شىنجاڭغا پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى تەرغىب قىلىدىغان ۋە يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەكسىيەتچىل سىياسىي قاراش، تارىخىي قاراش، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى

مەركەزلىك يىغىنچاقلانغان. بۇ ئەكسىيەتچىل ئەسەردە كۆچىنىڭ بارچە تەرغىب قىلىنغان ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەر:

(1) "مىللەت ھەممىدىن ئەلا" نەزەرىيىسى. ئۇنىڭدا تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى تىللاردا سازلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ تارىخىي پائالىيەتتىكى ماكان دائىرىسى ۋە تارىخىي رولى مۇبالىغە قىلىنىپ، تۈركلەر بۇنىڭدىن 9000 يىل ئىلگىرى ئۆزنىڭ يېزىقىنى ياراتقان، تېررىتورىيىسى شەرق - جەنۇب، غەرب - شىمالدىن ئۇلۇغ ئوكيان، ھىندى ئوكيان، شىمالىي مۇز ئوكيانغىچە تۇتىشاتتى، بۇ جاي "دۇنيادا ئىنسانلار مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن جاي ئىدى" دەپ ۋالاقشىلىغان.

(2) شىنجاڭنى "مۇستەقىل قىلىش" نەزەرىيىسى. ئۇنىڭدا شىنجاڭ تارىخى ھەددەپ بۇرمىلىنىپ، "شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت" دەپ ئويدۇرمىچىلىق قىلىنغان، مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى شىمالىي ۋە غەربىدىكى مىللەتلەرنى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ سىرتىدا "مۇستەقىل تۇرغان مىللەت" دەپ ۋالاقشىغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىق بىلەن خەنزۇلار جۇڭگوغا باراۋەر قىلىپ قويۇلغان، سەددىچىن سېپىلىنى "تۈركلەر بىلەن جۇڭگونى ئايرىپ تۇرىدىغان" چېگرا دەپ، شىنجاڭنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسىدىن تارتىپلا ئۇلۇغ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلگەنلىكىدەك تارىخىي پاكىت تۈپتىن ئىنكار قىلىنغان.

(3) "خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش" نەزەرىيىسى. ئۇنىڭدا مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەت دوستانە بېرىش - كېلىش قىلىپ، ئۇلۇغ ۋەتەننى ئورتاق ياراتقان تارىخىي تەرەققىيات ئاساسىي ئېقىمى ئىنكار قىلىنىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخى خەنزۇلار بىلەن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش، توختىماي جازا ئۇرۇشى قىلىش تارىخى

www.uyghurweb.net

قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. خەنزۇلار "ياۋايى تاجاۋۇزچىلار" دەپ ھاقارەتلەنگەن، جۇڭگونى "شەرقىي تۈركىستان مىللەتلىرىنىڭ 3000 يىللىق دۈشمىنى" دەپ، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىنى "تاجاۋۇز قىلىپ ئىگىلىۋېلىش" دەپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۋالغانلىقىنى "يۇتۇۋېلىش" دەپ قارا چاپلانغان، "تۈركىي مىللەتتىن باشقا بارلىق مىللەتلەرگە قارشى تۇرۇش كېرەك"، "كۇففار" لارنى يوقىتىش كېرەك دەپ جار سېلىنغان.

(4) "پانتۈرك ئورتاق گەۋدىسى" نەزەرىيىسى. ئۇنىڭدا ئاتالمىش تۈركىستان "ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى جۇڭگونىڭ ئاسارىتىدىن مەڭگۈلۈك قۇتۇلۇش" دەپ دەۋراڭ سېلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاتالمىش "دۆلەت قارىشى، مىللەت ئېڭى، دىنىي ئېتقادى" نى كۈچەيتىش كېرەك دەپ جار سېلىنىپ، شىنجاڭ زېمىنىدا ئاللاقاچان گۇمران بولغان "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى"نىڭ روھىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئۇرۇنۇلغان.

يىرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، دۆلەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر شىنجاڭغا ھەر خىل يوللار بىلەن سىڭىپ كىرىشنى يولغا قويغاندا، بۇ ئەسەردىكى بىر قاتار ئەكسىيەتچىل نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئۇزۇلدۇرمەي تەشۋىق قىلىپ ۋە قوللىنىپ كەلدى، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك كۈچلىرىمۇ بۇ كىتابنى گۆھەر دەپ بىلىپ، "ئىلمىي تارىخىي كاتتا ئەسەر" دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، مەخپىي بېسىپ تارقاتتى. ئۇنىڭ زەھىرى جەمئىيەتكە تارقىلىپ، كىشىلەردە ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى، ئەمەلىيەتتە، بۇگۈنكى كۈندىكى مالىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنى كۈچلەرنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسى بولۇپ قالدى.

(3) "ئۈچ كىتاب" تا تارقىتىلغان ئاساسلىق خاتا نۇقتىئىنەزەرلەر

www.uyghurweb.net

1. مىللىي مۇستەقىللىق ۋە بۆلگۈنچىلىك كۈچىنىڭ بارىچە تەرغىب قىلىنغان

مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان تارىخىي پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنى شەكىللەندۈرگەن. مەملىكىتىمىزدىكى ئۇيغۇرلار ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخىنى بىرلىكتە ياراتقان، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنىنى بىرلىكتە ئاچقان. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى بىلەن مەملىكىتىمىز چېگرىسى ئىچىدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىنىڭ بىر قىسمى. لېكىن "ئۇچ كىتاب" نىڭ ئاپتورى تارىخىي پاكىتلارغا قارىماي، تارىختىكى ئۇيغۇرلارنى جۇڭگونىڭ سىرتىدا مۇستەقىل ياشىغان مىللەت دەپ، تارىختا مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا ۋە شىنجاڭدا ياشىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى جۇڭگودىكى قەدىمقى مىللەت ئەمەس، ئۇلار جۇڭگونىڭ سىرتىدا ئۆز ئالدىغا تۇرغان "مۇستەقىل دۆلەت" دەپ ھېسابلىغان. "ئۇيغۇرلار" دېگەن كىتابتا ئاپتور كىتابخانلارغا ئېنىق قىلىپ: ئۇيغۇر دېگەن "بۇ مىللەت دەسلىپىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى ۋە قان قېرىندىشى بولغان ھونلارنىڭ ئۇلۇغ ئوغۇز-ھون تەڭرىقۇتلۇقى، ئۇلۇغ كۆك تۈرك خاقانلىقى، تەركىبىدە ياشىغان بولسا، كېيىن ئۇيغۇر-ئورخۇن خاقانلىقى، قاراخانىلار دۆلىتى، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى، كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ياركەنت (سەئىدىيە) خانلىقى قاتارلىق قۇدرەتلىك دالەتلەرنى قۇرغان" دېگەن. شۇنداق قىلىپ ئاپتور مەملىكىتىمىزدىكى ھونلار، تۈركلەر قاتارلىق قەدىمقى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى توغرىدىن توغرا ئۇيغۇرلار تارىخ قىلىۋېلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئېنىق قىلىپ ھونلار، تۈركلەرنىڭ تارىخىنى جۇڭگونىڭ سىرتىدىكى تارىخ قىلىپ سازلىگەن. ئۇ جەنۇبقا كۆچكەن ھونلارنى"ھونلارنىڭ جۇڭگوغا كۆچۈپ كېلىشى" دەپ

ئاتىغان، ھونلار قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلەر "سەددىچىن سېپىلى ئىچىگە كۆچۈپ كىرىپ، جۇڭگودا دۆلەت قۇرغان "دېگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈركلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە كەلگەندە، تېخىمۇ يالىڭاچ ھالدا: "گاھىدا تۈركلەر سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ جۇڭگو تېررىتورىيىسىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، گاھىدا جۇڭگو قوشۇنلىرى سەددىچىن سېپىلىدىن چىقىپ تۈركلەر تېررىتورىيىسىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن" دېگەن. بۇ ئۇنىڭ ھونلار، تۈركلەرنى جۇڭگونىڭ قەدىمكى شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى مىللەت دەپ قارىمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ھونلار، تۈركلەر ياشىغان ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلارنى تارىختا جوڭگونىڭ تېررىتورىيىسى بولغان دەپ قارىمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تۇرغۇن ئالماس ئەمەلىيەتتە، "جۇڭگو" پەقەت خەنزۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا قۇرغان خەن ـ تاڭ سۇلالىلىرىنى كۆرسىتىدۇ، "جۇڭگو" نىڭ تېررىتورىيىسى پەقەت سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچى بىلەنلا چەكلىنىدۇ، دەپ قارىغان، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي، غەربىي رايونىنىڭ تارىخىنىمۇ جۇڭگونىڭ تارىخىدىن ئايرىۋەتكەن.

مۇشۇنى چىقىش قىلىپ، "ئۇيغۇرلار" كىتاب" نىڭ ئاپتورى ئۆز مىللىتىدىكى تارىختا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغانلارنى "خائىن"، "كەچۈرگىسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر" دېگەن، ئاتالمىش مىللىي دۆلەت مۇستەقىللىقى ۋە ئازادلىقىنى كۈچىنىڭ بارىچە تەرغىب قىلغان. مەسىلەن، ئەينى ۋاقىتتا خەن سۇلالىسىغا قاراشلىق بولغان، چېگرا رايون بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بىرلىكى، خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلارنىڭ ئىناقلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان قوغۇشار تەڭرىقۇتنى "خائىن" دېگەن؛ خەن سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلەشكەن غەربىي ھون تەڭرىقۇتى قۇتئۇسنى كۆككە كۆتۈرۈپ: "تالانتلىق ھەربىي ئىستراتېگىيىچى، قەيسەر، مەغرۇر، ۋەتەنپەرۋەر تەڭرىقۇت" ۋە "يېڭىلمەس قەھرىمان" دەپ ماختىغان.

www.uyghurweb.net

2. دۆلىتىمىز تارىخىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى بۇرمىلانغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق خاتا قاراشلار تارقىتىلغان.

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئۆز ئارا ئالاقە قىلىش، ئىناق بىللە ياشاش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش جەريانى، مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ خۇسۇسىيىتى مانا مۇشۇنداق شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ھەر قايسى مىللەتلەر كۆنسايىن ئۆزئارا يېقىنلىشىپ، ئۆزئارا سىڭىشىپ، ئۆزئارا يار ۋە يۆلەك بولۇپ، بىزنىڭ بۇ كۆپ مىللەتلىك، بىرلىككە كەلگەن ئۇلۇغ دۆلىتىمىزنى بىرلىكتە بەرپا قىلغان. ئەلۋەتتە، بۇ ئورتاق تەرەققىي قىلىش جەريانىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقە ۋە بېرىش-كېلىشتە ئىپادىلەنگەن مىللەتلەر مۇناسىۋىتىمۇ بەزىدە تىنچ تەرەققىي قىلغان ئەمەس، بەلكى مىللىي زىددىيەت ۋە مىللىي توقۇنۇش بىلەن تولغان، بەزىدە ھەتتا ئۆزئارا ئۇرۇشۇش شەكلى بىلەن ئىپادىلەنگەن. لېكىن ئەگەر مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ ۋاقتى بىلەن مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئىناق ئۆتكەن ۋاقتىنى سېلىشتۇرغان بولساق، ئىناق ئۆتكەن مەزگىل ئۇرۇش مەزگىلىدىن كۆپ ئۇزاق. دېمەك، مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى كۆپ مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئالماشتۇرۇش، ئىلگىرىلەش مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي ئېقىم. لېكىن،"ئۈچ كىتاب"نىڭ ئاپتورى مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا كۆز يۇمۇپ، تارىختىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش، قىرغىنچىلىق ۋە يۇتۇۋېلىشتىن ئىبارەت تارماق ئېقىمنى كۈچىنىڭ بارىچە كۆپتۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىنى

ئۆرۈش تارىخى قىلىپ بۇرمىلىغان، بولۇپمۇ خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بۇرمىلىغان .

ئاپتور "ئۈچ كىتاب"تا دۆلىتىمىز تارىخىدىكى مەركىزىي خاندانلىقلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار ھاكىمىيىتىنى تامامەن باراۋەر قىلىپ قويۇپ، خەنزۇلار تىكلىگەن فېئودال ھاكىمىيەت بىلەن خەنزۇ خەلقىنى تامامەن باراۋەر قىلىپ قويۇپ، ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار ھاكىمىيىتى ۋە خەنزۇ خەلقى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىزچىل تۈردە دۈشمەنلىشىش، قارشىلىشىش بىلەن تولغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار ھاكىمىيىتى ياكى مەركىزىي خاندانلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئەزەلدىن تالان ـ تاراج ۋە تاجاۋۇز قىلىش مەقسىتىدە بولۇپ كەلگەن، دەپ قارىغان. ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار قۇرغان ھاكىمىيەتلەر بىلەن قەدىمكى ئاز سانلىق مىللەرتلەر ئوتتۇرىسىدا تىنماي جازا ئۇرۇشى بولغاندىن تاشقىرى، تىنچلىق مەزگىللىرىدىمۇ باشتىن ـ ئاخىر دۈشمەنلىك بىلەن تولغان قامۇ قارشىلىق مۇناسىۋەت بولغانمىش.

"ئۈچ كىتاب" نىڭ ئاپتورى يەنە تارىخنى قەستەن بۇرمىلاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيىتى بىلەن خەنزۇلار ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى ۋە ۋاپاسىزلىق قىلدى، دېگەننى يامان غەرەزلىك بىلەن ئويدۇرۇپ چىققان. مەسىلەن، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشى بىلەن، بەن چاۋ غەربىي يۇرۇتتا 30 يىلدىن كۆپ ۋاقىت پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە غەربىي يۇرتنىڭ تىنچلىقى ئۈ=ۈچۈن پائال ئەجىر سىڭدۇرۇپ، زور تۆھپە قوشقان، شۇ يەردىكى خەلقنىڭمۇ ھارمىتىگە سازاۋەر بولغان، لېكىن "ئۈچ كىتاب" نىڭ ئاپتورى زەھەرخەندىلىك بىلەن: "بەن چاۋ تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ئۆزئارا زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرى بىلەن كاللا سوقۇشتۇرۇپ، ئۆزئارا

ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇپ، كۆپلەپ قان تۆكۈلۈشكە سەۋەب بولدى"دېگەن. ئاپتور يەنە ئاتالمىش "تۇرالار"، سىيانپىلار بىلەن ھونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسىنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشىدىن بولغان"دېگەن.

مەملىكىتىمىز تارىخىدا خەنزۇلار بىلەن شىمال ۋە غەربتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا كۆپ قېتىم قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى بولغان، بۇ ئىش فېئودال ھۆكۈمران گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا بولغان بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئوبيېكتىپ جەھەتتە مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئالاقىگە ۋە ئىناق بىللە تۇرۇشقا پايدىلىق بولغان. لېكىن، ئاپتور بۇنى بار كۈچى بىلەن تۆۋەنلىتىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ شىجۈن مەلىكىسى، جىيېۋۋ مەلىكىسى، ۋاڭ جاۋجۈن ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەيخې مەلىكىسى قاتارلىقلارنىڭ ياتلىق بولۇشىنى "جۇڭگو خانلىرى باشقا دۆلەتنىڭ ھاكۇمرانلىرىغا ياتلىق بولغان قىزلىرى ئارقىلىق شۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى ئەھۋالدىن خەۋەردار بولالايدۇ، مەلىكە ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ بارغان تەجرىبىلىك سىياسەتچىلەرنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ"، "جۇڭگو خانلىقى باشقا دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا ياتلىق بولغان مەلىكە قىزلىرىدىن تۇغۇلغان بالىلىرىنىڭ ۋارىسلىقى ئارقىلىق، كەلگۈسىدە شۇ دۆلەتكە ھۆكۈمران بولۇشنى، بۇ دۆلەتنى ئۆزىگە بېقىندىغان ھالغا چۈشۈرۈشنى نەزەردە تۇتقان، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرىدىن تۇغۇلغان شاھزادىلەرنىڭ شۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشى توغرىسىدا دەۋا قوزغاپ، شۇ دۆلەت ھۆكۈمرانلىرى ئىچىدە ئىتتىپاقسىزلىق تۇغدۇرۇپ، بىر پۈتۈن دۆلەتنى پارچىلاپ ئاجىزلاشتۇرۇشنى، ئاخىرىدا ئۇنى يوق قىلىشنى كۆزلىگەن" دېگەن.

## 3 . ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە رولى بەك ئاشۇرۇۋېتىلگەن.

www.uyghurweb.net

ئۇيغۇرلار دۆلىتىمىزدىن ئىبارەت كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلىنىڭ مۇھىم ئەزاسى، پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئۇزاق تارىخقا ئىگە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى ئېچىش، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنى بەرپا قىلىش جەريانىدا زور تۆھپە قوشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى جۇڭگو تارىخىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا شىنجاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

لېكىن، "ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان"، "تارىخقا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش بىلەن ئىلمىي مۇئامىلە قىلغان"دەپ تەرىپلەنگەن تۇرغۇن ئالماس تارىخ ئەمەلىيىتىگە ۋە ئېچكى ـ تاشقى ئىلىم ساھاسىدىكىلەرنىڭ ئورتاق قارىشىغا كۆز يۇمۇپ، ئۇيغۇرلانىڭ تارىخىي ئورنى ۋە رولىنى خالىغانچە بەك ئاشۇرۇۋەتكەن.

مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت مەنبەسى مەسىلىسىدە، شىمالدىكى قەدىمكى ئاز سانلىق مىللەتلەر، مەسىلەن، ساكلار، هونلار، سىيانپىلار، رۇرانلار، "تۇرالار"، تۈركلەر قاتارلىق مىللەتلەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ "ئەجدادى"، "قېرىنداشلىرى" دەپ قاراپ، بۇ مىللەتلەرنىڭ تارىخىنىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى دەپ هېسابلىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي پائالىيەت ۋاقتىنى ئۇزارتقان، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي پائالىيەت ماكانىنى كېڭەيتكەن ھەمدە قىلچە ئاساسسىزلا ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 8000 يىل ئىلگىرى بىر مىللەت سۈپىتىدە"ئوتتۇرا ئاسىيا"دا ياشىغان؛ ئۇيغۇرلاردا بۇنىڭدىن 7000 يىل ئىلگىرى يېزا ئىگىلىكى بولغان، چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋەزىيەت مەيدانغا كەلگەن؛ بۇنىڭدىن 4000 يىل ئىلگىرى يېزىق يارىتىلغان، "يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەش تارىخىغا قەدەم قويۇشقا باشلىغان" دېگەننى توقۇپ چىققان. "ئۇچ كىتاب"تا ئاپتور "ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى تارىختا نۇرغۇن قۇدرەتلىك قۇرغان"، ئۇلار "ئاسىيا سەھنىسىدە شىرغا ئوخشاش ھۆكىرىگەن"، "شەرق ۋە غەربنى

زىلزىلىگە كەلتۈرگەن"دەپ ماختاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە رولىنى كاككە كۆتۈرگەن.
مىللىي مەدەنىيەتكە مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە، ئاپتور تارىختىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرغانلىقى، تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدەك ئەمەلىيەتكە كۆز يۇمۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەر قايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى، دۇنيا مەدەنىيىتىگە "مۆلچەرلىگۈسىز"تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇ "دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى، ئەلا داغلىق ئاتۇن بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى" دەپ ھۆكۈم چىقارغان ھەم ماختاش پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پانتۈركىزمچە مەدەنىيەت ئىدىيىسىنى يامان غەرەزلىك بىلەن تارقىتىپ، "ئورتاق تۈركىي مەدەنىيەت" دېگەن خاتا نۇقتىئىنەزەرنى بازارغا سالغان.

4 . پانتۈركىزمچى ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەر بار كۈچ بىلەن تەرغىب قىلىنغان ۋە تارقىتىلغان.

"ئۈچ كىتاب" شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى "شەرقىي تۈركىستان تارىخى"غا ئوخشاش، بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويۇشقا پېتىنمىغان، ھەتتا ئازىنى بەزىدە بىر نەچچە ئېغىز ماركسىزم ئىبارىسى بىلەن پەدازلاپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن شۇنى ئېنىق كارۇۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاپتورنىڭ ئاساسىي مەيدانى، نەزىرىيە نۇقتىئىنەزىرى "شەرقىي تۈركىستان تارىخى"بىلەن تومۇرداش.
ئاپتور ئۇيغۇرلارنىڭ ھونلار، تۈركلەر بىلەن "قانداشلىق مۇناسىۋىتى"بار، "ئېتنىك مەنبە جەھەتتىن بىر - بىرىگە قېرىنداش"، "ئىرق جەھەتتىن بىر مەنبەدىن چىققان"، "ياراتقان مەدەنىيىتى، تۇپتىن ئېتىقاندا، بىر خىل مىللىي مەدەنىيەت"، شەرقىي تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدە "تۈرك" دېگەن نام تۈركچە تىلدا سۆزلىشىدىغان ئىرق ۋە ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتە بىر ـ بىرىگە ئوخشاش

ياكى يېقىن بولغان ئۇيغۇر، ئوغۇز، قىرغىز. . . ۋە كېيىنچە تۈركلەشكەن قىتانلار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مىللەت نامى بولغان" دەپ ھۆكۈم چىقارغان؛ يەنە "شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار"نى ئۆز ئىچىگە ئالغان "بۇ تۈركىي خەلقلەر، جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن ئالغاندا، ئاسىيانىڭ شەرقىدىن غەربىگە ۋە غەربىي جەنۇبىغا قاراپ بىر تۇتاش ھالدا سوزۇلۇپ كەتكەن كەڭ زېمىندا ياشايدۇ". "بۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھازىر ئىسلام دىنىغا (سۈننىي مەزھىپى بويىچە) ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئاھالە سانى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 150 مىليوندىن ئارتۇقراق كېلىدۇ"، "بۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرى ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈرك تىللىرى گۇرۇپپىسىغا تەۋە". "ئۇلارنىڭ ئىلاقىي ئاق تەنلىكلەرنىڭ تۇران (ھون - تۈرك)تىپىغا مەنسۇپ" دېگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرتى توغرىسىدا "ئۇيغۇرلار" دېگەن كىتابنىڭ بىرىنچى جۈملىسىدىلا "قەتئىي ئۈزۈپ ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى "ئوتتۇرا ئاسىيا"دېيىلگەن. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئاپتور ئېيتقان "ئوتتۇرا ئاسىيا" دېگەن ئۇقۇم بىلەن مۇھەممەت ئىمىنلار ئېيتقان "تۈركامەرنىڭ ۋەتىنى"دېگەن ئۇقۇم ئەمەلىيەتتە بىر يەرنى كۆرسىتىدۇ. "ئۇنىڭ چېگرىسى غەربتە قارا دېڭىزغا، شىمالدا ئاتاسقا، شەرقتە ياپون دېڭىزىغا، جەنۇبتا خۇاڭخې دەرياسىغا ھەمم قارا قۇم چۆللۈكىگە تۇتىشىدۇ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان كەڭ زېمىن تۈركلەرنىڭ يېرى" دېگەندىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئاپتور ئېيتقان "ئوتتۇرا ئاسىيا"شەرقىي تۈركىستان بىلەن غەربىي تۈركىستاننىڭ باشقىچە ئاتىلىشى.

ھەققانىي كەسكىن تەنقىد

"ئۈچ كىتاب" تىكى بىر قاتار خاتا نۇقتىئىنەزەرلەر ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئالىملىرى ۋە ئامىمىنىڭ

www.uyghurweb.net

قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى، كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ كەسكىن تەنقىدىگە ئۇچرىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىرى ۋە يىغىنغا قاتناشقان مۇتەخەسسىس، ئالىملار خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان"ئۈچ كىتاب" نىڭ ئەسلى ئورىگىنالىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ تەكشۈرۈپ، ماركسىزملىق ماتېرىيالىستىك تارىخىي قاراش ۋە دىئالېكتىك ئۇسۇلنى قوللىنىپ نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقىپ، "ئۈچ كىتاب" ئۈستىدە چوڭقۇر مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، كىتابتا ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر ۋە خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى سىستېملىق، كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئانالىز قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، قەدىمكى زامان جۇغراپىيىسى، ئاھالىسى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە كۆپىيىشىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئىلمىي شەرھلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت (ھازىر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: تۇرغۇن ئالماسنىڭ "ئۈچ كىتاب"ى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدىن چەتنەپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلىغان. "ئۈچ كىتاب "نىڭ ئەجەللىك يېرى دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمدىن تارتىپ كۆپ مىللەتلىك، بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش، مۇستەقىللىقنى تەرغىب قىلىش، بۆلگۈنچىلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە تارىخىي ئاساس يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. "ئۈچ كىتاب" نىڭ سىياسىي مەيدانى ۋە سىياسىي قارىشى پانتۈركىزم ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەر "شەرقىي تۈركىستان تارىخى" بىلەن تومۇرداش بولۇپ، نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ بايان قىلىنىشى جەھەتتىن ئالغاندا، "ئۈچ كىتاب" "شەرقىي تۈركىستان تارىخى"نىڭ كۆچۈرمىسى. بۇ "ئۈچ كىتاب" تامامەن 30 - ،40-يىللاردىكى پانتۈركىست مەسئۇد، مۇھەممەت

ئىمىن، ئەيسالارنىڭ قارىشىنى كۆچۈرۈۋالغان، ئۇنىڭدا يېڭى نەرسە يوق. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: "ئۈچ كىتاب" نىڭ قەيەزدىن چىقىشى شىنجاڭدىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى جىددىي كۈرەش، بۇ كۈرەشنى جەزمەن ئەستايىدىل ۋە ئاخىرىغىچە چىڭ تۇتۇپ، بۇ "ئۈچ كىتاب" نىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنى تەلتۆكۈس تۈگىتىش لازىم.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىيسى) جانابىل مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ئۈچ كىتاب"تا بايان قىلىنغان بىر قاتار خاتا نۇقتىئىنەزەرلەر ۋە روشەن سىياسىي خاھىشلار ئىلىم شەكلى ئارقىلىق تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن بولغاچقا، مۇرەككەپلىك ۋە تېخىمۇ زور كۆز بويامچىلىققا ئىگە، بۇ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى چوڭقۇر قاتلامدىن زەھەرلەيدىغان، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان مەنىۋى ئەپيۇن.

ئاپتور ۋارىسلىق قىلغان ۋە تەرغىپ قىلغان خاتا نۇقتىئىنەزەرنىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغىنى بىر خىل پانتۈركىزملىق ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمى.شۇڭا، بىز ئۇنى يالغۇز ئاپتورنىڭلا مەسىلىسى دەپ قارىماسلىقىمىز لازىم. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: "شەرقىي تۈركىستان تارىخى" دېگەن كىتاب بىلەن "ئۇيغۇرلار"قاتارلىق "ئۈچ كىتاب"تارقاتقان خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئەستايىدىل ئېنىقلاپ، پانتۈركىزم ۋە "شەرقىي تۈركىستان" بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ئۇزۇل-كېسىل رەددىيە بېرىشىمىز، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھاسىدىكى كۈرەشنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە سۈپىتىدە داۋاملىق تۇتۇشىمىز كېرەك.

www.uyghurweb.net

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئالىملار مۇنداق دەپ قارىدى: تۇرغۇن ئالماس يازغان "ئۇيغۇرلار"قاتارلىق "ئۈچ كىتاب" سەپسەتە ۋە يالغانچىلىق بىلەن تولغان، بۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. كىتابتىكى بىر تەرەپلىمىلىك قاراشقا ئاساسەن توقۇپ چىقىلغان تۈرلۈك ئىدېئالىستىك غەلىتىلىكنى تارىخىي پاكىتقا ئاساسەن پاش قىلىش كېرەك. لىۋ بىڭ ئەپەندى كەسكىن قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ئۇيغۇرلار"قاتارلىق "ئۈچ كىتاب" يالغاننى راست، ناھەقنى ھەق، سەپسەتىنى ھەقىقەت دەپ كۆرسىتىپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستىن قىلىپ، پارچە - پۇرات خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى سىستېمىلاشتۇرۇپ بىركىتۈرۈپ سىياسىي قاراش، تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى ۋە مەدەنىيەت قارىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەكسىيەتچىل نۇقتىئىنەزەر سىستېمىسىنى شەكىللەندۇرۇپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيىگە قارشى قويۇپ، سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىينىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە ئۇرۇنغان. ئۇلارنىڭ زەھەرلەش ۋە زىيان سېلىش رولىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. بىز بۇ ئەكسىيەتچىل سەپسەتىلەرگە قارشى ئۇزاققىچە قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

ئۇيغۇر ئالىم قۇتلۇق ئىمىن "ئۇيغۇرلار" دېگەن كىتابنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ئۈستىدە مەخسۇس تېمىدا سۆز قىلىپ، تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئىدېئالىستىك قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى ئاشكارا تەرغىب قىلغانلىق مەسىلىسىنى كەسكىن پاش قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئاپتور مەملىكىتىمىزنىڭ چىن شىخۇاڭ بىرلىككە كەلتۈرگەندىن تارتىپلا، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن چوڭ دۆلەت بولۇپ كەلگەنلىكىدەك بۇ تارىخىي پاكىتقا تۈپتىن كۆز يۇمۇپ، جۇڭگودىكى ئۇيغۇرلار تارىخىنى زورمۇ زور "مۇستەقىل" تارىخ قىلىپ يازغان. ئاپتور سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىلا خەنزۇلار دۆلىتى ــ جۇڭگو

دېگەن مۇشۇنداق بىر ئۇقۇمنى قەستەن پەيدا قىلىپ، تارىختا سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدا ياشاپ كەلگەن تۈرك، هون، ئۇيغۇر قاتارلىق باشقا مىللەتلەرنى جۇڭگو دائىرىسىدىن ئايرىۋېتىپ، بۇ مىللەتلەر ۋە ئۇلار قۇرغان خاقانلىق بىلەن مەملىكەتىمىزنىڭ مەركىزىي خاندانلىقلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى مەركەزىي خاندانلىقنىڭ دۆلىتىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى دەپ قارىغان، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇش ۋە ئۇرۇشنىمۇ دۆلىتىمىزگە قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق دەۋالغان. ئاپتور مەملىكەتىمىزنىڭ مەركىزىي خاندانلىقلىرىنىڭ باشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ۋاكالەت مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىنى ئېتراپ قىلماي، بۇ مىللەتلەر قۇرغان خانلىقنىڭ مەركىزىي خاندانلىق بىلەن بولغان تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئىنكار قىلىپ، مەملىكەتىمىزنىڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان. بۇ بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تۆھپە قوشقان تارىخي شەخسلەرنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، بىرلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، مەركىزىي خاندانلىققا قارشى تۇرغان كىشىلەرنى"مىللىي قەهرىمان"دەۋالغان. قۇتلۇق ئىمىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق دەپ كۆسەتتى: شىنجاڭنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ۋەتەن بىلەن بىرلىككە كەلگەنلىكى باشتىن ـ ئاخىر يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ تارىختىكى ئاساسىي ئېقىم؛ تۇرغۇن ئالماسنىڭ ھەدەپ شىنجاڭنىڭ "مۇستەقىللىق تارىخى"نى سۆزلەشتىكى غەرىزى سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاتالمىش "مۇستەقىللىق" ئېڭىنى قوزغاش، مىللىي بالگۈنچىلىنى تەرغىب قىلىش، بۇ ھەرگىز قانداقتۇ ئىلمىي مەسىلىسى ۋە تارىختا بولغان ئوخشاش بولمىغان قاراش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى كەسكىن سىياسىي مەسىلە.

ئۇيغۇر ئالىم ياسىن ناسىر"ئۈچ كىتاب"نىڭ مىللىي مەسىلىدىكى ئېغىر خاتالىقىغا باھا بەرگەن ماقالىسىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئاپتور بۇرژۇئاچە مىللەت قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مىللىي

بۆلگۈنچىلىك مەيدانىدا تۇرۇپ، پانتۈركىزم مېلىنى كۆچىنىڭ بارىچە بازارغا سېلىپ، ئىچكى-تاشقى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ سىياسىتى تەشەببۇسىنى تولۇق ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلىش، مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىش، مىللەتلەرنىڭ ئىپىل-ناچار، يۈكسەك - پەس دېگەن پەرقى بولىدۇ، دېگەن بۇرژۇئاچە مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇشتەك ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلىغان.

بەزى ئالىملار "هونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى"غا باها بەرگەن ماقالىسىدا مۇنداق دەپ كۆسەتتى: تۇرغۇن ئالماس يازغان "هونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى"دا تارىخىي مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭغا قاراشتا ماركسىزمنىڭ سىنىپىي نۇقتىئىنەزىرىگە ئەمەل قىلىنماي، بەلكى مىللەت قارىشى (بىر تەرەپلىمىلىك مىللەت قارىشى) قوللىنىلغان. "هونلارنىڭ قىسقىچە تارىخ" مىللەت بىلەن مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، هونلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش، هونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، سىيانچىلار بىلەن هونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ۋە باشقا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بىلەن تولغان. مىللىي كۈرەش ۋە مىللىي ئۇرۇش كىتابنىڭ بەت - بېتىدە سۆزلەنگەنۇ دەل سىنىپىي كۈرەش تىلغا ئېلىنمىغان. ئاپتور مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، بولۇپمۇ هونلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى سىنىپىي مەزمۇننى قايرىپ قويۇپ سۆزلىگەن. سىنىپىنى نەزەرگە ئېلىشقا پېتىنمىغان، هەتتا پۈتۈن كىتابتا "سىنىپ" دېگەن سۆزنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

نۇرغۇن مۇتەخەسسىس، ئالىملار مەخسۇس تېمىدا سۆزلىگەن سۆزىدە ۋە نەزەرىيىۋى ماقالىسىدا "ئۈچ كىتاب"تىكى خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرگە سىستېمىلىق رەددىيە بەردى هەمدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ئۇيغۇرلار" قاتارلىق ئۈچ كىتاب خاتالىق بىلەن تولغان، ئۇنىڭدا ئىلمىي مۇهاكىمە ئىدىيىسى جەهەتتىكى خاتالىق، نەزەرىيە قارىشى جەهەتتىكى خاتالىق بار، تەتقىقات ئۇسۇلى جەهەتتىكى ئىدېئالىستىك تارىخىي قاراشمۇ بار، بۇ ئۈچ كىتاب تارىخىي

ماتېرىياللارنى بۇرمىلاش، ئۆزگەرتىش، ھەتتا ئويدۇرۇپ چىقىش يولى بىلەن ساختا تارىخ ياسىغان ئۈچ كىتاب، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە تارىخ قارىشىغا تامامەن خىلاپلىق قىلغان ئۈچ كىتاب، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ۋەتىنىمىز بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى ئۈچۈن ئاتالمىش تارىخىي ئاساس يارىتىپ بەرگەن ئۈچ كىتاب. ئۈچ كىتابتىكى خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى تەنقىد قىلىپ، ئۇنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش ۋە زەھىرىنى تازىلاش يەنىلا نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى بىر ئېغىر ۋەزىپە.

9 . بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىش

1990-يىل 4-ئايدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دېھقانلىرى ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقىرىش دولقۇنى كۆتۈرۈۋاتقان پەيتتە، كونىنلون تېغى باغرىغا جايلاشقان ئاقتۇ ناھىيىسى بارىن يېزىسىدا ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەسەبىيلەشكەن بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار دىندىن پايدىلىنىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان بەزى ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ ۋە زورلاپ، ۋەتەننى پارچىلاشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ قوزغىدى. ھەر مىللەت خەلقى، قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر-جەڭچىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىدىن تەركىب تاپقان پولات ئىستىھكام ئالدىدا، بۇ توپىلاڭچىلار كۆكۈم-تالقان قىلىنىپ، بۇ مەيدان ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ تېزلا تىنجىتىلدى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۆلگۈنچىلىك

بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مەيدان ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش تارىخقا يېزىلدى.

(1) بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ قوزغىدى

بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئەمەس، ئۇ ئۇزۇن مۇددەت كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىغان سۇيىقەست. 1989-يىلى ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۇزۇق كىشىلەر مەسچىتتە "ناماز" ئوقۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، دىن مۇخلىسلىرى بولۇپمۇ، ياشلار ئارىسىدا دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغىتىپ، ئوكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى. ئۇلار ئاشكارا ھالدا "بىز سوتسىيالىزمغا ئىشەنمەيمىز"، "بىز سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىمىز"، "ئىلگىرى ماركسىزم دىنىنى باسقاندى، ئەمدى دىن بىلەن سوتسىيالىزمنى باسىمىز" دەپ جار سالدى. ئۇلار مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغىتىپ، غالجىرلاشقان ھالدا: "جەڭ قىلىپ خەنزۇلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىمىز"، "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرىمىز" دەپ جار سالدى؟ بۇ ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى پىلانلاشتا قوللىنغان ئاساسلىق ۋاستىسى دىنىنى نىقاب قىلىش، مىللىي ئۆچمەنلىك ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغىتىش. توپىلاڭنىڭ "باش قوماندانى" زەيدىن يۇسۇپ "قۇرئان"نىڭ بەزى پارىلىرىدىن پايدىلىنىپ ، ئۆزى خالىغانچە بىر "غازات قانۇن ـ قائىدىسى" توقۇپ چىقىپ، دىن مۇخلىسلىرىنى قايمۇقتۇرۇپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغاتتى، ئۇ ئۆزى توقۇپ چىققان"غازات قانۇنى ـ قائىدىسى"نىڭ 1 ـ ماددىسىدا مۇنداق دەپ جۆيلىگەن: "غازات قىلىش" تىن مەقسەت "كۇپپارلارنى يوقىتىش، كۇففارلارغا ھۇجۇم قوزغاش". شۇڭا، "مۇسۇلمانىنىڭ ئىماملىرى ھەر قانداق بىر كىشىنى غازاتقا

قاتنىشىشقا دەۋەت قىلىدۇ، بۇنىڭغا ھەممە كىشى بويسۇنۇشى شەرت"، "ھەتتا مۇسۇلمان ئاياللىرىمۇ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈشى كېرەك".

ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ قوزغاش ئۈچۈن 1989 - يىلدىن باشلاپ ئالاقە باغلاپ، ئەكسىيەتچىل تەشكىلات تەشكىللەپ، ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى" قۇردى. 1990 - يىلدىن بۇيان، بۇ ئەكسىيەتچىل تەشكىلات ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم يىغىن ئېچىپ، تەشكىل، قورال - ياراغ، خادىملارنىڭ ئىش تەقسىماتى قاتارلىق جەھەتلەردە تەييارلىق كۆرۈپ توپىلاڭ قوزغاشنى مەخپىي پىلانلىدى ھەمدە قوشۇننى ھەدەپ زورايتىپ، چامباشچىلىق مەشىقى ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ ئىنچىكە ئىش تەقسىماتى، باش قۇماندانى، مۇئاۋىن باش قۇماندانلىرى،ھەربىي ئىشلار قۇماندانى ۋە ئارقا سەپ تەمىناتى، قاتناش، ئالاقىلىشىش قۇماندانى، شۇنىڭدەك ئەسەر باشلاپ ئۇرۇش قىلىدىغان قۇماندانىي بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پارتىيە ۋە سوتسىيالىزمغا ئىنچىل ئۆچمەنلىك قىلىپ كەلگەن ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار؛ بەزىلىرى ئادەم ئۆلتۈرگەن قاچقۇنلار؛ بەزىلىرى ئەمگەك ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ قويۇپ بېرىلگەن، ئەمما ياخشى ئۆزگەرمىگەن ئۇنسۇرلار؛ بەزىلىرى ئادەتلەنگەن ئوغرىلار. ئۇلار ئاممىنى ئاشلىق تاپشۇرۇش، پۇل ئىئانە قىلىشقا قىستاپ، جەمئىي 13مىڭ يۈەن نەق پۇل توپلىدى، مەجبۇرىي يىغقان پۇللارغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قىلىچ، پارتىلىتىش دورىسى سېتىۋالدى، گرانات، پارتلاتقۇچ بوغچا ياسىدى، يەنە تۆت ئات ۋە موتسىكلىت قاتارلىق بۇيۇملارنى سېتىۋالدى. 3-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، بارىن يېزىسىدىكى ئاز سانلىق ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ سۇيقەستلىك ھەرىكىتى تەدرىجى ئەۋجگە چىقىپ، مەخپىي ھالەتتىن ئاشكارە ھالەتكە ئۆتۈپ، ئەكسىيەتچىل خورىكى بارغانسىرى ئېشىپ كەتتى. ئۇلار تەپ تارتماستىن مەسچىتكە يۇقىرى ئاۋازلىق ياڭراتقۇ

ئورنىتىپ "غازات" نى تەشۋىق قىلدى، ئەسەبىيلەشكەن ھالدا "ئۇرۇش قىلىمىز"، "بارىن يېزىسىدا ئىسلام دىنىنى راۋاجلاندۇرىمىز" دەپ دەۋراڭ سالدى. ئۇلار ئاممىنى"قۇرئان"تۇتۇپ قەسەم قىلىشقا مەجبۇرلىدى، ئاشلىق، پۇل ئىئانە قىلىشقا قىستىدى، ئاشلىق ۋە پۇل تاپشۇرمىغانلارنى قاتتىق ئۇردى؛ نۇرغۇن يېزا، كەنت كادىرلىرى، پارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زاتلارغا تەھدىت سالدى ۋە ئۇلارنى قورقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار قۇرال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ۋە ئات ـ ئۇلاغ، ئوزۇق ـ تۈلۈك توپلاشنى تېزلەتتى، يەنە نەچچە ئون ياش ـ ئۆسمۈرنى يىغىپ، گىرانات ئېتىش، چامباشچىلىق قىلىشنى مەشىق قىلدۇردى.

3ـئاينىڭ 27ـكۈنى، رامزان باشلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى تېخىمۇ غالجىرلاشتى، ئۇششاق باللار بازاردا قېتىق ساتسا، كوزىلىرىنى چېقىۋەتتى؛ موخوركا سېتىۋاتقانلارنىڭ موخوركىسىنى چېچىۋەتتى. ئۇلار يەنە قايسى بىر ئايال كوچىغا چىقىشقا پېتىنىدىكەن چېچىنى كېسىۋېتىمىز، قايسى بىر ئاشخانا تىجارەت قىلىشقا پېتىنىدىكەن ئاشخانىسىنى چېقىۋېتىمىز، دەپ جار سالدى. كىشىلەر بىر مەھەل دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالدى. زوراۋانلار: "پەيشەنبە كۈنى (4 ـ ئاينىڭ 5ـكۈنى) ئىسلام بايرىقىنى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە قادايمىز"دەپ جۆيلىدى.

4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سەھەردە، بەزى ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار چاپان سېلىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار 200 نەچچە كىشىنى يىغىپ رەتكە تۇرغۇزۇپ، قول چىرىقى يېقىشىپ، قۇرئان ئوقۇپ تۇرۇپ كوچا ئايلىنىپ ھەيۋە كۆرسەتتى، ئاندىن كوللېكتىپ "ناماز" ئوقۇپ ۋەقە تۇغدۇرماقچى بولدى، ئۇلار ئاۋۋال بارىن يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، يېزىلىق ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئەكسىئىنقىلابىي ھەرىكەت بازىسى قۇرۇشقا ئۇرۇندى.

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن ئاقسۇ ناھىيىسى ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋەقەنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن رەھبىري كادىرلارنى چۈشەندۈرۈپ قايىل قىلىش ۋە تەربىيە بېرىش خىزمىتى ئىشلەشكە ئەۋەتتى. بۇ ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار ئاڭلاش ئۈيلقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئەكسىلئىنقىلابىي قوزىراتقۇلۇق قىلدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتە يېرىمدا، بۇيرۇققا بىنائەن ئىجتىمائىي تەرەپنى قوغداشقا كەلگەن قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ 62 قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىسى ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى باشلىقىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بارىن يېزىسىغا يېتىپ كەلگەندە، يېزىلىق ھۆكىمەت ئالدىدا ۋەقە تۇغدۇرغۇچىلار ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئالدىنى توسىۋالدى. قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كىرگەندىن كېيىن، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ قوزىرتىشى بىلەن، 200 ـ 300 چە ئادەم تەلۋىلەرچە ۋارقىرىشىپ كادىرلار، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرىنى يېزىلىق ھۆكۈمەت ھويلىسىغا قاپسىۋالدى. كەچ سائەت سەككىزدىن 40 مىنوت ئۆتكەندە، ۋەقە تۇغدۇرغۇچىلار يېزىلىق ھۆكۈمەت دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغان ئوبلاست، ناھىيە، يېزا كادىرلىرى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىگە تاش ئېتىشقا باشلاپ، ئىككى كىشىنى يارىلاندۇردى، سىرتتا ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان ئىككى شوپۇرنى قاتتىق ئۇردى. كەچ سائەت توققۇزلاردا، ياردەمگە كەلگەن قەشقەر قوراللىق ساقچى قىسىم تارماق ئەترىتىنىڭ جەڭچىلىرى بارىن يېزىغا يېتىپ كېلىپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى دوقمۇشقا كەلگەندە توپىلاڭچىلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، توپىلاڭچىلار ئىككى ئاپتوموبىلنىڭ ئەينىكىنى چېقىۋەتتى، 14 قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىسى، بىر جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىسى

بىلەن شوپۇرنى ئۆرۈپ يارلاندۇردى. قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى ماشىنىدىن چۈشۈپ ۋەقە تۇغدۇرغۇچىلارنى تارقىتىۋېتىپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قورۇسىغا كىردى ھەمدە باشلامچىلىق بىلەن ۋەقە تۇغدۇرغان بەزى قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنى تۇتتى، بۇ چاغدا، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى، توپىلاڭچىلار يەنە قورالىلىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرىغا تاش ئېتىشقا باشلىدى. توپىلاڭچىلار بۇيرۇقىقا بىنائەن توپىلاڭنىڭ ئاساسلىق كاتىپىشى زەيدىن يۇسۇپنى تۇتۇشقا بارغان بەش جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر- ساقچىسىنى تۇتىۋېلىپ "گۆرۈ"گە ئېلىۋالدى ھەمدە ئۇلارنىڭ تاپانچا، سۆزلىشىش ئاپپاراتى، توك كالتەكنى تارتىۋالدى، ساقچى كىيىملىرىنى مەجبۇرى سالدۇرىۋالدى. كەچ سائەت 11دىن ئاشقاندا، قورالىلىق ساقچى قىسىم ئاقتۇ ناھىيىلىك چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن تەربىيىچىسى شۈشىنجيەن ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن جەڭچى ۋاڭ جىڭپىڭ، گوشۆۋېن، لۈجيەنخۇينى باشلاپ ماشىنىلىق بارىن يېزىسىغا كېتىۋېتىپ، يېزىلىق خەلق ھۆكىمىتىگە بىر كىلومېتىر قالغان كۆۋرۈككە كەلگەندە، بىر توپ توپىلاڭچىلار ئۇلارنى توسۇۋېلىپ، تۆت قورالىلىق ساقچى قىسىم جەڭچىسىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرىۋەتتى، بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى كۆرگەن ئادەم چىداپ تۇرالمايتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، قەشقەر قورالىلىق ساقچى قىسىم 6 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەلى ياسىن، بەنجاڭ ۋۇيوڭ، مۇئاۋىن بەنجاڭ تىيەن چۈڭفېڭلار قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شوپۇرى ئادىل ھەيدىگەن "تويوتا" ماركىلىق دالا ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ بارىن يېزىسىغا ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا كېتىۋېتىپ يەنە شۇ كۆۋرۈككە كەلگەندە، توپىلاڭچىلارنىڭ تۇيۇقسىز توسىۋېلىپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرىدى، توپىلاڭچىلار ئۈچ كوماندىر - جەڭچى بىلەن شوپۇرنى ماشىنىدىن سۆرەپ چۈشۈپ

www.uyghurweb.net

قاتتىق ئۇردى، ئەلى ياسىننى ئۇرۇپ ھۇشسىزلاندۇرۇپ باغلاپ كەتتى، ۋۇيۇلۇك بىلەن تىيەن چۇڭفېڭنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرىۋەتتى، "تويوتا" ماركىلىق دالا ئاپتوموبىلىنى پارتلىتىۋەتكەندىن كېيىن كۆۋرۈكتىن ئىتتىرىۋەتتى.

4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سائەت 0 ئەتراپىدا، توپىلاڭچىلار "گۆرۈ" گە ئېلىۋالغان بەش جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىسىنىڭ پېشانىسىگە تاپانچا تەڭگەپ تۇرۇپ، تارتىۋالغان سۆزلىشىش ئاپپاراتى ئارقىلىق بىز بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنى بىز تۇتقان ئادەملەر بىلەن ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئەگەر شەرتىمىزگە كۆنمىسەڭلار ئۇلارنى ئۆلتۈرىۋېتىمىز دەپ جار سالدى. بىز خادىملارنى ئالماشتۇرۇشقا قوشۇلدۇق، ئەمما ئۇلار ۋەكىل ئەۋەتمىدى. بىز توپىلاڭچىلارغا داۋاملىق سىياسەتنى تەشۋىق قىلىپ، پايدا-زىياننى چۈشەندۈرۈپ، يامان نىيىتىدىن يېنىشقا دەۋەت قىلدۇق. ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ بىر نەچچە جاھىل كاتىۋاشلىرى بىزنىڭ دەۋىتىمىزگە ۋە ئاگاھلاندۇرۇشىمىزغا پەرۋا قىلماين ئەكسىنچە توپىلاڭچىلارنى باشلاپ، "قۇرئان" تۇتۇپ قەسەم قىلىپ ھەمدە ئۈزلۈكسىز تۈردە تەلۋىلەرچە ۋارقىراپ-جارقىراپ، تەۋەككۈللۈك قىلماقچى بولدى.

سائەت تۆتتىن ئاشقاندا، توپىلاڭچىلار پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سالدى. ئۇلار يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قوروسىغا ئەن نەچچە گرانات ۋە پارتلاتقۇچى بوغما ئاتتى ھەمدە ئاۋۋال ئوق چىقاردى. قورالىلىق ساقچى قىسىم جەڭچىسى دوڭ شىمىن، ياڭ پېيجوڭ، دۇيوڭلياڭلار نەق مەيداندا يارلاندى. قورالىلىق ساقچى قىسىمىمىز ئاسمانغا ئوق ئېتىپ ئاگاھلاندۇردى، توپىلاڭچىلار يەنىلا ئۆزىنى بىلمەي، غالجىرلاشقان ھالدا قورو ئىچىگە داۋاملىق ئوق ئاتتى، گرانات تاشلىدى ھەمدە قورو تېمىنىڭ ئۈچ يېرىنى پارتلىتىۋەتتى. ئاسمانغا ئوق ئېتىپ ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى بولمىغان، تاقەت قىلىش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، قورالىلىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى،

جامائەت خەۋسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى ئۆزىنى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۆزىنى تۇتىۋالغان هالدا قايتۇرماقتا زەربە بېرىپ، توپىلاڭنىڭ "باش قوماندانى" زەيدىن يۈسۈپنى، يەنە دەرەخكە چىقىۋېلىپ قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىگە ئوق ئېتىۋالغان بىر توپىلاڭچىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. شۇ چاغدا، قورو ئىچىدىكى قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرىدا نەچچە ئون قورال ۋە يېتەرلىك ئوق-دورا بار بولۇپ، توپىلاڭچىلارنىڭ هۇجۇمىنى چېكىندۈرۈشكە تامامەن قۇربى يېتەتتى. لېكىن، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلار بىلەن هەقىقىي ئەهۋالنى بىلمەيدىغان ئامما ئارىلىشىپ كەتكەچكە، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى بىرمۇ ئاممىغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن باشتىن-ئاخىر ئۆزىنى تۇتىۋېلىش ۋە يول قويۇش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ، ساياسەتنى تەشۋىق قىلىشتا چىڭ تۇردى.

6 - كۈنى، ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن ئاشقاندا، ياردەمگە ئەۋەتىلگەن جەڭچىلەر ۋە بىڭتۇەن، يەرلىكنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ بارىن يېزىسىغا يېتىپ كېلىپ، توپىلاڭچىلارغا ئىككى تەرەپتىن قورشاپ زەربە بېرىشتەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. توپىلاڭچىلار ۋەزىيەتنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، پاتىپاراق بولۇشۇپ، دەرهال قۇيرۇقىنى تىكىۋەتتى، توپىلاڭچىلارنىڭ كۆپ قىسمى قولغا چۈشتى، پەقەت ئون نەچچە توپىلاڭچى قوراللىق قېچىپ كەتتى. سائەت توققۇزدىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، بۇ مەيدان ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ بىر يوللا تارماق قىلىندى.

(2) قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ توپىلاڭنى تىنجىتتى

بارىن يېزىسىدا توپىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى قەشقەردە بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىش قوماندانلىق شتابىي قۇردى. قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ناھىيىلەردە توپىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى، بارىن يېزىسىدا ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى، ھەر قايسى قوماندانلىق شتابىغا شۇ جايدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بىۋاستە قوماندانلىق قىلدى. توپىلاڭنى تىنجىتىش قوماندانلىق شتابىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھەمكارلىششى ئاستىدا، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى ئاساسىي قوشۇن قىلىنىپ، بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىش جېڭى باشلاندى.

توپىلاڭنى تىنجىتىشقا قاتناشقان قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرى ۋە بىلتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ ھەر مىللەت خەلق ئەسكەرلىرى مۇستەھكەم مەيداندا تۇرۇپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، سىياسەتنى ئىجرا قىلىپ، قوماندانلىققا بويسۇنۇپ، باتۇرانە جەڭ قىلدى. توپىلاڭنى تىنجىتىشقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، بىردەك ھەرىكەت قىلىپ، يۈكسەك سىياسىي ئېڭى، ھەربىي ساپاسى ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇش روھىنى ئىپادىلىدى. ئۇلار ياۋۇز توپىلاڭچىلار ئالدىدا جان پىدا قىلىپ، ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى بىلەن پولات سېپىل ھاسىل قىلىپ، خەلق دېموكراتىيىسى ھاكىمىيىتىنى قوغدىدى.

www.uyghurweb.net

4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت تۆتتىن 44 مىنوت ئۆتكەندە، باش قوماندانلىق شتابىي قايتۇرما زەربە بېرىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى، قىساس ئوقلىرى دۈشمەنلەرگە ئېتىلدى. لېكىن دۈشمەنلەر پايدىلىق ئېگىزلىكنى ئالدىن ئىگىلىۋېلىپ قورالىلىق ساقچى قىسىمىمىزغا تەرەپ ـ تەرەپتىن ئوق ئاتتى، قايتۇرما زەربە بېرىشكە نۇرغۇن قىيىنچىلىق تۇغدۇردى. توپىلاڭچىلارنىڭ ئوت كۈچىكۈچلۈك ئىدى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزى ياسىۋالغان گراناتلىرى جەڭچىلەرگە ناھايىتى زور تەھدىت سالدى. خەۋپلىك پەيتتە، بىرىنچى سەپنىڭ باش قوماندانى، قەشقەر قورالىلىق ساقچى قىسىم تاماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن سىنىپ ئەسكەر كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەمكىنلىك بىلەن قوماندانلىق قىلدى. جەڭچىلەر باتۇرلۇق بىلەن ئاتاكىغا ئۆتۈپ، قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىدە بىرىنچى پايدىلىق ئېگىزلىكنى ئىگىلەپ، دۈشمەنلەرگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. 2 ـ چوڭ ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن تەربىيىچىسى بىرىنچى سەپتە تۇرۇپ، توپىلاڭچىلارغا توختىماي نەسھەت قىلىپ، دۈشمەنلەرنى پارچىلىدى، دۈشمەن بىلەن تۇتۇشۇپ قالغاندىن كېيىن، خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، قولىغا قورال ئېلىپ دۈشمەنگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. دۈشمەن بىلەن كوچا جېڭى قىلغاندا، دۈشمەن تاشلىغان بىر گرانات ئۇنىڭ يېنىدا پارتىلىغاچقا، ئۇ يارىلاندى. بىر نەچچە كادىر، جەڭدە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى كۆتۈرمەكچى بولغاندا، ئۇ"مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن. . . مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن. . . دۈشمەننى يوقىتىش مۇھىم" دەپ ئۇلارنى قايتا ـ قايتا توستى. ئۆزىنى ئارقا سەپكە ئەۋەتىۋېتىدىغانلىقتىن خەۋەر تاپقاندا، ئۇ ئاغرىق ئازاۋىغا بەرداشلىق بېرىپ: "مەن بىر كوماندىر، جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلسام بولمايدۇ!" دەپ رەت قىلدى. جەڭچىلەر كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ بۇ ئۇيغۇر تەربىيىچىنى يېقىن ئەتراپتىكى بىر ئائىلىنىڭ ھويلىسىغا

www.uyghurweb.net

كۆتۈرۈپ كېلىپ يارىسىنى تاڭدى، ئىسسىق قان يارا ئېغىزىدىن توختىماي ئېقىپ تۇرغاچقا، ئۇ ھوشىدىن كەتتى.

6 ـ ئوتتۇرا ئەتىرەتنىڭ يېتەكچىسى قىسىمغا قوماندانلىق قىلىپ يېڭىلىق ھۆكۈمەتكە يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندا، ئۇچۇپ كەلگەن بىر گرانات پارتلاپ ئۇنى يارىلاندۇردى، گرانات پارچىسى ئۇنىڭ قوۋۇرغىسىغا كىرىپ كېتىپ، ئىسسىق قان كۆينىكىنى ھۆل قىلىۋەتتى، ئۇ ئاغرىق ئازاۋىنى ئۇنتۇپ، جەڭچىلەرگە قوماندانلىقلا قىلىپ داۋاملىق ھۇجۇم قىلدى. توپىلاڭچىلار قورallıق ساقچى قىسىم قىزىلسۇ ئوبلاستى تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋە سىياسىي كومىسسارى بىلەن 60 نەپەر قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىسىنى بارىن يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھويلىسىدا مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. ئۇلار باشتىن-ئاخىر خەۋپ-خەتەردىن قورقماي توپىلاڭچىلارغا قارىشى كۈرەش قىلدى. قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭى باشلانغاندىن كېيىن, ئۇلار ئالدىنقى ئىستېھكامنى چىڭ ساقلاپ, توپىلاڭچىلارنىڭ ھەر بىر قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى.

ئالدىنقى سەپتە ۋەقە تېزدىن كېڭىيىپ كەتتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى بارىن يېزىسىغا ئىسپات ئېلىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. 6-كۈنى ئەتىگەن سائەت بەشتە، تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئۈچ رازۋېدچىنى باشلاپ بىر سىنئالغۇ ئاپپاراتى، ئىككى فوتو سۈرەت ئاپپاراتىنى كۆتۈرۈپ، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە، ياردەمگە كېتىۋاتقان 3 ـ ئوتتۇرا ئەترەتكە ئەگىشىپ بارىن يېزىسىغا قاراپ يول ئالدى. ئىسپات ئېلىش گۇرۇپپىسى بارىن يېزىسىغا يېتىپ كەلگەندە، توپىلاڭچىلار ياردەمگە كەلگەن قوراللىق ساقچى قىسىمنىڭ ئالدىنى توسۇۋالغاچقا، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا جىددىي جەڭ بولۇۋاتاتتى، زارىۋېدچىلار ئوقلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن ۋىشىلداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىغا قارىماي، توپىلاڭچىلارنىڭ قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرگەن، يارلاندۇرغان

www.uyghurweb.net

جىنايى قىلمىشلىرىنى تەمكىنلىك بىلەن بىر ـ بىرلەپ سۈرەتكە ئېلىۋالدى.

توپىلاڭنى تىنجىتىشقا ئۈزۈل ـ كېسىل غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن، توپىلاڭنى تىنجىتىش قوماندانلىق شتابى تېزدىن قوغلاپ تۇتۇش شۆبە ئەترىتى قۇرۇپ، قاچقان توپىلاڭچىلارغا غەلىبىسىرى قوغلاپ زەربە بەردى. قىزىلسۇ، قەشقەر ۋە ھەر قايسى ناھىيىلەر، شۇنىڭدەك بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى پائال ماسلىشىپ، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلدى. 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، قوغلاپ يوقىتىش شۆبە ئەترىتىمىز سامانغا يېتىپ كەلگەندە، 16 توپىلاڭچىنىڭ بىرسى قوراللىق ساقچى قىسىمنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان بولۇپ، دېھقانلاردىن كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈك سوراپ ئالغاندىن كېيىن، قورغان يېزىسىغا قاچقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. شۇ كۈنى كەچ سائەت 21 دە، شۆبە ئەترەت ئەزالىرى يەڭگىللەپ تېزدىن سەپكە ئاتلىنىپ، قورغان يېزىسىدىن ئۆتۈپ تاكى يالغۇز ئۆيگىچە ئاقتۇرۇپ كەلدى. بۇ چاغدا ئەزالار ئىككى كۈن توختىماي يول يۈرگەچكە ۋە دالادا قونۇپ غىزالانغاچقا، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى، نۇرغۇن ئەزالارنىڭ پۇتلىرى قاپىرىپ كەتكەن بولۇپ، يول يۈرۈشى قىيىنغا چۈشتى. توپىلاڭچىلارنى تېزدىن قوغلاپ يوقىتىش ۋە ئۇلارغا توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئاتلىق ئەترەت قۇرۇش قارار قىلىندى. ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق قوراللىق كۈچلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شۆبە ئەترەتكە 23 ئات سەپلەپ بەردى، ئات مىنىشكە ماھىر ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرى بەس ـ بەس بىلەن ئاتلىق ئەترەتكە قاتناشتى. 8-كۈنى سەھەردە يامغۇر ئارىلاش قار ياغقاچقا، ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىدى، بۇ 23 كىشىلىك ئاتلىق ئەترەت دېڭىز يۈزىدىن ئازكەم تۆت مىڭ مېتىر ئېگىز تاغلىق رايوندا يۈردى. قار-يامغۇرلار ئۇلارنىڭ ياللىڭ كىيىملىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى، قاتتىق ئىگەلەر ئۇلارنىڭ

يوتىلىرىدىن قان چىقىرىۋەتتى. ئەمما ئۇلار لىۋىنى چىشلەپ، خۇددى شەمشەرگە ئوخشاش بىدىلىك ئىگىزلىكىگە چىقتى.

بۇ يەتتە قىرغىز ئائىلىسى ئولتۇرۇشلۇق، چەت، قاقاس كەنت بولۇپ، تۆت ئەتراپىنى تاغلار قورشاپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز، غەربىي شىمالى تاغ ئېتىكىدىكى تاش ئۆڭكۈردە بىر قانچە ئادەمنىڭ كۆلەڭگۈسى پەيدا بولدى. توپىلاڭچىلار! ئاتلىق ئەسكەرنىڭ قوماندانى دەرھال تۆت گۇرۇپپىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

توپىلاڭچىلار ئاتلىق ئەترىتىمىزنىڭ مىڭ مېتىر يىراقلىقتا كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئالاقىزادە بولۇشۇپ تاغ ئېگىزلىكىنى ئىگىلەپ، تاش ئۆڭكۈرنى پاناھ قىلىپ قېچىپ كەتمەكچى بولدى. ئاتلىق ئەترەت گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئۇلارنى دەرھال قورشىۋالدى. لېكىن توپىلاڭلار جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، بىزگە ئوق چىقاردى. بىرىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر دۈشمەنگە تېزدىن يېقىنلىشىپ، كۈچلۈك ئوت كۈچى ئارقىلىق قالغان ئۈچ گۇرۇپپىنىڭ ئالغا ئىلگىرلەپ دۈشمەننى تارمار قىلىشنى قوغدىدى، بىر جەڭچى سول تەرەپتىن دۈشمەننىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ئەمدىلا بىر دۈشمەننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشكە، يەنە بىر توپىلاڭچىنىڭ تاپانچا بىلەن ئۆز سەپدىشىنى قارىغا ئېلىۋالغانلىقىنىنى بايقاپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆڭكۈرگە سەكرەپ چۈشۈپ، توپىلاڭچىنىڭ قولىدىكى تاپانچىنى پەشۋا بىلەن بىرنى تېپىپ ئۇچۇرۇۋېتىپ، "قولۇڭنى كۆتەر!" دەپ ۋاقىرىدى، توپىلاڭچى: "ھەممىمىز مۇسۇلمان، بۇنداق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى" دېدى. بۇ جەڭچى ھەققانىي مەيداندا تۇرۇپ: "سەن مۇسۇلمانلار ئىچىدىن چىققان مۇناپىق!" دەپ ئەيىبلىدى. ئارقىدىنلا بۇ توپىلاڭچىنى باغلىدى.

جەڭ كەسكىن داۋاملىشىۋاتاتتى. توپىلاڭچىلار تاش ئۆكۈرنى بويلاپ قېچىپ كەتمەكچى بولغاندا، جەڭچىلەرگە ئۆز ھاياتى بىلەن

ھېسابلاشماي، ئۇلارنى توسۇۋېلىپ زەربە بەردى. بىر جەڭچىنىڭ يوتىسى ۋە ئىگىكىنىڭ ئوقى تەرىپىي يارلانغان بولسىمۇ پۇتىنى سۆرەپ ئالغا ئىلگىرلەپ، ئوت كۆچى بىلەن تاغ ئېغىزىنى داۋاملىق قامال قىلدى.

سائەت 13 تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، جەڭ ئاخىرلاشتى. ئالتە توپىلاڭچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، ئۈچ توپىلاڭچى قولغا چۈشتى، يەتتە توپىلاڭچى ئېلىشىشتىن ئىلگىرى قېچىپ كەتكەچكە، ئاتلىق ئەترەت ئۇلارغا غەلىبىسىرى قوغلاپ زەربە بەردى، جەڭچىلەر توپىلاڭچىلارنىڭ بىر چارۋىچىنى يول باشلاشقا مەجبۇلاپ قارا تۈز تەرەپكە قېچىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال خەتەرلىك يول بىلەن دۈشمەننى توسۇشقا ئاتلاندى.

ئەترەت ئەزالىرى ئات ۋە قوتازلىرىنى يېتىلەپ قىرغىز چارۋىچىنىڭ باشلامچىلىقىدا، تىك كەتكەن تاغ يوللىرىدا مۈشكۈللۈك بىلەن ئالغا ئىلگىرلىمەكتە ئىدى. بىردەمدىن كېيىنلا، قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى، شىۋىرغان خۇددى نەشتەردەك ئەزالارنىڭ يۈزىگە سانجىلاتتى. سائەت 17 بولغاندا، شۆبە ئەترەت ئاخىرى دېڭىز يۈزىدىن 4700 نەچچە مېتىر ئېگىز بولغان قاراتۈزمۈز داۋىنىغا چىقىپ دۈشمەننى بايقىدى. جەڭچىلەر داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى. دۈشمەنلەرگە "ئەگەر سەن ھەقىقىي مۇسۇلمان بولساڭ، ئارقاڭدىكى كاپىرنى ئات"! دەپ توۋلىدى. توپىلاڭچىنىڭ گېپى تۈگە ـ تەگمەيلا، بىر ئاز سانلىق مىللەت جەڭچىسى ئۇنى بىر پاي ئۆچمەنلىك ئوقى بىلەن ئېتىپ ئۆلتەردى.

بۇ چاغدا، سول تەرەپتىن قورشاپ چىققان ئادىلجان بىلەن يەنە بىر جەڭچى خەتەرلىك تاغ چوققىسىغا يامىشىپ چىقىپ، بىر پايدىلىق ئېگىزلىكنى ئىگىلەپ، دۈشمەنگە ئوت ئاچتى. كەسكىن جەڭدە، بەختكە قارشى ئادىلجاننىڭ بېشىغا ئوق تېگىپ، تىك قىيادىن چۈشۈپ كېتىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

شۆبە ئەترەتنىڭ جەڭچىلىرى ئۈچ كۈندە ئاران بەش سائەت ئۇخلىدى، ئىككى نان يېدى، ئەمما ئالتە قېتىم سۇيى مۇزدەك ئۆسەڭدىن كېسىپ ئۆتۈپ، 150 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، ئىككى قېتىم جەڭ قىلىپ، دۈشمەندىن توققۇزنى يوقاتتى، ئۈچنى قولغا چۈشۈردى، ئالتە ھەر خىل قورال، 27 گىرانات، 80 پاي ئوق ۋە باشقا بويۇملارنى ئولجا ئالدى. ئۇلار ئاخىرى پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇندىدى!

قەشقەردە تۇرۇشلۇق بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك 3-شىسىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى توپىلاڭنى تىنجىتىش داۋامىدا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. 4-ئاينىڭ 6-كۈنى تاڭ سەھەر سائەت ئىككىدە، يېزا ئىگىلىك 3-شىسىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى دەرھال ئاقتۇ ناھىيىسى بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىش جېڭىگە ئاتلانسۇن! ھەمدە سائەت ئالتىدە يىغىلىپ بولسۇن" دېگەن جىددىي بۇيرۇقنى تاپشۇرىۋالدى. يېزا ئىگىلىك 3-شىسىنىڭ 200 نەچچە خەلق ئەسكىرى بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىتنىلا يىغىلىپ بولۇپ، ماشىنىلىق ئۇدۇل توپىلاڭنى تىنجىتىش جەڭ مەيدانىغا ئاتلاندى. سەھەر سائەت سەككىزدە يېزا ئىگىلىك 3-شىسىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى قىسىم بىلەن تەڭ بارىن يېزىسىغا يېتىپ كەلدى. كۆۋرۈكتە پارتلىتىپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن ساقچى ماشىنىسىنى ۋە ئۆلتۈرۈلگەن جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىنىڭ جەسەتىنى كۆرگەن خەلق ئەسكەرلىرى دەرغەزەپكە كېلىپ دەرھال دۈشمەنلەرنى يىراقتىن قورشاپ كەلدى. ترانسىپورت شىركىتىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى لىيەنى بۇيرۇقتا بىنائەن بىر يولنى قامال قىلدى، ئۇلار ئەن نەچچە توپىلاڭچىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ قېچىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، دەرھال كەينىدىن قوغلاپ بىر دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، قورو تامىنىڭ يېنىدىكى بىر تۈپ ئۆرۈك دەرىخىنىڭ چېچەكلىرى يەرگە تۆكۈلۈپ كەتكەنلىكىنى، بىرسىنىڭ تامدىن

ياماشقان ئىزىنى بايقاپ، دەرھال ھويلىغا كىرىپ ئاقتۇرۇپ، بىر قاراڭغۇ ئۆي ئىچىدىن تېخى دېمىنى ئېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن ئۈچ توپىلاڭچىنى قولغا چۈشۈردى، يەنە بىر گۇرۇپپىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى يېرىقتىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدىن بىرسى بېشىنى چىقىرىپ ئۇياق ـ بۇيققا قاراپ كىركەتكەنلىكىنى بايقاپ، شۇ ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۆي ئىگىسى ئالاقىزادە بولۇپ خەلق ئەسكەرلىرىنى ئۆيگە كىرگۈزمىدى. ئۇلار مەجبۇرىي ئاقتۇرۇپ كىرسە، قولىدا قىلىچ تۇتىۋالغان بىر توپىلاڭچىنىڭ قوي پادىسى ئارىسىدا تۇگۈلۈپ تىترەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. . .

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 41 ـ تۈەننىڭ خەلق ئەسكەرلىرى قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىگە ماسلىشىپ توپىلاڭچىلارنى ئاقتۇرۇپ تۇتىۋالغاندا، بىر خەلق ئەسكىرى قورالىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىگە: "سىلەر ياش، ئانچە تەجرىبەڭلار يوق، مەن كىرەي، سىلەر مېنى قوغداڭلار" دەپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى توپىلاڭچىنى قولغا چۈشۈردى. يەنە بىر خەلق ئەسكىرى بىر ھويلا ئىچىدە گەپ تالىشىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال شۇ ھويلىغا كىرىپ قارىسا، بىر توپىلاڭچىنىڭ 32 دانە پىستاننى مۇشۇ ئائىلىگە يوشۇرۇپ قويماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى. بۇ توپىلاڭچى مىلتىق ئالدىدا پىستان ۋە خەنجىرىنى ياۋاشلىق بىلەن تاپشۇردى.

ئىككى كېچە-كۈندۈز داۋام قىلغان جەڭدە، يېزا ئىگىلىك 3- شىسىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى جەمئىي 10 نەچچە توپىلاڭچىنى قولغا چۈشۈردى، 22 خەنجەر، 32 پىستان، ئىككى كالتەك ئولجا ئالدى.

(3) ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسى توپىلاڭنى تىنجىتىش قىسمىغا ماسلىشىپ قاچقۇن توپىلاڭچىلارنى تۇتتى

قورالىق ساقچى قىسمىمىز، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر- ساقچىلىرىمىز ۋە خەلق ئەسكەرلىرىمىز توپىلاڭچىلارنى قورشاپ

www.uyghurweb.net

ھۇجۇم قىلىشتەك جەڭگىۋار ھالەتنى شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن، بىر مەھەل كۆرەشلەپ كەتكەن توپىلاڭچىلار قورقۇپ يۈرىكى يېرىلىپ، تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى. لېكىن ئۇلار يەنىلا كەڭ ئارمىيە، خەلق قورغان توردىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

بارىن يېزىسى قەشقەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، قەشقەرگە 50 نەچچە كاومېتىر كېلىدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭى شەھەر، كونا شەھەر، يېڭىسار ناھىيىسى بىلەن چېگرىداش، قەشقەر ۋىلايىتى رەھبەرلىرى توپىلاڭچىلارنىڭ تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ناھايىتى ئەندىشە قىلدى، چۈنكى بۇ توپىلاڭچىلار ئىنتايىن ۋەھشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردا قورال، پارتلاتقۇچ دورا بار بولۇپ، ھەر ۋاقىت خەلقنىڭ ھاياتى ۋە بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈشى مۇمكىن ئىدى، شۇڭا ئۇلارنى تېزدىن تۇتۇپ قولغا ئېلىش كېرەك ئىدى، شۇڭا ئۇلارنى تېزدىن تۇتۇپ قولغا ئېلىش كېرەك ئىدى، ئۇلار دەرھال 12 ناھىيە (شەھەر) گە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، قاتىللارنى تۇتۇشنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى. 6-كۈنى چۈشتىن كېيىن، يېڭىسار ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى طىبىر توپ توپىلاڭچى يېڭىسارغا قېچىپ كېلىۋاپتۇ، ياردەمگە ئادەم ئەۋەتسەڭلار" دەپ دوكىلات قىلدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى دەرھال سىياسىي باسقارمىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ئون جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىسىدىن تەركىب تاپقان كىچىك شۆبە ئەترەت تەشكىللەپ، ئىككى ساقچى ماشىنىسى بىلەن ئۇچقاندەك يېڭىسار ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا يېتىپ كەلدى. ئارقىدىنلا، ئۇلار ناھىيىلىك خەلق قوراللىق كۈچلىرى بۆلۈمىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى بىلەن بىرگە توپىلاڭچىلارنى ئاختۇرۇپ تۇتۇش ئۈچۈن يولغا چىقتى، ئۇلار سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئەتراپىدا ئىككى گۇمانلىق كىچىك قارا كۆلەڭگىنىڭ قورۇتقا ئوخشاش تاغلىق رايون

www.uyghurweb.net

تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، دەرھال ماشىنىلىق قوغلىدى. بۇ ئىككى گۇمانلىق كىچىك كۆلەمگە ئەسلىدە ئاتلىق قېچىپ يۈرگەن توپىلاڭچى بولۇپ، ئات ھېرىپ قالغاچقا، ئاتنى يۇشۇرۇپ قويۇپ، تاغلىق رايونغا پىيادە قېچىۋاتقانلار ئىكەن، شۆبە ئەترەت ئەزالىرى سوراق قىلغاندا، بۇ ئىككى توپىلاڭچى جىنايىتىنى زادىلا ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىدى. بىر ئەترەت ئەزاسى توپىلاڭچىنى تونۇۋالغاندىن كېيىن، ئامالسىز بېشىنى ساڭگىلىتىپ جىنايىتىنى ئىقرار قىلدى ھەمدە جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنى باشلاپ يوشۇرۇپ قويغان ئېتىنى تېپىپ بەردى. ئۇلار توپىلاڭچىلارنى يېقىن ئەتراپتىكى ئەكۈس يېزىسىغا ئاپىرىپ ۋاقتىنچە قاماپ قويۇشنى قارار قىلدى. شۆبە ئەترەت ئەگۈس يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قورۇسىغا كەلگەندە, ئامما ئۇلارغا ئىشخانىدا تۆت گۇمانلىق كىشىنىڭ بارلىقىنى مەلۇم قىلدى. شۆبە ئەترەتتىكىلەر ئىشخانىغا كىرىپلا ئاق چۇخەي كىيىۋالغان ئىككى توپىلاڭچىنى تۇتىۋالدى ھەمدە ئۇلارنىڭ يېنىدىن 30 پاي پىلىموت ئوقى بېسىلغان ئوقدان بىلەن مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇلنى ئاقتۇرۇپ تاپتى. ئىككى توپىلاڭچى تۆت شىرىكىنىڭ پارتلاتقۇچ دورىنى ئېلىپ ئەتراپتىكى لومبا يېزىسىغا قېچىپ كەتكەنلىكى ئىقرار قىلدى. يېرىم كىچە سائەت ئىككى ئەتراپىدا, شۆبە ئەترەتتىكىلەر لومبا يېزىسى ئېرىقلا كەنتىگە يېتىپ كەلدى. كەنتكە كىرگەندىن كېيىن, كەنت ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى توپىلاڭچىلارنى تۇتۇشقا ماسلاشتى. شۆبە ئەترەتتىكىلەر ئىككى يولغا بۆلۈندى: بىر يولدىكىلەر ئاممىنى قوغداشقا, ئەسىرلەرگە قاراشقا مەسئۇل بولدى؛ يەنە بىر يولدىكىلەر ياچېيكا شۇجىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە توپىلاڭچىلارنى تۇتۇشقا ئاتلاندى. قورو ئىچىدە تۆت توپىلاڭچى خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. جەڭچىلەر چاقماق تېزلىكىدە بېسىپ كىرىپ ، تۆت توپىلاڭچىنىڭ دولىسىغا

دەسسىدى. تويـلاڭچىلار قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۆلگۈرەلمەي قولغا چۈشتى.

قەشقەر كونا شەھەر ناھايىسى بىلەن قوشنا بولۇپ، بۇ ناھىيىنىڭ تاشمىلىق، تېرىم، بۇلاقسۇ يېزىسى ئاقتۇ ناھىيىسى بارىن يېزىسى بىلەن چېگرىداش ئىدى، بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابي قوراللىق تويلاڭ كونا شەھەر ناھىيىسىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغاپ ، بۇ ناھىيە بىردىنلا دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئايلاندى، "مۇقىملىقنى قوغدايلى" ، "تويلاڭنى تىنجىتايلى" دېگەن شۇئار ھەر بىر ئورگان، ھەر بىر يېزا، كەنتتە ياڭرىدى، ئاپتوموبىل يېتىشمىسە، ناھىيە بازىرىدىكى ئورگانلار نەچچە ئون چوڭ، كىچىك ئاپتوموبىلنى قوماندانلىق شتابىنىڭ يۆتكەپ ئىشلىتىشىگە تاپشۇردى؛ ئالدىنقى سەپتە ئاشلىق، ياغ يېتىشمىسە، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزى بىۋاستە ئاپىرىپ بەردى؛ پوچتا-تېلېگىراف ئىدارىسى جىددىي سەپەرۋەرلىك قىلىپ، سىم يوللىرىنىڭ 24 سائەت راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى؛ تاشمىلىق يېزىسى 11 - كەنتتىكى كادىرلار، ئاممىا قاچقۇنلارنى قوغلاپ تۇتۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن، بىر كېچىدىلا 20 نەچچە ئات ئەكىلىپ بەردى.

لەڭگەر يېزىسى 2-كەنت 4-گۇرۇپپىدىكى بىر يەككە ترانسپورتچى ئائىلىسى تويلاڭنى تىنجىتىش كۈرەشى باشلانغاندا، خەلق ئەسكىرى بولغان ئوغلىنى باشلاپ، ماشىنىسىنى ھەيدەپ ناھىيىلىك قوماندانلىق شتابىغا تىزىمغا ئالدۇرۇپ، ئالدىنقى سەپكە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالدى. رەھبەرلەر ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، ئالدىنقى سەپتە ئادەم ۋە ئاپتوموبىل تولۇق دېسە، ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ھال سوراپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇ رەھبەرلەرنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن، 420 نان، 300 سامسا، بىر كىلو موخۇركا، 20 قاپ تاماكا ۋە ئون قولچىراغ سېتىۋېلىپ،ئۆزى ماشىنا ھەيدەپ ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، بىرىنچى سەپتىكى كادىر -

www.uyghurweb.net

ساقچىلار ۋە خەلق ئەسكەرلىرىدىن ھال سورىدى. ئالدىنقى سەپكە بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئوغلى بىلەن ماشىنىنى قالدۇرۇپ قېلىپ ئالدىنقى سەپتىكى جەڭگە قاتناشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. رەھبەرلەر قايتا ـ قايتا خىزمەت ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇ كېتىشكە تەستە قوشۇلدى. كېتىشىدە، ئۇ يەنە ئالاھىدە: "ئەگەر ئالدىنقى سەپكە ماشىنا لازىم بولسا، مەن ھەر ۋاقىت تەييار" دەپ تاپىلىدى.

ئالدىنقى سەپتە تۇرمۇش ناھايىتى جاپالىق ئىدى، يا مۇقىم تۇرالغۇ جاي، يا ئاشخانا يوق ئىدى. قوماندانلار بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرى ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئۇخلىيالمىدى، تاماقمۇ يېيەلمىدى. ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر ئاشپىزى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئىنتايىن بىئارام بولدى. ئۇ ئۆزى پۇل چىقىرىپ سېمىز قويدىن بىرنى ۋە 200 نان سېتىۋېلىپ، بۇلاقسۇغا بېرىپ بىرىنچى سەپتىكىلەردىن ھال سورىدى. ئۇ قوماندانلىق شتابىدىكى رەھبەرلەرگە تولۇپ تاشقان چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن: "ئالدىنقى سەپكە كېلىپ جەڭگە قاتنىشالمىدىم، بۇ قوي بىلەن نان بولسىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمكەن"دېدى.

6-كۈنى چۈشتىن كېيىن، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى تاشمىلىق يېزىسى 11-كەنتىدە قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان بىر نەچچە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىسى بىلەن خەلق ئەسكىرى يىراقتىن 3 كىشى كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇلار دۈشمەننى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، مۇئاۋىن كەنت باشلىقىنى ئۇلارنى تونۇپ بېقىڭ، دەپ يول دوقمۇشىغا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى دېھقان ئائىلىسىدە يوشۇرۇنۇپ تۇردى ھەمدە "ئەگەر ئۇلار توپىلاڭچى بولسا، بىشىڭىزنى سىلاپ قويىسىز" دەپ مەخپىي كېلىشىۋالدى. ئۇ ئۈچ كىشى ئالدى تەرەپتە قاراۋۇللۇق قىلغۇچىلارنىڭ يوقلىقىنى كۆرۈپ، ئۇدۇل كېلىۋەردى. كەنت باشلىقى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن بارىن يېزىسىنىڭ توپىلاڭچىلار ئىكەنلىكىنى جەزمەنلەشتۈرگەندىن

كېيىن، چاندۇرماي بېشىنى سىلاپ قويدى. ئۆي ئىچىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرى بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا ئېتىلىپ چىقتى، ياۋۇزلۇقتا ئۇچىغا چىققان ئىككى توپىلاڭچى ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، خەنجىرىنى چىقىرىپ قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولىۋىدى، كۆزى ئۆتكۈر، ھەرىكىتى چاققان جامائەت خەۋپسىزلىكى جەڭچىلىرى مىلتىقنى ئالدىبۇرۇن ئۇلارنىڭ كۆكرىكىگە تەڭلەپ بولدى.

ئەلۋەتتە، دۈشمەنلەر ئىچىدە ئەجەلى توشقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، جان تالىشىدىغانلىرى ئاز ئەمەس، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تاغقا قېچىپ كەتتى، بەزىلىرى ئورمانلىقتا يوشۇرۇنىۋالدى، بەزىلىرى جىلغىلارغا يوشۇرۇنىۋالدى، بەزىلىرى ئۆرۈق ـ تۇغقانلىرىنىڭكىدە ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. لېكىن كەڭ ئاممىنىڭ مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كۆزلىرىنىڭ قاتتىق نەزەر بەنتى ئاستىدا، بىرەر قارا نىيەتمۇ قانۇن تورىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتە، تىرەم يېزىسىدىكى دېھقانلار يۇرۇش ـ تۇرۇشى گۇمانلىق ئۈچ كىشىنىڭ بارىن يېزىسىغا يېقىن ئورمانچىلىق مەيدانىدا لاغايلاپ يۈرگەنلىكىنى، يېنىدا قورال بارلىقىنى مەلۇم قىلدى. دېلو مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن، 16 جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىسى ۋە خەلق ئەسكىرى بۆيرۇققا بىنائەن ئۇلارنى قوغلاپ تۇتۇشقا ئاتلاندى. بەش، ئالتە كىلومېتىر ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئورمانچىلىق مەيدانىدا دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەر قويۇق ئۆسكەن بولۇپ، يەر شەكلى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى. ئۇلار توغرىسىغا قاتار تىزىلىپ ئاختۇرۇپ، ئازراق يەرنىمۇ ئالا قويماي تەكشۈردى. لېكىن ئىككى سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت تەپسىلىي ئاقتۇرغان بولسىمۇ توپىلاڭچىلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇلار ئاچلىققا بەرداشلىق بېرىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي رايونىنى ئاقتۇرۇشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز، بىر ئايالنىڭ ئالدىراپ ـ تىنەپ ئىشكىنى ئېتىپ چىقشى

ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇلار ئايالدىن ئىشكنى ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇ ئايال "يولدىشىم ئوت - چۆپ ساتقىلى كەتكەن، ئۆيدە ئەر كىشى يوق، ئىشىكنى ئېچىپ بەرسەم بولمايدۇ"دەپ بانا-سەۋەپ كۆرسىتىپ ئىشكنى ئېچىپ بېرىشنى رەت قىلدى. هۇشيار جامائەت خەۋپسىزلىكى جەڭچىلىرى ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئوت - چۆپ توشىيدىغان ئىشەك هارۋىسى بىلەن ئىشەكنىڭ هويلىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئايالنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى جەزملەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى جەڭچىسى بىلەن ئىككى خەلق ئەسكىرى ئىشكتىن ئارتىلىپ كىرىپ، كارىۋات ئاستىدىن بىر يەردە تۈگۈلىشىۋالغان ئۈچ توپىلاڭچىنى تارتىپ چىقاردى ھەمدە بولدۇرۇلغان خېمىر ئاستىدىن ئىككى قېلىچ، بىر پىچاق ئاقتۇرۇپ تاپتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، تىرەم يېزىسىدىكى بىر خەلق ئەسكىرى كەنت دوقمۇشىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋېتىپ، سومكا كۆتۈرۈۋالغان بىر كىشىنىڭ هېرىپ - چارچىغان هالدا بارىن يېزىسى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىغا ئۆتۈپ گەپ سورىدى، ئۇ كىشى دۇدۇقلاپ، دەيدىغان گېپىنى تاپالماي قالدى، خەلق ئەسكىرى ئۇ كىشىنىڭ ھەقىقى سىياقىنى بىر قاراپلا بىلىۋالدى. لېكىن ئۆزەم يالغۇز جېنىدىن تويغان بۇ ئەبلەخكە تاقابىل تۇرالماسمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، ئۇ كىشىگە يالغاندىن:"مەن ئالايىتەن ئالدىڭىزغا چىقتىم، تېزرەك ئايۇمگە كىرىپ يوشۇرۇنىۋېلىڭ" دېدى. ئۇ كىشى راست شۇنداق ئوخشايدۇ دەپ ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆيىگە كىردى. خەلق ئەسكىرى ئۇ كىشىنى "ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ". يالغاندىن "ئەھۋالنى كۆزىتىپ" كىرەي دەپ قويۇپ، ئىشىكنى تېشىدىن قۇلۇپلاپ قويۇپ دەرھال يېزىلىق خەلق هۆكۈمىتىگە كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. كېيىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشچە، بۇ جىنايەتچى ئەسلىدە بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابى تەشكىلاتنىڭ تايانچىسى بولۇپ،

كۆپ قېتىم ئەكسىيەتچى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتقا ئەزا قوبۇل قىلغانىكەن.

ئالتە كېچە ت كۈندۈز ئالدىراش، جاپالىق ھەم ئۈنتۈلغۇسىز كۈنلەر باشتىن كۆچۈرۈش ئارقىلىق، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى كەيى - كەينىدىن قېچىپ كەلگەن توپىلاڭچىلارنى ئاخىرى قولغا چۈشۈردى ھەمدە خەنجەر - قىلىچ، پولات قامچا، پارتىلاتقۇچ بەغچىسى، ئۆزى ياسىۋالغان گرانات ۋە توقماق قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق قورال-ياراغنى يىغىۋالدى.

يۈرەكنى تىترىتىدىغان بۇ مەيدان دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە، ھەر مىللەت كادىرلىرى بايرىقى روشەن بولۇپ، خىزمەتلەرنى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى ئىشلەپ، توپىلاڭنى تىنجىتىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى، بولۇپمۇ قىزىلسۇ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۇزۇق كىشىلەر ۋەقە تۇغدۇرۇشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغاندىن تارتىپ توپىلاڭنى تىنجىتىشقىچە بولغان پۈتكۈل جەرياندا باتۇرلۇق بىلەن باشتىن-ئاخىر سەپنىڭ ئالدىدا تۇردى. قىزىلسۇ، قەشقەرنىڭ ھەرقايسى ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى قەتئىي ھالدا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن بىرگە تۇرۇپ، بۇزۇق كىشىلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن پاش قىلىپ، قېچىپ يۈرگەن توپىلاڭچىلارنى تۇتۇشقا پائال قاتناشتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تىللارغا داستان بولغۇدەك نۇرغۇن ئىلغار شەخسلەر ۋە ئىلغار ئىش-ئىزلار مەيدانغا كەلدى.

بارىن يېزىسىدىن ھەربىيلىككە قاتنىناشقىنىغا ئەمدىلا 25 كۈن بولغان يېڭى جەڭچى بىلەن ئۇنىڭ دادىسى ئۇلار ئارىسىدىكى تىپىك ۋەكىللەردۇر.

قوراللىق ساقچى قىسىم قىزىلسۇ تارماق ئەترىتى بۇيرۇققا بىنائەن بارىن يېزىسىغا ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا بارماقچى بولغاندا، بۇ يېڭى جەڭچى رەھبەردىن بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكە قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلىشنى قايتا-قايتا ئىلتىماس قىلدى. 4-ئاينىڭ 5-

كۆنى چۈشتىن كېيىن، ئۇ قىسىم بىلەن بىرگە بارىن يېزىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇپىلاڭچىلار ۋە ھەقىيقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئاۋام تۇپىلىشىۋالغان ئىدى. خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن ھۆكۈمەت ، جامائەت خەۋپسىزلىك خادىملىرىنى تۇپىلاڭچىلار ئارىغا ئېلىۋېلىپ تىللاپ ھاقارەتلەۋاتاتتى، ئۇ جەڭچىنىڭ دادىسىمۇ ئادەم توپى ئىچىدە كۆپچىلىككە دۆلەتكە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلماڭلار، دەرھال كېتىپ يېرىڭلارنى تېرىڭلار، تېرىقچىلىق مەزگىلى ئۆتۈپ كەتمىسۇن، دەپ نەسىھەت قىلىۋاتاتتى، بۇ چاغدا، ئۇ ئوغلىنىڭمۇ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلى يېرىم ھالدا ئوغلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: "ۋەقە تۇغدۇرغان بۇ كىشىلەر تولىمۇ ۋەھشى، لېكىن ئۇلاردىن قورقۇپ كەتمە، چوقۇم قوماندانلىقىقا بويسۇنۇپ، رەھبەرنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىپ، يۇرتىمىزدىكى خەلقنىڭ ھاياتى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداش يولىدا خىزمەت كۆرسەتكىن" دېدى. ئۇ سۆزىنى قىلىپ بولۇپلا، قايتىپ بېرىپ يەنە كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىشنى باشلىدى. كەچ كىرىشى بىلەن، تۇپىلاڭچىلارنىڭ ئەكسىيەتچىل خورىكى تېخىمۇ ئېشىپ، ئادەم توپى ئىچىدە ئەكسىيەتچى شۇئار تووۋلاشقا باشلىدى. تۇپىلاڭچىلارنىڭ بۇنداق غالجىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ھېلىقى يېڭى جەڭچى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەققانىي ھالدا: "بۇنداق ئەسكىلىك قىلساڭلار، سىلەرگە ياخشى ئاقىۋەت يوق! سىلەرگىمۇ، دۆلەتكىمۇ پايدىسى يوق. ھازىر تېرىقچىلىقنىڭ تازا ئالدىراش مەزگىلى، دەرھال كېتىپ يېرىڭلارنى تېرىڭلار"دېدى. بىر قانچە تۇپىلاڭچى ئۇنى قاراپلا تونۇۋېلىپ، زەھەرخەندىلىك بىلەن: "ئائىلەڭدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بارىندا، ئۇلارنى كۈن كۆرسۇن دېسەڭ، كۆزۈمدىن تېز يوقال"دېدى. تۇپىلاڭچىلارنىڭ تەھدىتىدىن قورقۇپ قالمىغان بۇ يېڭى جەڭچى غەزەپ ئاچچىقىدا: "سەن نېمىلەر بارىن يېزىسى خەلقى ئالدىدا غايەت زور جىنايەت ئۆتكۈزۈشتۈڭ، خەلق سەن نېمىلەردىن ھېساب ئالىدۇ!"

دېدى. توپىلاڭچىلار ئالداپمۇ، تەھدىت سېلىپمۇ مەخسىتىگە يېتەلمەي، ياۋۇزلۇق ئەپتى-بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى. توپىلاڭچىلار بۇ يېڭى جەڭچىگە بولغان ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ دادىسىنى تارتىپ سۆرەشتۈرۈپ توپىلاڭچىلار توپىغا ئەكىلىپ قاتتىق ئۇردى. بۇنداق خەۋپلىك پەيتتە، تارماق ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىرى دەرھال قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىگە توپىلاڭچىلار توپىدىن ئۇنىڭ دادىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ھەققىدە بۇيرۇق قىلدى. دادىسى خەتەردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا ئوغلىغا: "بۇ ئەبلەخلەر ئىنتايىن ۋەھشى، ئۇلار ئاتالمىش ئىسلام بايرىقىنى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە قادايمىز دەپ داۋراڭ سېلىشىۋاتىدۇ. سەن ئۇلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلغىن، ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلما" دېدى. ئارقىدىنلا يەنە يېڭى ئەسكەرلەر لىيەنىنىڭ يېتەكچىسىگە:"ئوغلۇمنى سىلەرگە تاپشۇردۇم، ئوغلۇمنى خاتىرجەم ئىشقا سېلىۋېرىڭلار، ئەنسىرىمەڭلار، ئوغلۇم ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىرىمۇ سىلەردىن كۆرمەيمەن" دېدى. جەڭ ئاختۇرۇپ تۇتۇش باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىن، توپىلاڭچىلارنى توردىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇ ئۆزى تونۇيدىغان بەزى توپىلاڭچىلارنىڭ ئىسىملىكىنى يېزىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا تاپشۇرۇپ بەردى ھەمدە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى توپىلاڭچىلارنى پاش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى، يەنە ئادەم باشلاپ ئاقتۇرۇپ تۇتۇشقا قاتناشتى. ئۇنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن ھەمكارلىشىشى ئاستىدا، بەش توپىلاڭچى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قانۇن تورىغا چۈشتى.

يېڭىسار ناھىيىلىك توپىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىنجىتىش ئالدىنقى سېپىنىڭ باش قوماندانى بولغان ناھىيىلىك خەلق قوراللىق كۈچلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئۆزى باشلامچى بولۇپ، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، ناھىيىلىك توپىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە

www.uyghurweb.net

ئۇنى تىنجىتىش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كەچتە، بارىن يېزىسىغا يېقىن بولغان ئەگۈس، لومپا، چولپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئامىمنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، چازا قۇرۇپ، قاراۋۇل قويۇپ، ئاسماندا تور، يەردە قاپقان قۇردى. ئۇ كۆپچىلىككە يۈكسەك دەرىجىدە ھۇشيار بولۇڭلار، توپىلاڭچىلار ھەرگىز قېچىپ كەتمىسۇن دەپ قايتا ـ قايتا تاپىلىدى، لومپا يېزىسىنىڭ تاشتۇۋاق مۇداپىئە رايونىدا، ئۇ خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن دىجەرنىلىق قىلىۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىكى ئوچۇقچىلىقتا ئىككى كۆلەڭگىنى بايقىدى، ئۇلار بېرىپ تەشكۈرگەندىن كېيىن، ئىككى توپىلاڭچى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، ئۇلارنى باغلىدى. بۇ چاغدا، بىر توپىلاڭچى تىزلىنىپ تۇرۇپ: "ھەممىمىز مۇسۇلمان ئىكەنمىز، رەھىم قىلساڭلار" دەپ يالۋۇردى. خەلق قۇراللىق كۈچلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئۇنىڭغا قورال تەڭلەپ تۇرۇپ: "سېنىڭ نەرىڭ مۇسۇلمان، سەن دېگەن مۇسۇلمانلار ئىچىدىن چىققان مۇناپىق، سەن ۋەتەنگە، خەلققە ئاسىيلىق قىلدىڭ، سەن ئۆلۈمگە مەھكۇم" دېدى. توپىلاڭچى ئامالسىزلىقتىن قولغا چۈشتى. بۇ خەلق قۇراللىق كۈچلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دۈشمەنگە ئىنتايىن نەپرەتلىنەتتى، خەلقنى چەكسىز سۆيەتتى، بولۇپمۇ خەنزۇ ئامىمىسىنى قەۋەتلا ئاسرايتتى. 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۇ ماشىنىلىق ھەر قايسى چازىلارغا بېرىپ، خەلق ئەسكەرلىرىنى توپىلاڭچىلارنى تۇتۇشقا تەشكىللەپ، يېرىم كۈنگە قالمايلا ئالتە توپىلاڭچىنى قولغا چۈشۈردى. بىر توپىلاڭچى خەلق قۇراللىق كۈچلىرى بۆلۈمىنىڭ كىچىك ماشىنا شوپۇرىغا "ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈيلى" دەپ ۋاقىرغىنىچە ئېتىلىپ كەلدى. ئۇ چاققانلىق بىلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ، تاپانجىنى چىقىرىپ: "ياۋاش بول" دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. ئاندىن خەلق ئەسكەرلىرىنى ئۇنى يالاپ مېڭىشىغا بۇيرۇق قىلدى، ئالدى تەرەپتىكى توغان ئېغىرىدا 30 نەچچە خەنزۇ ئىشچىلارنىڭ

قۇرۇلۇش قىلىۋاتقانلىقىنى ئېسىگە كېلىپ، خەلق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئۇچقاندەك توفدغان ئېغىزىغا بېرىپ، ئۇلارغا ئەھۋاللارنى ئېيتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇداپىئە تەدبىرى قوللىنىشىغا ياردەملەشتى. ئارقىدىنلا قوغلاپ تۇتۇش شۆبە ئەترىتىنى باشلاپ، تاغقا قېچىپ كەتكە توپىلاڭچىلارنى ئاختۇرۇپ تۇتۇشقا ئاتلاندى. تاغنىڭ يەر شەكلى مۇرەككەپ، ھاۋا كىلىماتى ناچار، يوللىرى خەتەرلىك ئىدى، باشلامچى بولمىسا يول يۈرۈش ئىنتايىن قىيىن ئىدى، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن باشلامچى بولۇپ، قوغلاپ تۇتۇش شۆبە ئەترىتىنىڭ قوغلاپ يوقىتىش ۋەزىپىسىنى غەلبىلىك ئورۇندىشى ئۈچۈن چوڭ تۆھپە قوشتى.

قېچىپ كەتكەن قوراللىق توپىلاڭچىلارنى تۇتۇشجەريانىدا، نۇغۇن ئاما ئاكتىپلىق بىلەن يول باشلىغۇچى بولۇشنى تەلەپ قىلدى. قوغلاپ تۇتۇش شۆبە ئەترىتى بىدىلىك كەنتىگە كەلگەندە، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېمەك ئۈچى بىلەن تەمىنلىدى، شۆبە ئەترەتنىڭ ئاتلىرىغا يەم - خەشەك تەييارلاپ بەردى، يەنە تۆت ئائىلىلىك چارۋىچى قوي ئىلتۇرۇپ جەڭچىلەردىن ھال سورىدى. ئۇلار: بۇ توپىلاڭچىلارنى چوقۇم تەل - تۆكۈس يوقىتىڭلار، ئۇلارنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشقا يول قويماڭلار، بولمىسا تاغدىكى چارۋىچىلارغا خاتىرجەملىك بولمايدۇ، دەپ قايتا - قايتا تاپىلىدى.

قېچىپ يۈرگەن توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ تۇتۇش جەريانىدا، يول بويىدىكى ئۇيغۇر، قىرغىز ئاممىسى جەڭچىلەرنى 62 ئات، بەش قوتاز، 32 تۆگە ۋە يەم - خەشەك بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسى تېنى بىلەن يېڭى بىر سېپىل ياساپ، پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيۈش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداشتەك يۈكسەك ئىدىيۋى پەزىلىتىنى نامايان قىلدى.

(4) ھەر مىللەت خەلقى بارىن يېزىسىدىكى قوراللىق توپىلاڭچىلارنىڭ جىنايەتلىرىگە غەزەپ بىلەن لەنەت ئوقۇدى

بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەتئىي ھىمايىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. قىزىلسۇ، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ناھىيىلەر بەس - بەستە ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭچىلارنىڭ جىنايەتلىرىگە غەزەپ بىلەن لەنەت ئوقۇدى. ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى بىردەك مۇنداق دەپ قارىدى: ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش،سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئىنكار قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش مەقسىتىدە بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ پەيدا قىلدى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، ئۆلتۈرۈش ۋاستىسى ئىنتايىن قەبىھ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلىقىدا، ھەر دەرجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ توغرا تەشكىلاتچىلىق قىلىشى، قوماندانلىق قىلىشى ئاستىدا، جايلاردا تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى يېقىندىن ماسلىشىپ، توپىلاڭنى بىردىنلا تىنجىتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدىدى. قىزىلسۇ ئوبلاستى سىياسىي كېڭەشنىڭ بىر ئەزاسى: "ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قېنى ۋە ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن ھاكىمىيەتنى بۈگۈنكى كۈندە ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۇزۇق ئادەملەر ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنسا، خەلقنى يېڭىباشتىن ئازاپ- ئوقۇبەتكە ئىتتىرىشنى خام خىيال قىلسا، بىز ھەرگىز ماقۇل

بولمايمىز. ئازادلىقتىن ئىلگىرى بارىن يېزىسى نامرات ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن دۆلەت كۆپ تەرەپتىن قوللىغاچقا، ئىقتىسادىي راۋاجلىنىپ، 1986-يىلى مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. بۈگۈنكى كۈندە توپىلاڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەردى، توپىلاڭچىلار كەچۈرگىسىز جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، ۋاپاغا جاپا قىلدى. بىز توپىلاڭنى تىنجىتىشنى قەتئىي ھىمايە قىلىمىز. باش جىنايەتچىلەرنى قەتئىي قاتتىق جازالاش لازىم" دېدى. ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ بىر مۇئاۋىن رەئىسى:"ئاقتۇ ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭدا، ناۋادا ئۇلارنىڭ سۈيقەستى ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، بىر ئاپەت بولغان بولاتتى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ توپىلاڭنى تىنجىتقانلىقى ئىنتايىن دەل ۋاقتىدا، تامامەن توغرا بولدى، خەلقنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق ياقتى، مەن ئۇنى قەتئىي ھىمايە قىلىمەن" دەپ كۆرسەتتى.

ئاتۇش شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر ئەزاسى، دىنىي زات: "ئازاد بولغان 40 نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى،جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا پارتىيە، ئاقتۇ ناھىيىسى بارىن يېزىسىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ قوراللىق توپىلاڭ قوزغاشتەك چېكىدىن ئاشقان جىنايىتىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلدى. بىز بۇ جىنايەتچىلەردىن ئۇزۇل - كېسىل ھېساب ئېلىشىمىز لازىم" دېدى. ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ بىر ئەزاسى، دىنى زات :"بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان سىنىپىي كۈرەش، بىز ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. پارتىيە ئىسلام دىنىغا ۋە دىنىي زاتلارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىۋاتىدۇ، بىز پارتىيە ئۈچۈن كاپىرەك خىزمەت قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدىشىمىز

لازىم" دېدى. ئاتۇشتىكى يەككە سودى-سانائەتچىلەرنىڭ ۋەكىلى:"بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ مىللىي مەسىلىمۇ ئەمەس، دىنىي مەسىلىمۇ ئەمەس، بەلكى سىپى ئۆزىدىن بولغان ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتىدۇر. قايسى مىللەت بولسۇن ياكى قايسى دىنىي زات بولسۇن، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇشى لازىم. خەنزۇ قېرىنداشلار شىنجاڭنىڭ قېرۇلۇشى ئۈچۈن ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن تۆھپە قوشتى. خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار مەڭگۈ ئايرىلماس بىر ئائىلە كىشىلىرى" دېدى. ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ بىر مۇئاۋىن رەئىسى: "توپىلاڭنى تىنجىتىش ناھايىتى دەل ۋاقتىدا، ناھايىتى توغرا بولدى ھەم ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. مەن ئۇنى قەتئىي ھىمايە قىلىمەن. مەيلى كىم بولۇشىدىن، قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پارتىيىگە، سوتسىيالىزىمغا قارشى تۇرىدىكەن، ئۇ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، ھەممىمىز ئۇنىڭغا قارىشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك" دېدى. كەڭ ئوقۇتقۇچى، كادىر، ئىشچىلار بەس - بەستە بۇ قېتىمقى بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنجىتىشتا قولغا كەلتۈرگەن زور غەلبە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتتى، بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي خورىكىنى قاتتىق يەرگە ئۇردى دېيىشتى. بۇ قېتىمقى غەلبە شۇنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىكى، بىزنىڭ خەلق دېمۇكراتىيە دىكتاتۇرىمىز ئۈيۈلتاشقا ئوخشاش مۇستەھكەم، مۇقەددەس بولۇپ، ھېچكىم دەخلى - تەرۇز قىلالمايدۇ. قانداق ئادەم بولۇشىدىن، قايسى بايراقنى كۆتۈرۈشىدىن قەتئىينەزەر، تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلق ھاكىمىيىتىگە، سوتسىيالىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك جىنايى ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا پېتىنىدىكەن،

خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ تۆمۈر مۇشتىنى يەيدۇ، ئۆزىنى ھالاكەتكە دۇچار قىلىدۇ.

بارىن يېزىسىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى دۈشمەن سۇيىقەستىنىڭ تارمار قىلىنغانلىقىدىن قىن ـ قېنىغا سىغماي خۇشال بولۇپ كەتتى. توپىلاڭنىڭ "باش قوماندانى" زەيدىن يۇسۇپ ۋە باشقا توپىلاڭچىلار ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ دېگەن خەۋەر تارقالغاندا، يېشى 50 تىن ئاشقان بىر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ھاياجانلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ: "پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت توپىلاڭنى ۋاقتىدا تىنجىتىپ بىزنى قۇتقۇزىۋالدى! بولمىسا مېنىڭ كاللام كېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئادەتتىكى پۇقرالارمۇ بالا ـ قازاغا ئۇچرايتتى!" دېدى.

مالمانچىلىقتا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ـ ئاقتۇ ناھىيىسى بارىن يېزىسىدىكى ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر پىلانلىغان ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈرۈش جىنايى ھەرىكىتىنى شىكايەت قىلىش يىغىنىدا ئىپادىلىگەن ئورتاق سادا.

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، بارىن يېزىسىدىكى 1500 دىن ئارتۇق كادىر، دېھقان، دىنىي زات، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە تەنتەنىلىك يىغىلدى، ھەر مىللەت ئاممىسى دەرغەزەپكە كېلىپ، بىر ئوچۇم توپىلاڭچىلارنىڭ جىنايىتىگە قاتتىق لەنەت ئوقۇدى. يىغىندا، ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرى ۋە ئۆز كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق، توپىلاڭچىلارنىڭ دىننى راۋاجلاندۇرۇشنى نەيرەڭ قىلىپ، ھەدەپ پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشتەك ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. ئۇلار ئۆز سۆزلىرىدە مۇنداق دېدى: بۇ ئەكسىلئىنقىلابچىلار يېزىدا زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ، ئۆيلىرىمىزگە ئۇسۇپ كىرىپ، ئاممىنى قاتتىق

www.uyghurweb.net

ئۈرۈپ، پۇل، ئاشلىق، نەرسە ـ كېرەك ئىئانە قىلىشقا مەجبۇرلىدى، قوراللىق توپىلاڭ قوزغاشقا مەبلەغ ۋە ئوزۇق توپلىدى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا تەھدىت سالدى ۋە زىيانكەشلىك قىلدى، ئاممىنى "قەسەم قىلىش"قا زورلىدى، ياشلارنى توپىلاڭغا قاتنىشىشقا ئالدىدى ۋە ئازدۇردى، ئۇلارنىڭ جىنايىتىنى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. ئۇلار ئۆز سۆزلىرىدە يەنە مۇنداق دېدى: سوتسىيالىزم ياخشى، پارتىيىنىڭ سىياسىتى ياخشى، بىر ئوچۇم ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ توپىلاڭ پىلانلىشى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ، ئۇلار بارىن يېزىسىدىكى كەڭ ئاممىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بارىن يېزىسىدىكى 18 مىڭدىن ئاتۇق ھەر مىللەت ئاممىسى توپىلاڭغا، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتكە، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. تىنچ ـ ئىتتىپاقلىق بىزنىڭ ئورتاق ئارزۇيىمىز. بۇ قېتىمقى توپىلاڭ نورمال تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يەتكۈزدى، ھەممىمىزنى پاراكەندە قىلدى، بارىن خەلقى بۇنىڭ زىيىنىنى يەتكىچە تارتتى. بۇ ۋەقە ئارقىلىق، بارىن خەلقى ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىقنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ تونۇپ يەتتى. ئۇلار ئۆز سۆزلىرىدە بەس ـ بەستە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئورتاق بېيىتىشتەك سوتسىيالىزم يولىدا ماڭدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ۋەكىللەر سۆز قىلىۋاتقاندا، ئاممىنىڭ روھى ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، "ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارنىڭ جىنايىتىگە قاتتىق لەنەت ئوقۇيلى!"، "ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغدايلى!"، "ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ياشىسۇن!"، "ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا جۇڭگو كومپارتىيىسى ياشىسۇن!"بگەنگە ئوخشاش شۇئارلار ئۈزۈلمىدى.

بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ ۋاقتىدا تىنجىتىلدى، لېكىن بۇ بىزگە ئىنتايىن چوڭقۇر ھەم قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاق بولدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى

تۆمۈر داۋامەت 1990 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چىقىرىلغان خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 14 ـ قېتىملىق يىغىنىدا بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ ۋەقەسىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەتراپلىق يەكۈنلەپ مۇنداق دېدى: بىرىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئاساسىي خەۋپ ئىچكى ـ تاشقى مىللىي بۆلگۈنچىلىك كەچلىرى ئىكەنلىكىنى، يەنىمۇ تونۇپ يەتتۇق. بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ بىز ئۈچۈن بىر جانلىق سىنىپىي كۈرەش دەرسى بولدى، ئۇ بۆلگۈنچىلىكنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىكەنلىكى بۇ كىچىك ئىشنى چوڭايتقانلىق، ۋەھىمە گەپ بىلەن كىشىنى چۆچۈتقانلىق بولماستىن، بەلكى پولاتتەك پاكىت ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكىنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ بۇ يىلدىن بۇيان مۇقىملىق شىنجاڭدىكى ئومۇملۇق، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مەركىزى ۋەزىپە دەپ قايتا ـ قايتا تەكىتلەنگەنلىكى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىكتىن كېلىدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقارغانلىقىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقى توغرا يىغىنچاقلانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ مەيدان كۈرەش بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكىنى، بەزىدە ناھايىتى كەسكىنلىشىپ بارىدىغانلىقىنى، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتەك ئىستراگىيىلىك ئېڭىمىزنى پۇختا تىكلەپ، سىنىپىي كۈرەش كۆز قارىشىمىزنى كۈچەيتىپ، بايرىقىمىز روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى.

ئىككىنچىدىن، يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىشىمىز كېرەك. بارىن يېزىسىدىكى

ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ سەلبى جەھەتتىن بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بارىن يېزىسىدى يۈز بەرگەن ۋەقەدىن شۇنداق بىر ساۋاقنى ئىگە بولدۇقكى: ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتى ئاجىز بولسا، بۇزۇق ئادەملەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قايتىدىن باش كۆتۈرىدۇ. بىز بۇ ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشىمىز لازىم.

ئۈچىنچىدىن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيە, نەزەرىيە ۋە مەدەنىيەت ئارقىلىق يېزىدىن ئىبارەت بۇ بازىنى ئىگىلەپ, دىنى پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇشنى ھەقىقى كۈچۈيتىشىمىز كېرەك. بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى مىللىي مەسىلىمۇ ئەمەس، دىنىي مەسىلىمۇ ئەمەس، لېكىن ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەر شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك، ئاغدۇرمىچىلىق قىلغاندا، كۆپىنچە دىن تونىغا ئورىنىۋېلىپ، دىننى نىقاپ قىلىپ، دىنىي ئەسەبىلىك ۋە مىللىي ئۆچمەنلىكنى قۇترىتىدۇ، باشقا مىللەتنى چەتكە قاقىدۇ ۋە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدۇ. بۇ بۆلگۈنچىلىك سۇيىقەستىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى. بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ قوزغىغان كاتتىۋاشلار دەل "ئىسلام دىننى گۈللەندۇرىمىز" دېگەننى نىقاپ قىلىپ، ئاتالمىش "كۇپپارلارنى يوقىتىدىغان" "غازات" قا قۇترانقۇلۇق قىلىش ئارقىلىق، بىر قىسىم ئاممىنى ئالداپ ۋە كۈشكۈرتىپ ۋەقە توغدۇرغان ۋە توپىلاڭ قوزغىغان. بۇنداق ھىلە-مىكىرنىڭ ئالدامچىلىق خاراكتېرى ۋە قۇترانقۇلۇق خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك، بىز بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقە ئارقىلىق، توپىلاڭچىلارنىڭ دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئاممىنى

قايمۇقتۇردىغان، ئالدايدىغان شۇئارلار، قاراشلارنى قوللىنىشتەك ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا ئۇلار بىلەن بولغان چەك ـ چېگرىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئايرىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشىمىز لازىم. دىننى باشقۇرۇشنى ھەقىقى كۈچەيتىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال تەرتىپىنى قوغداپ، بۇزۇق ئادەملەرگە پۇرسەت قالدۇرماسلىقىمىز كېرەك.

ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۆلگۈنچىلىككە ئەزەلدىن قارشى تۇرىدۇ. ئۇلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش يولىدا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى، ئۇلۇغ ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدۇ، ۋەتەننىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتەك ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە، ئۇلار ئىلگىرى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئاساسىي قوشۇن. بۇ نۇقتىدىن ھەر قانداق ۋاقىتتا تەۋرەنمەسلىكىمىز لازىم.

### 10. ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلەر پەيدا قىلغان بىر قاتار دېلولارنى تارمار قىلىشى

1996 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگىچە، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاقسۇ كونا شەھەر، توقسۇ شايار، كۇچا تۆت ناھىيىسىدە ۋەتەننىڭ بىلىكىنى پارچىلاش، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى ئاغدۇرۇش مەقسەت قىلىنغان، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتىلار، خەنزۇ ئاممىسىغا قارىتىلغان قوراللىق ئۆلتۈرۈش، نىقاپلىنىپ شايكا بولۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىش، قاتىللىق قىلىش، پارتلىتىش قاتارلىق ئادەمنى چۆچۈتىدىغان قەبىھ دېلولار يۈز بېرىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە خەلق

www.uyghurweb.net

ئامىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزدى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە مەمۇرىي مەھكىمە يۇكسەك ئەھمىيەت بەردى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ساقچى كۈچى تەشكىللەپ، بۇ بىر قاتار دېلو نى كەسكىن ھەم تېز پاش قىلدى. جىنايەتچىلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن تورغا چۈشۈپ تېگىشلىك جاجىسىنى يېدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ بىر قاتار قەبىھ دېلولارنىڭ ئاز بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەردىن تەشكىللەنگەن مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ سۇيىقەستىلىك، تەشكىللىك ھالدا ئېلىپ بارغان زوراۋانلىق ـ تېرورلۇق ھەرىكىتى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇ قېتىمقى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتتى.

(1) مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى بىر قاتار زوراۋانلىق ـ تېررورلۇق دېلولىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن پەيدا قىلدى

1996 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى،ئاۋۋت ئابلا قاتارلىق بەش قارا نىيەت كونا پاسوندىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى فورمىسىنى كىيىپ, جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنىڭ سىياقىغا كىرىۋېلىپ, بېجىڭ 2020 تىپلىق جىپنى ھەيدەپ،"64" تىپلىق تاپانچا ھەمدە ئۆزلىرى ياسىۋالغان كىچىك كالىبىرلىق تاپانچا ئېلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى بوزدۆڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى رەھمەت موللامەت، مەتنىياز ھاپىز قاتارلىق ئالتە چارۋىچىنىڭ ئۆيىنى بۇلىدى. بۇلاڭچىلىق دېلوسى سادىر قىلىش داۋامىدا، بەش قارانىيەت: بىز ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق قوراللىق كۈچلىرى بۆلۈمى، تەپتىش مەھكىمىسى، ساقچىخانىنىڭ

خادىملىرى قورال-ياراغ، ئوق-دورىلارنى يىغىۋالغىلى كەلدۇق، دەپ رەھمەت موللامەمەت قاتارلىق ئالتە چارۋىچىنىڭ ئۆيىدىن"97" تىپلىق مىلتىقتىن ئۈچنى، ئوۋ مىلتىقىدىن ئىككىنى،272 پاي ئوق، 4000 دانە ئوۋ مىلتىقى پىستىنى، بىر كىلوگرام ئوق دورىسى، ئىككى دۇربۇن، 4000 يۈەندىن كۆپرەك خەلق پۇلىنى بۇلاپ كەتتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەردە، ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلى چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتى بوزدۆڭ چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى يەككە شوپۇر رەھمەت مەلۇم قىلغان دىلودىن خەۋەر تاپتى، ساقچىخانىنىڭ يېتەكچىسى ليۇ شىنلەي، ساقچى ساۋ شىچياڭ دېلو مەلۇم قىلغان شوپۇرنىڭ 141 تىپلىق "ئازاد" ماركىلىق ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ نەق مەيدانغا كەلدى. ليۇ شىنلەي، ساۋ شىچياڭ نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن دېلو ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ، يەنە شۇ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ساقچىخانىغا قايتىش يولىدا جىنايەتچىلەرنى بايقىدى، جىنايەتچىلەر بىلەن ئېلىشىش داۋامىدا چېگرا مۇداپىئە قوراللىق ساقچى قىسىمىنىڭ ئىككى جەڭچىسى ۋە دېلو مەلۇم قىلغۇچى ئۆلتۈرۈلىدۇ.

3-ئاينىڭ 22-كۈنى ئەتىگەندە پىچاق ۋە قورال كۆتۈرۈۋالغان نىقاپلىق ئىككى قارا نىيەت توقسۇ ناھىيىسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زات -رەستە مەچىتىنىڭ ئىمامى ھاكىم سىدىق قارىھاجىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچىرىغۇچى 85 ياشقا كىرگەن بولۇپ، توقسۇ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەسچىتىنىڭ ئىمامى، مۇنەۋۋەر ۋەتەنپەرۋەر زات ئىدى. ھاكىم سىدىق قارىھاجىمغا زىيانكەشلىك قىلىش مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە چېكىدىن ئاشقان دىنى كۈچلەر پىلانلىغان ئاتالمىش "مىللىي مۇناپىقلارنى جازالاش" ھەرىكىتىنىڭ تەشكىلىي قىسمى ئىدى.

3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە شايار ناھىيىسىدە سىياسىي خاراكتېرنى ئالغان نىقاپلىق بۇلاڭچىلىق قىلىش دېلوسىدىن بىر نەچچىسىنى يۈز بەردى. 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى نىقاپلىق تۆت قارا نىيەت موتسىپكىلىتقا مىنىپ، قوللىرىغا پىچاق، پالتا ئېلىپ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ 15مىڭ يۈەن نەق پۇلنى بۇلاپ كەتتى؛ 3ـئاينىڭ 27ـكۈنى، نىقاپلىق قارانىيەت مەركىزىي ناھىيىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئالتە مىڭ 900 يۈەن پۇلنى بۇلاپ كەتتى؛ 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، نىقاپلىق قارانىيەتچىلەر مەركىزىي ناھىيىدىكى بىر كەنت باشلىقىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلدى، ئېلىشىش داۋامىدا كەنت باشلىقى يارىلاندى، قارانىيەتلەر موتسىپكىلىتقا مىنىپ قېچىپ كەتتى. قارانىيەتلەر بۇلاڭچىلىق قىلىش داۋامىدا پۇل ـ ماللارنى ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى "تەشكىلات"، "غازات" ئۈچۈن بۇلىدۇق، دېدى.

4 ـ ئاينىڭ 2ـكۈنى سەھەردە، كۇچا ناھىيىسى ئالىقاغا يېزىسى (ناھىيە بازىرىدىن 30 كاومېتىر يىراقلىقتا)دا پەۋقۇلئاددە زور تېررورلۇق قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى يۈز بەردى. 11 قارانىيەت پىچاق، قورال ۋە پارتلىتىش قۇرۇلمىلىرىنى كۆتۈرۈپ، پارتلىتىش، ئېتىش، پىچاق تىقىش، بوغۇزلاش قاتارلىق ئىنتايىن قەبىھ ۋاستىلەرنى قوللىنىپ تۆت ئادەمنى ئۆلتۈردى، پارتلىتىپ ئۆلتۈردى، ئۈچ ئادەمنى يارىلاندۇردى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەيئىتى، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 70 ياشقا كىرگەن قاۋۇل توقا ئائىلى قارىخان بىلەن ئۆيىگە كىرىۋاتقاندا، قارىخاننىڭ يۈزىگە بىر پاي ئوق تەگدى، ئارقىدىنلا سىرتتىن تاشلانغان ئىككى پارتلاتقۇچ بوغچا پارتىلاپ ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن يارىلاندى. قاۋۇل توقىنىڭ ئىنىسى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەيئىتى ھاۋۇل توقىنىڭ ئۆيىگىمۇ يەتتە قارانىيەتنىڭ ئۇشتۇمتۇت زەربىسىگە ئۇچرىدى، ھاۋۇل توقىنىڭ بوينى، دۈمبىسىنىڭ يەتتە يېرىگە پىچاق تىقىلغاچقا، نەق

www.uyghurweb.net

مەيداندا جان ئۈزدى، ئايالى دىلەيسەمخاننىڭ بېشىغا ئوق تېگىپ جان ئۈزدى. ئارقىدىن جىنايەتچىلەر يەنە قاۋۇل توقىنىڭ ئوغلى، يەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن كەنت باشلىقى ئەنۋەر قاۋۇلنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئەنۋەر قاۋۇلنىڭ بېشى، مەيدىسى، دۈمبىسى ۋە پۇتىنىڭ توققۇز يېرىگە پىچاق تىقتى، بېشىغا بىر پاي ئوق ئاتتى، ئەنۋەرنىڭ ئايالى رەيھانەم(كەنت پىلانلىق تۇغۇت ھەيئىتى)نىڭ بېشى، بويۇنى، دۈمبىسىنىڭ سەككىز يېرىگە پىچاق تىقىپ، بېشىغا ئىككى پاي ئوق ئېتىپ، ئۇنى ناھايىتى ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈردى. ئالتە زوراۋان يەنە بۇ كەنتنىڭ پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسى جارىن مەمەتئىمىننىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنى ئەسەبىيلەرچە يەتتە يېرىگە پىچاق تىقىپ ئېغىر يارىلاندۇردى.

قانلىق پاكىتلار بىزگە شۇنى ئۇقتۇردۇكى، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر كومپارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا ئۆچ. ئۇلار نىشانىنى سادىقلىق بىلەن پارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭغان، يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا جان ـ دىلى بىلەن تىرىشىپ ئىشلەۋاتقان مۇنەۋۋەر ئاساسىي قاتلام كادىرلىغا، ۋەتەننى، دىنىنى سۆيىدىغان، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرىدىغان ئاددىي چارۋىچىلار ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىگە قاراتتى.

(2) ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش زەپەر مارشىنى ياڭرىتىش

مىللىي بۆلگۈنچىلەر پەيدا قىلغان بىر قاتار زوراۋانلىق ـ تېررورلۇق ۋەقەسىدە سەككىز يولداش قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەم كومپارتىيە ئەزالىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر ـ جەڭچىلىرى، كەنت كادىرلىرى بار، ھەم ئاددىي دېھقان ـ چارۋىچى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلار بار. ئۇلار ۋەتەننى، شىنجاڭنى، يۇرتىنى سۆيەتتى، ئاكتىپ ئىشلەيتتى، تىرىشىپ ئومگەك قىلاتتى،

مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇراتتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق سۆز ـ ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلاتتى، ئۇلار ئىسسىق قېنى ۋە ئېزىز جېنى بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش زەپەر مارشىنى ياڭراتتى.

1996 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى رەھمەت موللامەت، ئاۋۇل توقا، ئەنۋەر قاۋۇل، دىلەيسەمخان غوپۇر، ھاكىم سىدىق قارىھاجىم، رەيھانەم مەمەت قاتارلىق ئالتە يولداشنى ئىنقىلابىي قۇربا دەپ تەستىقلىدى. 1996 ـ يىل 7ـئاينىڭ 8 ـ كۈنى، جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمى سىياسىي بۆسى ليۇ شىنلەي، ساۋ شىچياڭنى ئىنقىلابىي قۇربا دەپ تەستىقلىدى.

رەھمەت موللامەت، ئەر، ئۇيغۇر, 1966 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى بوزدۆڭ چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ھايات ۋاقتىدا ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى بوزدۆڭ چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ چارۋىچىسى ئىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا كوللېكتىپنى سۆيەتتى، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلەتتى، بەشتە كاپالەتلىك ئائىلەر پاتەمخان ئاتىغا كۆمۈر ئەكىلىشىپ بېرەتتى، سۇ تۇشۇپ بېرەتتى، ئېغىر-يېنىك ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەتتى. 1995-يىل 11-ئايدا، بوزدۆڭ چارۋىچىلىق مەيدانىدا قۇرغاقچىلىق تۇپەيلىدىن 1200 تۇياقتىن ئارتۇق قوي چۆلگە قاپسىلىپ قالغاندا، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۇ توشۇپ قويلارنى قۇتقۇزۇپ قالغان ھەمدە سۇ ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولغان شاكەنتتىكى بەش قوي قەتىنىغا بىر ئاي سۇ توشۇپ بەرگەن، يەنە ماشىنا بىلەن ھەقسىز ئوت چۆپ توشۇپ بەرگەن، چارۋىچىلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتىشىگە ياردەم بېرىپ، چارۋىچىلىق مەيدانىنى ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالغان. ئۇ

www.uyghurweb.net

پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىدە چىڭ تۇراتتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاڭلىق قوغدايتتى. 1988 ـ يىلى، ئۆ 5 ـ تۈمەن مەيدان كۆمۈر كانىدا يۈز بەرگەن پەۋقۇلئاددە چوڭ قار كۆچۈش ئاپىتىدە خەتەردىن قۇتقۇزۇشقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىپ، قارا ئاستىدا قالغان 22 خەنزۇ ئىشچىنى قۇتقۇزۇۋالغان، يىزا ئىگىلىك 1ـ شىسى 5 ـ تۈەن پارتىيە كەمىتېتى، ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن "مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى" دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەن. رەھمەت موللامەمەت چوڭ ھەق ـ چوڭ ناھەق ئالدىدا ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشقا، ھەقىقەتنى ياقلاشقا جۈرئەت قىلاتتى، كۈرەشنىڭ 1 ـ سېپىدە تۇراتتى. 1996 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سەھەردە، بىر توپ مىللىي بۆلگۈنچى بوزدۆڭ چارۋىچىلىق مەيدانىدا دېلو سادىر قىلىپ رەھمەت قاتارلىق ئالتە ئائىلىلىك چارۋىچىنى بۇلىدى، ئۇ سىرتتىن قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال "شەرق شامىلى"ماركىلىق 141 تىپلىق ماشىنىنى ھەيدەپ بوزدۆڭ چىگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىغا بېرىپ دېلو مەلۇم قىلغان ھەمدە جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش ئۈچۈن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىككى چېگرا مۇداپىئە قوراللىق ساقچىسىنى باشلاپ ماڭغان، جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ ئاقبولاق داۋىنىغا كەلگەندە جىنايەتچىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان، ئۇ باتۇرلارغا خاس تەڭداشسىز جاسارەت بىلەن جىنايەتچىلەر بىلەن كەسكىن ئېلىشقان، لېكىن ئاخىرىدا دۈشمەن كۆپ بولغاچقا، 30 يېشىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان. بىر ئاددىي ئۇيغۇر چارۋىچى دۈشمەننى توسۇشتەك جىددى پەيتتىدە قوراللىق ياۋۇز دۈشمەنگە قۇرۇق قول كۆكرەك كېرىپ ئېتىلدى. بۇ قانداق روھ؟ بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى! بۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى!

www.uyghurweb.net

هاكىم سىدىق قارىهاجىم، ئەرئۇيغۇر، 1911-يىل 1-ئايدى كۇچا ناھىيىسى كونا شەھەر پاختا بازىرىدا تۇغۇلغان. ھايات ۋاقتىدا توقسۇ ناھىيىسى رەستە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئىدى. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلاتتى. ئىلگىرى سىياسىي كېڭەش توقسۇ ناھىيىلىك 1-نۆۋەتلىك كومىتېتىدىن تارتىپ 8-نۆۋەتلىك كومىتېتىغىچە ئەزا بولغان، توقسۇ ناھىيىلىك1-نۆۋەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 2 - نۆۋەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى بولغان. ئۇ ئىماملىق قىلغان نەچچە ئون يىلدىن بۇيان دىنغا ئېتقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنى قانۇندا يول قويۇلغان دائىرىدە نورمال دىنىي سىياسىي، مىللىي سىياستى، نىكاھ قانۇنى ۋە پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنى دائىم تەشۋىق قىلغان. بولۇپمۇ باشقىچە غەرەزدىكى كىشىلەر دىنى ھەرىكەتلەردىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئۇ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇچىغا چىققان دىنىي كۈچلەرنى قاتتىق سۆككەن ھەمدە ئەھۋالنى ئالاقىدار تارماقلارغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلغان. ئۇ ئىماملىق قىلغان رەستە مەسچىتى ئۇدا توققۇز يىل "بەشتە ياخشى مەسچىت" بولۇپ باھالانغان. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتەك چوڭ ھەق - چوڭ ناھەق ئالدىدا ئۇنىڭ مەيدانى مۇسھكەم، بايرىقى روشەن بولغان. 1989 - يىل 4-ئاينىڭ 19-كۈنى، رەستە مەسچىتىدە يۈز بەرگەن ئولتۇرۇۋېلىپ غەۋغا چىقىرىش ۋەقەسىدە، ئۇ باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىجابىي تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلىگەن ھەمدە سوتقا بېرىپ گۇۋالىق بېرىپ ياسىن تۇرسۇننىڭ "دىن" تونىغا ئورۇنىۋېلىپ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتەك ئەكسىيەتچىل قىلمىشىنى پاش قىلغان. 1994-يىل "18-ئىيول" ئەكسىيەتچىل پارتىلىتىش دېلولىرى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ

مەيدانى مۇستەھكەم ھالدا مەردانىلىق بىلەن ئەيسا ھەسەن باشچىلىقىدىكى بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ۋەتەننى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك جىنايى سۇيقەستىنى پاش قىلىپ، ئۆزىنىپ مەيدانى، قارىشى ۋە پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا دۇشمەنگە ئالدانماسلىق ، مىللەتلەر ئىتتىپاق ۋە جەمئىيەت مۇقىم بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ئاڭلىق قوغداش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان. ھاكىم سىدىق قارى ھاجىم پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىقلىقىنى قوغدا\نغان بولغاچقا، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۇنى كۆزىگە قادالغان مىق، تاپىنىغا سانجىلغان تىكەن دەپ قارىلىغان. 1966-يىل 3-ئاينىڭ 22-كۈنى سەھەر سائەت يەتتىلەردە، قورال كۆتۈرۈۋالغان نىقاپلىق ئىككى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنى ئۆلتۈرگەن، ئۇ 85 ياشتا ئىدى.

ھارۇل توقا، ئەر، ئۇيغۇر، 1928-يىلى 9-ئايدا كۇچا ناھىيىسى ئالىقاغا يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1960-يىل 6-ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ھايات ۋاقتىدا كۇچا ناھىيىسى ئالىقاغۇ يېزىسى قۇناس 2-كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىدى، ئۇ پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى، كونا نەمۇنىچى قاۋۇل توقىنىڭ ئىنىسى، ھاۋۇل توقا 40 يىل كەنت رەھبىرى كادىرى، 25 يىل قوناس كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، ئۇ جان-دىلى بىلەن پارتىيىگە ئەگىشىپ مېڭىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجى، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلغان، ئاممىنى باشلاپ قۇم بېسىپ كەتكەن، قاقاس-نامرات قوناس كەنتىنى ئورمان، يول ، ئۆستەڭ، ئېتىزلىرى ئۆلچەملەشكەن، يۇقۇرى ھوسۇللۇق "بەش يۇلتۇزلۇق" كەنت قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، كوچا ناھىيىسى بويىچە ئۈلگىلىك كەنتكە ئايلاندۇرۇپ، قوناس كەنتىنىڭ

يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان. ھاۋۇل توقا كىشىلەرگە سەمىيمىي مۇئامىلە قىلاتتى، يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىششقا ماھى، باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە خۇشتار بولغاچقا ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، ئۇ كەنت كادىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان 30 نەچچە يىل ئىچىدە، ئۆز مەنپەئىتىنى قىلچىمۇ كۆزلىمىگەن، دېھقانلار ۋە كوللېكتىپنىڭلا غېمىنى يېگەچكە، كۆپچىلىك ئۇنى بىزنىڭ سىردىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ياخشى ئۈلگىسى دەپ تەرىپلىشەتتى. ھاۋۇل توقا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسى قۇرۇلىشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرەتتى، ئاساسى قاتلام كادىرلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسى ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغانىدى. 1990-يىلى ئەتىيازدا، ئاقتۇ ناھىيىسى بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ دەرھال پارتىيىلىك كادىرلارنى تەشكىللەپ مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ جىنايى قىلمىشى ۋە ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى پاش قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەيدانى ۋە قارىشىنى بايرىقى روشەن ھالدا ئىپادىلەپ، ياخشى باشلامچىلىق رول ئويناپ، كەنتنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. يولداش ھاۋۇل توقا پارتىيە ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا سادىق بولغاچقا، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئۆچمەنلىكىگە ئۇچرىغان. 1996 - يىل 4 - ئاينىڭ 29-كۈنى سەھەر سائەت يەتتىلەردە، قورال-پىچاق كۆتىرىۋالغان 11 زوراۋان ئۇنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ قاتىللىق قىلماقچى بولغاندا، ئۇ باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشقان، بىراق دۈشمەن كۆپ بولغاچقا تەڭ كېلەلمەي 68 يېشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

دىلەيسەمخان غوپۇر، ئايال، ئۇيغۇر، 1934 - يىل 4 - ئايدا كۇچا ئالىقاغا يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1960-يىل 6-ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. ئۇ ئاساسىي قاتلامدا ئاياللار خىزمىتى ۋە پىلانلىق تۇغۇت

خىزمىتىنى 40 نەچچە يىل ئىشلىگەن، ئۇ كۆرنەرلىك نەتىجە ياراتقانلىقتىن ناھىيە، يېزا تەرەپتىن كۆپ قېتىم تەقدىرلەنگەن. ئۇ بۇ كەنتتىكى ئاياللارنى پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى، پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل تەشكىللەپ، ئاياللار ئارىسىدا "ئۇچنى ئۆگىنىش، ئۇچتە بەسلىشىش" پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، قوناس 2 - كەنتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشقان. ئۇ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قەتئىي بوشاشماي ئىشلەپ، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ، ھاردىم - تالدىم دىمەيتتى، بەزىدە كۈنىگە ئون نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈتتى. 1992 - يىلى، كۇچا ناھىيىسى ئاياللارنى تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشقا تەشكىللىگەنىدى، بىراق كونا قاراشنىڭ ئاسارىتى تۈپەيلىدىن خىزمەتتىكى توسالغۇ كۆپ ئىدى، دىلەيسەمخان نۇرغۇن جاپالىق، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەپ، باشلامچىلىق بىلەن ئون ئايالنى تەشكىللەپ دوختۇرخانىغا بېرىپ ئون ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ، پۈتۈن يېزىدا ب خىزمەتنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ياخشى باشلامچى بولغان. 1995-يىلى بۇ كەنتتىكى ئىككى ئايال پىلانلىق تۇغۇتتىن قېچىپ ئايرىم-ئايرىم ھالدا شايار ناھىيىسى، باي ناھىيىسىگە بېرىۋالغان، دىلەيسەمخان بۇنى ئۇققاندىن كېيىن 400 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ ئۇلارنى تېپىپ، قايىل قىلىپ تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسىنى قىلدۇرغان. ئۇ خىزمەتتە ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان بولغاچقا، ئۇ كەنت ناھىيە، يېزا تەرىپىدىن تۆت قېتىم پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار كەنت بولۇپ باھالانغان. ئاقسۇ ۋىلايىتىمۇ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنىنى بۇ كەنتتە ئېچىپ، بۇ كەنتنىڭ تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتكەن، دىلەيسەمخانمۇ ناھىيە تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ئاياللار خىزمىتى ھەيئىتىنىڭ مۇنەۋۋەر كادىرى ۋە مۇنەۋۋەر پىلانلىق تۇغۇت خىزمەتچىسى بولۇپ باھالانغان. دىلەيسەمخان غوپۇرنىڭ

www.uyghurweb.net

ئىشلەۋەتقان خىزمىتى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئۆچمەنلىكىگە ئۇچرىغان، 1996-يىلى 4-ئاينىڭ 29-كۈنى سەھەر يەتتىلەردە، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرگەندە، ئۇ باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن، بىراق كۆپ دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي 62 يېشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.
ئەنۋەر قاۋۇل، ئەر، ئۇيغۇر، 1963-يىلى 3-ئايدا كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئالىقاغا يېزىسىدا تۇغۇلغان، ھايات ۋاقتىدا كۇچا ناھىيىسى ئالىقاغا يېزىسى قۇناس 2-كەنتىنىڭ پەن تېخنىكا مەسئۇل مۇئاۋىن كەنت باشلىقى، قوشۇمچە ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ، پىشقەدەم پارتىيە ئەزاسى، پىشقەدەم ئەمگەك نەمۇنىچىسى قاۋۇل توقىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئەنۋەر يۇرتىنى قىزغىن سۆيەتتى، باشقىلارغا خوشاللىق بىلەن ياردەم قىلاتتى، نامرات كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم خىمىيىۋي ئوغۇت، نەق پۇل بەرگەن. ئۇ قۇناس كەنتى ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىكىنى ئۆتىگەن مەزگىلدە، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسەتلىرىنىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلغاندىن باشقا، يەنە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ياشلارغا يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى كونكرېت تەتبىقلاش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتى، ئۇ ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى جانلىق ئىشلەيتتى، ياشلار ئۇ تەشكىللىگەن تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە قاتنىششنى خالايتتى، بىر مەزگىللەردە چامباشچىلىق، زەخەرلىك چېكىملىك تەسۋىرلەنگەن فىلىملەر، شەھۋانىي تۈس ئالغان سىنئالغۇ فىلىملىرى يامراپ كەتكەندە، بەزى ياشلار شۇلارنى دوراشقا باشلىغانىدى. ئەنۋەر قاۋۇل بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ياش ئىتتىپاق ئەزالىرىنى تەشكىللەپ "قانداق قىلغاندا مەنىلىك ياشىغىلى بولىدۇ" دېگەن تېمىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بارغان، كۆپچىلىك ئۇگىنىش ، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، پەن بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ،

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا بەل باغلىغان. ئەنۋەر قاۋۇل پەن-تېخنىكا مەسئۇل مۇئاۋىن كەنت باشلىقى بولغاندىن كېيىن كەنتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پەن-تېخنىكا، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن، ناھىيە، يېزا ئالاقىدار خادىملارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىگەندە، ئەنۋەر قاۋۇل پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، خاتىرىسى ۋە قەلىمىنى ئېلىپ، موتسېكلىتنى مىنىپ ناھىيە كۇرس ئۇيۇشتۇرغان ئورۇنغا بېرىپ ئەستايىدىل ئۆگەنگەن. ئۇ قايسى ئورۇقلارنىڭ تېز ئۈنىدىغانلىقى، كېسەللىك، ھاشاراتكە قارشى ئىقتىدارى كۈچلۈك ئىكەنلىكى، قانچىلىك ئوغۇتلاش، قانچىلىك دورىلاش كېرەكلىكى، ئېتىز-ئېرىق پەرۋىشىنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى خاتىرىلىۋېلىپ، كەنتكە قايتىپ بارغاندىن كېيىنكەنت ئاھالىلىرىنى يىغىپ ئۇلارغا يېڭى سورت، يېڭى تەجرىبىلەرنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان ۋە كېڭەيتكەن. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، يازلىق يىغىم، كۈزلۈك يىغىم پەسىللىرىدە دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنا-سايمانلىرىنى دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش پەسلى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ياساپ بەرگەن. ئەنۋەر قاۋۇل پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا سادىق بولغاچقا مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلغان، 1996 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى سەھەر سائەت يەتتىلەردە، 11 مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرگەندە، ئۇ باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ ئېلىشقان، ئاخىرىدا دۈشمەن كۆپ بولغاچقا تەنىڭ كېلەلمەي 27 يېشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

رەيھانەم مەمەت، ئايال، ئۇيغۇر، 1971 ـ يىل 8 ـ ئايدا كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئالىقاغا يېزىسىدا تۇغۇلغان، ھايات ۋاقتىدا كۇچا ناھىيىسى ئالىقاغا يېزىسى قۇناس 2 ـ كەنتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت كادىرى ئىدى. ئۇ كەنتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى پائال قوللاپ، باشلامچىلىق بىلەن تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى

قىلدۇرغان ھەمدە ئاياللار خىزمىتى ھەيئىتىگە ياردەملىشىپ باشقا ئاياللارغا ئىدىيۋى خىزمەت ئىشلىگەن. ئۇ پارتىيىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشتا باشلامچى بولۇپ، ئۆيلىرىگە بېرىپ، يول ئۈستىدە، بازارغا كېتىۋاتقاندا تەشۋىق قىلغان. ئۇ تىرىشىپ خىزمەت قىلغاچقا، ئۇ باشقۇرىۋاتقان 100 نەچچە ئائىلىدە ئۇدا ئىككى يىلغىچە پىلاندىن ئاشۇرۇپ تۇغۇش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن. بۇنداق بولۇشتا ئۇ نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرگەن ۋە كۆپ قېتىم ياش تۆككەن. ئۇ ئەنۋەر قاۋۇل بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، قېيىنئاتىسى قاۋۇل توقا پېشقەدەم ياچېيكا شۇجىسى، يولدىشى يەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن كەنت باشلىقى بولغاچقا، كوللېكتىپنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ ئۆي ئىشلىرىغا يېتىشەلمەيتتى، قېيىنئانىسى كېسەلچان ئىدى. شۇڭا پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىپ قېيىنئاتىسى، يولدىشىنىڭ خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان.رەيھانەم مەمەتنىڭ ئۆلگىلىك ھەرىكەتلىرى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغىغاچقا، 1996-يىل 4-ئاينىڭ 29-كۈنى سەھەر سائەت يەتتىلەردە ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرگەن مىللىي بۆلگۈنچىلەر تەرەپتىن 25 يېشىدا ئۆلتۈرۈلگەن.

ليۇ شىنلەي، ئەر، خەنزۇ، 1964-يىل 4-ئايدا گەنسۇ ئۆلكىسى جاڭجياچۈەن ناھىيىسى لۇڭشيەن يېزىسى يۈيشۇ كەنتىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھايات ۋاقتىدا ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى بوزدۆڭ ساقچىخانىسىنىڭ يېتەكچىسى ئىدى. ئۇ شىنجاڭنى، ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيەتتى. 13 يىلدىن بۇيان، ئۇ مەيلى جەڭچى ۋاقتىدا بولسۇن ياكى كادىر بولغاندا بولسۇن، مەيلى شارائىتى جاپالىق ئاساسىي قاتلام چېگرا مۇداپىئە ئورگىنىدا

ئىشلىگەندە بولسۇن، ئۆز كەسپىنى باشتىن-ئاخىر سۆيۈپ، بېرىلىپ ئىشلىگەن. 1989-يىلى 9-ئايدا، ئۇ ئەلا نەتىجە بىلەن جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى ئىنىستىتوتىغا قوبۇل قىلىنغان، ئۇنىڭ مەكتەپتىكى ئىپادىسى گەۋدىلىك ۋە ئۆگىنىشى، ئەخلاقى ياخشى بولغانلىقتىن مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنى مەكتەپكە قالدۇرماقچى بولسىمۇ، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ غايىسى، ئېتىقادىنى كونكرېت ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، بارلىقىنى چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىغا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە شەرتسىز بېغىشلىغان. 1996 - يىلى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سەھەردە، جىددىي قېقىلغان ئىشىك ئاۋازى بوزدۆڭ چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى. چارۋىچى رەھمەت ئاينىڭ بۇلانغانلىقىنى مەلۇم قىلدى، لىيۇ شىنلەي بىلەن سەپدىشى ساۋ شىچياڭ دەرھال دېلو مەلۇم قىلغۇچى ھەيدىگەن141 تىپلىق يۈك ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ نەق مەيدانغا كەلگەن. لىيۇ شىنلەي ساۋ شىچياڭ نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ، بۇلانغان ئامىمىدىن سۈرۈشتۈرۈپ دېلو سادىر قىلغۇچى بەش جىنايەتچىنىڭ چارۋىچىلارنىڭ قورال - ياراغ، ئوق - دورا ۋە نەق پۇل قاتارلىق نەرسىلىرىنى بۇلاپ، جىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ نەق مەيداندىن قاچقانلىقىنى ئۇققان، لىيۇشىنلەي بۇ ئادەتتىكى بۇلاڭچىلىق دېلوسى ئەمەس، بۇنىڭ ئارقىسىغا چوقۇم تېخىمۇ چوڭ سۈيىقەست يوشۇرۇنغان دەپ پەرەز قىلىپ، ساقچىخانىغا قايتىپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش قارارىغا كەلگەن، قايتىش يولىدا گۇمانلىق بىر ماشىنىنى ئۇچراتقان، قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ تەكشۈرمەكچى بولغاندا، رەت قىلىشقا ئۇچرىغان، ماشىنىسىنىڭ شوپۇرى ماشىنىنى ھەيدەپ قاچقان، لىيۇ شىنلەي دەرھال قەغلاشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن، ماشىنا ئاقبۇلاق داۋىنىغا يېتىپ كەلگەندە، زوراۋانلار قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتكەن، لىيۇ شىنلەي ئۇلاردىن قورقماي سەپدىشى ساۋ شىچياڭ ۋە دېلو مەلۇم قىلغۇچى رەھمەت موللا بىلەن بىرلىكتە بەش ياۋۇز بىلەن باتۇرانە ئېلىشقان، ئاخىرىدا

دۈشمەن كۆپ بولغاچقا تەڭ كېلەلمەي 32 يېشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

ساۋ شچياڭ، ئەر، خەنزۇ، 1968-يىل 12-ئايدا گەنسۇ ئۆلكىسى چىڭشۈي ناھىيىسى گوچۈەن يېزىسى نىڭچۈەن كەنتىدىكى بىر ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھايات ۋاقتىدا ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بوزدۆڭ چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىنىڭ كەسپى ساقچىسى ئىدى. ئۇ شىنجاڭنى، ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيەتتى، ئۇ دېھقان پەرزەنتىدىن كەسپىي ساقچى بولۇپ يېتىلگەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۈلگىسى بولغان ئىدى. ئۇ قىسمىنىڭ ھەربىي ئاپتوموبىلىنى ئۆز كۆز قارچۇقىدىن بەكرەك ئاسرايتتى،11 يىللىق ھەربىيلىك ھاياتىدا ئون نەچچە يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ ھەم شوپۇر ھەم خىزمەتچى ئىدى، قىسمىدىكى باشلىقلار، سەپداشلىرى ئۇنى "ئەڭ بىخەتەر، ئەڭ پاكىز، ئەڭ ئىشەنچلىك شوپۇر" دەپ تەرىپلىشەتتى، ئۇ كۆپ قېتىم "قىزىل بايراقدار شوپۇر" بولۇپ باھالانغان. ئۇ سەپداشلىرىغا قېرىنداشلىرىدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنەتتى، باشقىلارغا ياردەم بېرىشتە قىلغان ئىشلىرى تېخىمۇ كۆپ ئىدى. بىر قېتىم، ئۇ ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىگە ئىش بېجىرگىلى كېتىۋېتىپ شەھەرلىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى زاۋۇتىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان بىر يولداشنىڭ يولنىڭ ئوتتۇرىدا تۇرۇپ ماشىنىسىنى توساۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ، ساۋشچياڭ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭدىن نېمىشقا يولنىڭ ئوتتۇرىدا تۇرۇپ ماشىنا توسىغانلىقىنى سورىغاندا، ھېلىقى مىللىي يولداش "ماشىنام بۇزۇلۇپ قالدى، نەرى بۇزۇلغانلىقىنى بىلەلمىدىم، ماشىنا زادى ئوت ئالمايۋاتىدۇ، بىر نەچچە ماشىنىنى توسسام توختىمىدى، ئىلاجىسىز مۇشۇنداق قىلدىم، ئۇستام ياردەم قىلسىڭىز" دېگەن،

ساۋشچياڭ بۇنى ئاڭلاپ گەپ-سۆز قىلمايلا يېڭىنى تۇرۇپ ماشىنىنى رېمونت قىلىشقا كىرىشىپ چۈش سائەت بىردىن كۈن پاتقىچە ئىشلەپ ماشىنىنى رېمونت قىلىپ بەرگەن، ساۋشچياڭ مانا مۇشۇنداق باشقىلارنى قىيىنچىلىقتىن خالاس قىلىشنى خۇشاللىق بىلىدىغان ئىنقىلابىي ھەربىي ئىدى. ئۇ قىسمىنى ئۆز ئۆيىدىنمۇ بەكرەك سۆيەتتى. سەپداشلىرى ساۋشچياڭغا سۆزلىشىش ئاپپاراتى ئارقىلىق ئىككى ياشقا توشمىغان بالىگىز قىزنىتىپ قىلىپ ئۈچ كۈندىن بۇيان ئۆيدە يېتىپتۇ، كېسەلچان ئايالىگىز تىت - تىت بولۇپ كېتىۋېتىپتۇ، تېزراق ئۆيگە قايتىڭ، دېگەندە، ئۇ "ھازىر ساقچىخانىدا ئۈچىمىزلا قالدۇق، زادىلا قايتالمايمەن، ئۆگۈنلۈككە تارماق ئەترەت ئۇيۇشتۇرغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ نەزىرىيە ئۆگىنىشى ئاخىرلىشىپ، ساقچىخانىدىكىلەر كەلگەندىن كېيىن باراي" دېگەن. ئويلىمىغان يەردىن بۇ گەپ ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بولۇپ قالغان. 1996 - يىل 2-ئاينىڭ 10-كۈنى ساۋ شچياڭ جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش داۋامىدا 28 يېشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

باتۇرلىرىمىز ئەنە شۇنداق ۋاقىتسىز كېتىپ قالدى، ئۇلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن قۇربان بولدى. باتۇرلارنىڭ ئۆلۈمى توپىلاڭچىلارنىڭ ۋەھشىيانە قىلمىشلىرى ئۈستىدىن قىلىنغان ئۈن-تۈنسىز شىكايەت ۋە ئوقۇلغان لەنەت بولدى؛ باتۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى بەدىلىگە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ سۇيىقەستى ۋە قەبىھلىكىنى پاش قىلدى؛ باتۇرلارنىڭ ئۆلۈمى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ كۆزىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈردى ھەمم بۆلگۈنچىلىككە قارىشى كۈرەش قىلىش ئىشەنچىسىنى ۋە ئىرادىسىنى كۈچەيتتى؛ باتۇرلار ئىسسىق قېنى ۋە ئېزىز جېنى ئارقىلىق ۋەتەننىڭ، چېگرا رايونلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغدىدى.

www.uyghurweb.net

## (3) ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ، زوراۋانلارنى تېزدىن پاش قىلدى ۋە قوغلاپ تۇتتى

ئاقسۇ ۋىلايىتىدە بىر قاتار زوراۋانلىق-تېررورلۇق دېلولىرى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتتىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. "10-فېۋرال" ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋسىزلىكى باشقارمىسى دەرھال "10-فېۋرال" دېلوسىنى پاش قىلىش قوماندانلىق شتابىي قۇردى ھەمدە قابىل خادىملارنى ئاجرىتىپ مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى قۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى خىزمەت گۇرۇپپىسىمۇ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە بېرىپ دېلونى رازۋېتكا قىلىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە، ناھىيىلەردىن رايون ۋە مۇداپىئە چەك ت چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بارلىق كۈچ بىلەن دېلونى بالدۇرراق پاش قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

قوراللىق ساقچى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارماق ئەترىتىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى بىر توپ زوراۋانلارنى جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىمىز سىياقىغا كىرىۋېلىپ پۇل - مال بۇلاپ، چېگرا مۇداپىئە قوراللىق ساقچىلىرىمىزنى ۋە دېلو مەلۇم قىلغان چارۋىچىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جەڭگە قاتنىشىپ جىنايەتچىنى تۇتۇش ئۈچۈن بەس-بەستە تىزىمغا ئالدۇردى. 4-ئاينىڭ 9 - كۈنى، قوراللىق ساقچى قىسىم ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارماق ئەترىتى يۈقىرىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا ماسلىشىپ "10-فېۋرال" دېلوسىدىكى جىنايەتچىلەرنىڭ يوشۇرۇنۇۋېلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئاقسۇ شەھىرى قىزىل كۆۋرۈك ئاھالىلەر رايونىنى قورشىۋالدى. ھەربكەت 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سەھەر ئىككىدە باشلىنىپ ئالتىدە ئاخىرلاشتى، دەسلەپكى جەڭدە غەلىبە قولغا

كەلتۈرۈلۈپ "10-فېۋرال" دېلوسىغا مۇناسىۋەتلىك ئۈچ ئادەم تۇتۇلدى، ئاممۇنىيىنىتراتلىق پارتلىتىش دورىسىدىن 12. 5 كىلوگرام، ئوت ئالدۇرغۇچى پىلتىدىن5 .1 مېتىر، ئەكسىيەتچىل سىنئالغۇ لېنتىسىدىن ئىككى قاپ، ياش ئوقتۇزىدىغان گاز مىلتىقىدىن ئىككى دانە ھەمدە باشقا قاتىللىق قوراللىرى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئىسپاتلارنى قولغا چۈشۈردى، جەڭگە قاتناشقان كوماندىر - جەڭچىلەردىن بىرىمۇ يارىلانمىدى، 4-ئاينىڭ 15-كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىمىز "10-فېۋرال" دېلوسىدىكى جىنايەتچى ئاۋۇت ئابلا قاتارلىقلارنىڭ كۈچا ناھىيىسىدە يوشۇرۇنغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىمىز تېزدىن كۈچا ناھىيىسىگە بېرىپ، "10-فېۋرال" دېلوسىدىكى جىنايەتچىلەرنى ئاقتۇرۇش بىلەن بىرگە، باي، ئۈرۈمچى، ئاقسۇ يوللىرىدا چازا قۇردى، ئاۋۇت ئابلا قاتارلىق جىنايەتچىلەر كۈچادا پانالانغىدەك جاي تاپالماي شىرىكىنىڭ "سانتانا" ماركىلىق قىزىل پىكاپىغا ئولتۇرۇپ ئاقسۇ تەرەپكە قاچتى. جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىمىز دەرھال ماشىنىلىق قوغلىدى، ماشىنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان بىر جىنايەتچى ئالدى بىلەن بىرگە قارىتىپ ئوق چىقاردى، جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىمىز چاققانلىق بىلەن يېتىشۋالدى ھەمدە ئوق چىقىرىپ ماشىنىنىڭ بىر پاي چاقىنى يېرىۋەتتى. جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىمىز ئۇلارنى قورالنى تاشلاپ تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى. ئىككى تەرەپ يېرىم سائەتتىن ئارتۇق تىركىشىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاۋۇت ئابلا قاتارلىق جىنايەتچىلەر تەسلىم بولۇشنى رەت قىلدى ھەمدە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرىمىزغا داۋاملىق ئوق ئاتتى. تاشيولنىڭ ئىككى چېتىگە يوشۇرۇنىۋالغان جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچىلار قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ ئوق چىقىرىپ، ماشىنا

www.uyghurweb.net

ئىچىدىكى جىنايەتچىلەرنى ئىتتىپ ئۆلتۈرۈپ تاپانجا، مىلتىق، ئوق، پارتلىتىش دورىسى، پىستان قاتارلىقلارنى ئولجا ئالدى.

"22 ـ مارت" ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دەرھال جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە، بىرلىكسەپ قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنى يىغىپ جىددىي يىغىن ئېچىپ، دېلو ئەھۋالىنى مۇھاكىمە ۋە تەھلىل قىلىپ، 24 ئادەمدىن تەشكىللەنگەن "22 ـ مارت" مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، رازۋېدكا قىلىش ۋە قاتىلنى تۇتۇش خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى. مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكى كادىر ـ ساقچىلار مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايەتچىلىرىدىن غەزەپلىنىپ، خېيىمخەتەردىن قورقماي، جاپا ـ مۇشەققەتتىن باش تارتماي دېلونى تېزدىن پاش قىلىپ، خەلق ئۈچۈن بالايىئاپەتنى تۈگىتىدىغانلىقىنى بىردەك بىلدۈرۈشتى. رازۋېدكا خىزمىتى باشلىنىشى بىلەنلا مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر كەڭ كالەمدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 1ـكۈنىلا 68 ئادەمنى زىيارەت قىلدى، رازۋېدكا خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، تەكشۈرۈش دائىرىسىنى بارغانسېرى كېڭەيتتى، ئۇلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 200 نەچچە ئادەمنى تەكشۈردى، كېچە ـ كۈندۈزلەپ ئاشكارا ھەم يوشۇرۇن زىيارەت قىلىش ئارقىلىق ۋە ئامما تەمىنلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن 31 گۇماندارنى بايقىدى، ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق 30 ئادەم گۇماندارلار قاتارىدىن چىقىرىلىپ، ئاخىرى شىرئەلى مۇھىم گۇماندار دەپ قارالدى، ئۇنى رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق يەنە تۇردى قارى ۋە مەريەم ئىمىن دېگەن ئىككى گۇماندار بايقالدى. 4ـئاينىڭ 8ـكۈنى، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر شىرئەلىنى قانۇن بويىچە قولغا ئالدى، سوراقتا ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەس بولىۋېلىپ ھېچنەرسىنى تاپشۇرمىدى. 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تۇردى قارى ۋە مەريەم ئىمىن تۇتۇپ تۇرۇلدى، ئۇلار دەسلەپتە جاھىللىق قىلىپ جىنايىتىنى تاپشۇرمىدى. كېيىن سىياسەت بىلەن پىسخىك ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق پاكىت ئالدىدا

باش ئېگىپ شايار ناھىيىدىكى ئابدۇللا قاسىم، مەمەت ئابدۇللا، يۈسۈپ ئەخمەت ۋە ئابلەت قاسىم قاتارلىق تۆتەيلەننىڭ ھاكىم سىدىق قارىھاجىمنى ئۆلتۈرگەنلىك جىنايى پاكىتىنى تاپشۇردى. ئەسلىدە بۇ تات زوراۋان 3-ئاينىڭ 21-كۈنى كەچتە توقسۇ ناھىيىسىگە كەلگەندىن كېيىن، تۇردى قارى بىلەن ئۇچرىشىپ شىرئەلىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تاماق يېگەن، مېڭىش ئالدىدا ئابدۇللا شىرئەلىدىن بىر پىچاق سورىغان، بەشەيلەن شىرئەلىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ مەريەمنىڭ ئۆيىگە كەلگەن، كەچ سائەت 11 لەردە ئابدۇللا قاسىم تۇردى قارىنى ھاكىم سىدىق قارىھاجىمنىڭ ئۆيىنى كۆزىتىشكە بۇيرىغان، ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ئابدۇللا قاسىم بىلەن مەمەت ئابدۇللا ھاكىم سىدىق قارىھاجىمنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋالغان، ھاكىم سىدىق قارىھاجىم ئايدىن چىقىشىغا، ئۇلار ئۆگزىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنى ئۆلتۈرگەن، ئارقىدىن يەنە مەريەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يۈسۈپ ئەخمەت، ئابلەت قاسىمنى چاقىرىپ شايار ناھىيىسىگە قاچقان. بۇ تۆت زوراۋان شايار ناھىيىسىگە قېچىپ بارغاندىن كېيىن داۋاملىق دېلو سادىر قىلغان. 3-ئاينىڭ 24-كۈنى، ئۇلار ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، شايار ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى رەھمۇتۇللا قارىھاجىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭ قېيىنئاتىسي، ئايالىنى باغلاپ 15 مىڭ يۈەن نەق پۇلنى بۇلاپ كەتكەن ھەمدە دېلو مەلۇم قىلمايسەن دەپ تەھدىت سالغان. 3-ئاينىڭ 27-كۈنى كەچتە ئۇلار يەنە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنىڭ ئۆيىدىن ئالتە مىڭ 900 يۈەن نەق پۇل ۋە بەزى ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى بۇلاپ كەتكەن. 4-ئاينىڭ 11-كۈنى شايار ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەرىپىدىن تۇتۇلغان. ھازىرغا قەدەر ھاكىم سىدىق قارى

هاجىمنىڭ ئۆلتۈرگەن قاتىلللاردىن قېچىپ يۈرگەن يۈسۈپ ئەخمەتتىن باشقا ھەممىسى تۇتۇلغان.

"29-ئاپرېل" ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، كۇچا ناھىيىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ۋە ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى تېزدىن قابىل ساقچىلارنى نەق مەيدانغا ئەۋەتىپ ئەتراپلىق رازۋېدكا قىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھاكىمىيەت رەھبەرلىرى بۇ دېلوغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، بارلىق كۈچنى ئىشقا سېلىپ دېلونى تېزدىن پاش قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. 5-ئاينىڭ 1-كۈنى كەچتە، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى ئىگىلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن دەرھال جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرى، خەلق ئەسكەرلىرىنى جىنايەتچىنى قوغلاپ تۇتۇشقا تەشكىللىدى. ھاشىم ئابلا قاتارلىق توققۇز جىنايەتچى دىكتاتۇرىمىزنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، چۆچۈپ كەتكەن قۇشقاشتەك شۇ كۈنى كېچىدە ئالدىراپ-تېنەپ قېچىپ كەتكەن. ئۇلار ئۇچىسىغا بىردەك بوغماق چاپان، پۇتىغا ھەربىيچە چوخەي كىيىپ، تەييارلانغان پارتىلىتىش قوراللىرىنى ھەمدە تاپانچا، پىچاق، پالتا قاتارلىق قاتىللىق قوراللارنى ئېلىپ، ناھىيە بازىرىغا بېرىپ تېخىمۇ زور تېررورلۇق ھەرىكىتىنى قوزغاش سۈيقەستىدە بولغان. ئۇلار مېڭىپ بېھشباغ ئەترابىغا كەلگەندە پارتىلىتىش قوراللىرىنى ئۆزلىكىدىن پارتىلاپ كېتىپ ئۈچ جىنايەتچى شۇ جايدىلا پارتىلاپ ئۆلگەن، باشقا جىنايەتچىلەر يارىلانغان. ئاقتۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىۋاتقان جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر - جەڭچىلىرى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن چاقماق تېزلىكىدە نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، جىنايەتچىلەرنى قاتمۇ-قات قورشىۋالدى. ساقچىلىرىمىز سىياسىي ھۇجۇم قوزغاپ، جىنايەتچىلەرنى قورالنى تاشلاپ تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى، بۇ تەلۋە زوراۋانلار پەرۋا قىلماي، جامائەت

خەۋپسىزلىكى خادىملىرىمىزغا توختىماي ئوق چىقاردى، بۇنىڭ بىلەن دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا كەسكىن جەڭ بولدى، بۇ ۋاقىتتا، يەنە ئىككى زوراۋان ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ پارتلاتقۇچنى پارتلاتقاچقا تۆت جىنايەتچى نەق مەيداندا ئۆلدى، جىنايەتچى ھاشىم ئابلا ئۆزلىرى ياسىۋالغان بومبىنى ئېتىپ جىپ ماشىنىمىزدىن بىرنى پاچاقلىۋەتكەندىن كېيىن، تۇن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ساقچىلارنىڭ "تويوتا" ماركىلىق دالا ئاپتوموبىلىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئۇنى پارتلىتىۋەتتى، ئۆزىمۇ ماشىنا ئىچىدە پارتلاپ ئۆلدى. يەنە بىر جىنايەتچى پارتلاتقۇچنى پارتلىتىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىمىزنى زەخىملەندۈرمەكچى بولغاندا، جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىمىز تەرىپىدىن نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، بىزدىن بىرەرمۇ ئادەم يارىلانمىدى.

ئېنىقلىشىمىزچە، "29-ئاپرېل" بىر يۈرۈش قاتىللىق دېلوسىدىكى سەككىز جىنايەتچىنىڭ ھەممىسى تايانچ ئەزا ياسىن ئابلا تەشكىللىگەن زوراۋانلىق-تېرروزلۇق تەلىم-تەربىيىسىگە قاتناشقان ئىكەن. بۇ زوراۋان، تېرروزچىلارغا ئۆلۈم ئازلىق قىلىدۇ، جەڭگە قاتناشقان كادىر-ساقچىلار بۇ قېتىمقى جەڭدە زور نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈپ، زوراۋان، جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلەندى.

"29-ئاپرېل" ۋەقەسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەگىشىپ ئىنقىلاب قىلغان پېشقەدەم نەمۇنىچى، پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى، پېشقەدەم كادىرلارنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئاق تېرروزلۇق پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ، تىنچ ت ئىتتىپاقلىقتا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇندى. بىراق كۈچلۈك خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ئالدىدا ئۇلار

شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، كەڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى دۈشمەننىڭ ئەكسىيەتچىل ھەيۋىسىدىن قورقۇپ قالمايدۇ، ئۇلار تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىنقىلابىي قەھرىمانلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەگىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا مېڭىپ، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشقۇسى.

11. قەشقەردە يۈز بەرگەن "12 ـ ماي" قاتىللىق دېلوسىنى پاش قىلىش

1996ـ يىل 5ـ ئاينىڭ 12ـ كۈنى سەھەردە، قەدىمىي شەھەر قەشقەر ئاھالىسى تېخى ئۇيقۇدا ئىدى. 74 ياشقا كىرىپ قالغان ھارۇنخان ھاجىم ھېيتكا مەسچىتىدە ئىماملىق قىلىش ئۈچۈن ئوغلىنىڭ ھەمراھلىقىدا بالدۇرلا ئۆيدىن چىقتى. ئوغلى ئادىتى بويىچە بوۋاينى ۋېلسىپىتكە ئولتۇرغۇزۇپ، تەخمىنەن 40 نەچچە مېتىر ماڭغاندا، تۇيۇقسىز پىچاق كۆتۈرۈۋالغان ئۈچ زوراۋان ئېتىلىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ياۋۇزلۇق بىلەن كەينى ـ كەينىدىن بوۋاينىڭ 20 نەچچە يېرىگە پىچاق تىقتى. ئوغلى كۈچىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ، ياشىنىپ قالغان دادىسىنى قوغدىدى. زوراۋانلار ئۇنىڭمۇ ئون نەچچە يېرىگە پىچاق تىقتى. ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن لەختە ـ لەختە قان ئىچىدە يىقىلىپ ياتتى. قاتىللار جىنايەتتىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى.

ھارۇنخان ھاجىم قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، ھېيتكا مەسچىتىنىڭ ئىمامى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، ھارۇنخان ھاجىمنىڭ قەستكە ئۇچرىغانلىقى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ

www.uyghurweb.net

يۈكسەك دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى، ئۇلار دەرھال مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان داۋالاش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ھارۇنخان ھاجىمنى قۇتقۇزۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى دەرھال كۈچلۈك قوشۇن تەشكىللەپ جەڭگە ئاتلاندى، يېرىم ئايدىن كۆپرەك ئۇدا جەڭ قىلىپ، دېلونى ئاخىرى پاش قىلدى. نۇرمەمەت، سەيپۇللا ۋە ئابدۇللادىن ئىبارەت ئۈچ جىنايەت گۇماندارى قولغا ئېلىندى. ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە دوختۇر، سېستىرالارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى ئاستىدا، ھارۇنخان ھاجىم بىلەن ئوغلىنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى. مىللىي بۆلگۈنچىلەر سۇيىقەست بىلەن پىلانلىغان، زەھەر خەندىلىك بىلەن تۈغدۇرغان "12 ـ ماي" قاتىللىق ھەرىكىتى ئۈزۈل ـ كېسىل مەغلۇپ بولدى. لېكىن، ئۇ كىشىلەرگە ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان بىر قاتار مەسىلىلەرنى قالدۇردى.

(1)   ھارۇنخان ھاجىمنى نېمە ئۈچۈن قەستلەيدۇ

مىللىي بۆلۈنچىلەرنىڭ قەشقەردە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇلار دائىم تىن تونىغا ئورىنىۋېلىپ، "غازات" بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنغا بولغان ساددا ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، ھەممە يەردە كۆز بوياپچىلىق قىلىپ، دىنىي بىلىمى كەمچىل، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان بەزى ئاممىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن گۇپپاڭچىلىق قىلىشقا قايمۇقتۇردى ۋە مەجبۇرلىدى. بۇنداق كەسكىن پەيتتە، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار بەس ـ بەستە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇشتەك رەزىل ئەپتى ـ بەشىرىسىنى پاش قىلدى. شۇڭا، مىللىي

www.uyghurweb.net

بۆلگۈنچىلەر ۋەتەنپەرۋەرلىك دىنىي زاتلارغا زەھەرخەندىلىك بىلەن "مىللىي مۇناپىق" دېگەن قالپاقنى كەيدۈرۈپ، ئۇلارنى كۆزگە قادالغان مىخ، تاپانغا سانجىلغان تىكەن دەپ قاراپ، تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئۇلارغا قەست قىلدى. 1996-يىل 3-ئاينىڭ 22-كۈنى، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر توقسۇ ناھىيىسىدە ناھىيىلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ھاكىم سىدىق قارىھاجىمنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن جىنايەت قارا قولىنى ھارۇنخان ھاجىمغا ئۇزاتتى.

ھارۇنخان ھاجىم دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇنىڭ دادىسى ۋە بوۋىسى جۇڭگو-چەت ئەلدە نامى بار ئىسلام ئۆلىماسى ۋە دىنىي كەسپىي خادىم بولۇپ، دىنىي ساھەدە ئابرويلۇق، تەسىرى چوڭ كىشىلەر ئىدى. ئۇ كىچىككىدىن تارتىپ دىندار ئائىلىدە تەربىيە ئېلىپ، دىنىي كىتابلارنى قېتىرقىنىپ ئوقۇغاچقا، دىنىي بىلىمى چوڭقۇر بولۇپ، قەشقەردىكى ئەڭ داڭلىق ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ ئىزچىل تۈردە دىنىي ئەقىدە ۋە دىنىي قانۇن - قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىپ كەلدى، ئۇ ئادىل، ئاق كۆڭۈل ئىدى، دىنىي ساھەدە ئابرويى يۇقىرى ئىدى، قانۇن-ئىنتىزامغا ئەمەل قىلاتتى، دىنىي زىشلارغا باش قاتۇراتتى، ئۇ ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان دىنىي كەسپىي خادىم ۋە پېشىۋا ئىدى، ئۇ 17 يېشىدا ئىمام بولغان، 50 يىلدىن بېرى ئىزچىل تۈردە قۇرئان، ھەدىستىكى تەلىملەر بويىچە ئىش تۇتۇپ كەلدى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئىزچىل تۈردە دىن بىلەن سىياسەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئاللاغا، پەيغەمبىرىگە ۋە ھۆكۈمەتكە ئىتائەت قىلىشتەك ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، باشتىن-ئاخىر ئۆزىنىڭ ھەر خىل دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئىلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇن-نىزاملىرى ۋە سىياسەتلىرى يول قويغان دائىرە ئىچىدە ئېلىپ باردى. 1986-يىلى، ئۇ جوڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج ئۆمىكىگە قاتناشتى، شۇ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر

داۋامەت بىلەن بىرگە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە زىيارەتكە چىقتى ھەمدە ئەرەب تىلى تەرجىمانى بولدى. چەت ئەلدە ئۇ دىپلوماتىيەئىنتىزامىغا رىئايە قىلىپ، ۋەتەننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداپ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ۋە ئىلىمىزنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى زاكتىپ تەشۋىق قىلدى، ئىپادىسى ناھايىتى ياخشى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مول ھەم چوڭقۇر بىنىي بىلىمى، ئالىيجاناب پەزىلىتى، ئىخلاسمەن ئېتىقادى بىلەن ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، زىيارەتكە چىقىش ۋەزىپىسىنى ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى. ئۇ ھەر بىر قېتىم تەپسىر قىلغاندا، مول دىنىي بىلىمى ۋە ئۆز كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق كىشىلەرگە ياخشى ئىشلارنى قىلىش، ناشايان ئىشلارنى قىلماسلىق توغرىسىدا تەلىم بېرىپ، كەڭ دىن مۇخلىسلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

مىللىي بۆلگۈنچىلەر دىندىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن دىنىي زاتلارنى ئۆز يېنىغا تارتتى، ھارۇنخان ھاجىم ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى ئىدى، لېكىن ھارۇنخان ھاجىم ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان، كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرى كۆپ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات بولغاچقا، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى، ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشمىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ھاقارەتلەش، ئىغۋا تارقىتىپ زىيان يەتكۈزۈش، نامسىز خەت يېزىش، قورقۇتۇش قاتارلىق پەس، رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ھارۇنخان ھاجىمنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىۋى ئارىسىدىكى ئورنىنى تەۋرەتمەكچى بولدى. ھارۇنخان ھاجىم قورقماي، ئالدانماي، ئۆزىنىڭ خەۋپخەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، مەيدانى مۇستەھكەم ھالدا ئۇلارغا قارشى تىغمۇ تىغ كۈرەش قىلدى. ئۇ تەپسىر ئېيتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پارتىيىنىڭ بىنىي سىياسىتىنى مەردانىلىق بىلەن تەشۋىق قىلدى. يېڭى جەمئىيەت بىلەن كونا جەمئىيەتنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، كەڭ دىن

www.uyghurweb.net

مۇخلىسلىرى ئارىسىدا كومپارتىيىنىڭ ياخشىلىقىنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى، دىنىنى سۆيۈش ئۈچۈن ۋەتەننى سۆيۈشكېرەكلىكىنى سۆزلىدى. ئۇ خەنزۇ خەلقىنىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش يولىدا قوشقان ئاجايىپ تۆھپىلىرىنى مىسالغا ئېلىش ئارقىلىق، مىللىي بالگۈنچىلەرنىڭ "غازات"نى تەرغىپ قىلىشىدىكى جىنايى مەقسىدى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئىكەنلىكىنى پاش قىلدى. هارۇنخان هاجىمنىڭ سۆز ھەرىكىتى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ زىتىغا تەگدى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۇنى بۆلگۈنچىلىك قىلىش، مۇستەقىللىق داۋاسى قىلىشىدىكى چوڭ توسالغۇ دەپ قارىدى. ئاخىرى، ئۇلار تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشتەك رەزىلۇ ۋاستىنى قوللىنىپ، ئىش پۈتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ ئادىمىنى دەسسەتمەكچى بولدى.

هارۇنخان هاجىم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ ئىشقا قاتتىق ئەھمىيەت بەردى ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلدى، ئۇلارنى مەخسۇس ئۈرۈمچىدىكى داۋالاش شارائىتى ئەڭ ياخشى دوختۇرخانىغا ئېلىپ ەلدى، ئاپتونوم رايۇنىكى ئاتاقلىق تىببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن داۋالاشۋە وختۇر، سېستىرالارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ قارىشى ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى. 1977-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى، هارۇنخان هاجىم سىياسىي كېڭەش ئابتونوم رايۇنلۇق 7-نۆۋەتلىك كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىپ، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. 1-ئاينىڭ 30-كۈنى، جوڭگو كومىنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىرى جوڭنەنخەيدە ئۇنى سەمىيمىي قوبۇل قىلدى. 1977-يىلى 2-ئاينىڭ 9-كۈنى، ئۇ يەنە ھېيتكار مەسجىدىدە روزا ھېيت نامىزىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(2) قاتىل قانداق ئادەم؟

ھارۇنخان ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان قاتىل زادى قانداق ئادەم؟ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى يېرىم ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۇدا جەڭ قىلىپ ھەقىيقىي ئەھۋالنى ئاخىرى ئايدىڭلاشتۇردى، قاتىللارنىڭ بىرى نۇرمەمەت قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، قالغان ئىككى قاتىل ـ سەيپۇللا بىلەن ئابدۇللا قولغا ئېلىندى.

نۇرمەمەت مارالبېشى ناھىيىسى ئاۋات يېزىسىدىن بولۇپ، ئاتا-ئانىسى ئۇنى بەش يېشىدىلا بىر يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش نوقتىسىغا بىر ئۆگىنىشكە ئاپىرىپ بەرگەن، ئۇ ئون نەچچە يىللىق تالىپلىق ھاياتىدا نۇرغۇن "پانئىسلامىزم" ، "پانتۈركىزم" نىڭ ئەكسىيەتچىل ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلغان. توغرا يولدا ماڭمىغان بۇ بىكار تەلەپ كۈن بويى كىمنىڭ ئۆيىدە پۇل بارقىلىقىنى، كىمنىڭ قوي، كالا، توخۇلىرى سېمىز ئىكەنلىكىنى تىڭ-تىڭلاپ يۈرۈپ، ئۇنىڭكىنى ئوغرىلاپ، بۇنىڭكىنى بۇلاپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان. بىر قېتىم مارالبېشى ناھىيە بازىرىدا، ئۇ بىرنەچچە جىدەلخور لۈكچەكلەر بىلەن بازارغا قوي ساتقىلى كېتىۋاتقان بىر بوۋاينى ناھىيە بازىرى سىرتىغا ئالداپ ئەكىلىپ، بوۋاينىڭ قوينى تارتىۋالماقچى بولغان، بوۋاي ئۇنىمىسا، نۇرمەمەت پىچىقىنى چىقىرىپ: "بەرمىسەڭ ئۆلتۈرىۋېتىمەن" دەپ قورقۇتقان، بوۋاي نائىلاج، قاراپ تۇرۇپ مىڭ بىر جاپادا بېقىپ سەمرىتكەن قوينى نۇرمەمەتكە تارتقۇزۇپ قويغان. نۇرمەمەت 16 يېشىدا، قەشقەردىكى بىر يەرئاستى دىن ئوقۇتۇش نوقتىسىغا ئالمىشىپ دىن ئۆگەنگەن، بۇ مەزگىلدە، ئۇ بىنىي ئەقىدە ۋە دىنىي قائىدە- قانۇنىدىكى تەلەپلەر بويىچە دۇرۇس مۇسلمان بولماستىن، بەلكى تېخىمۇ بەتەرلىشىپ، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق ۋە پاھىشىۋازلىق قىلغان، كۆپ قېتىم قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى، كونا شەھەر ناھىيىسى ئەتراپىدا ۋە قەشقەر شەھىرىدە ئېقىپ يۈرۈپ

www.uyghurweb.net

ئەسكىلىك قىلىپ، بىر مۆتتەھەمگە ئايلانغان. بىر يىلى ئۇ كونا شەھەر ناھىيىسىدە ئاتالمىش بىر قانچە "ساۋاقدىشى" بىلەن ئاشپۇزۇلدا پولو يېگەن، تاماقنى يەپ بولۇپ پۇل بېرىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، دۇكاندارغا بىر نەچچە پارچە گۆش تاللاپ بېرىشنى بۇيرىغان، دۇكاندار ئامالسىز ئۇنىڭغا بويسۇنغان، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ قەشقەر شەھىرى دۇڭخۇ كۆلى باغچىسى ئەتراپىدا بىر ۋېلسىپىتنى ئوغرىلاپ، 80 يۈەنگە سېتىۋېتىپ پاھىشىۋازلىق قىلغان، ئۇنىڭ قىلمىشى دىنىي ئەقىدە ۋە دىنىي قانۇن-قائىدىلەرگە تامامەن خىلاپ، ئۇ مۇسۇلمانلاردا بولغا تېگىشلىك پەزىلەت ۋە ئادەم بولىشقا تېگىشلىك ئەخلاقنى يوقاتقاچقا، كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە قالغان. كېيىن ئۇ يەنە ئۈرۈمچىگە ئېقىپ كېلىپ، ھەرخىل يوللار ئارقىلىق بىر يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش نوقتىسىنى تېپىپ، تالىپلىق تونىغا ئورنىۋېلىپ داۋاملىق ئەسكىلىك قىلغان.

ئادەم تۈرى بىلەن، مال خىلى بىلەن دېگەن گەپ بار، بۇ يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش نوقتىسىدا، ئۇ كەچۈرمىشى ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش بولغان، ھەمتاۋاق بولىدىغان سەيپۇللا ۋە ئابدۇللا بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان، ئۇ ئىككىسىمۇ ۋنرمەمەتكە ئوخشاش جىدەلخور لۈكچەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈرۈمچىدىكى بىر ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئىلگىرى ئۇلار ئۈرۈمچىدە كۆپ قېتىم ئەسكىلىك قىلغانلىقتىن، سېسىق نامى ھەممە يەرگە پۇر كەتكەن بولۇپ، ئاما ئۇلارغا ئىچ تىرنىقىدىن ئۆچ ئىدى.

بۇ ھەمتاۋاقلار تونۇشقاندىن كېيىن، سەيپۇللا ۋە ئابدۇللانىڭ تونۇشتۇرىشى ئارقىلىق، نۇرمەمەتمۇ بۇ ئەكسىيەتچى تەشكىلاتقا قاتناشقان، ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ كاتتىبېشى نۇرمەمەت قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قەشقەردىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ، قەشقەرنىڭ ئەھۋالىنى بىر قەدەر پىششىق بىلىشتەك ئالاھىدىلىكىن پايدىلىنىپ، نۇرمەمەت قاتارلىق ئشىلەر قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تېررورلۇق قىلىشقا، بىر

تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتكەن، 1996-يىلى 2-ئايدا، بۇ ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ كاتتىبېشى نىرمەمەت، سەيپۇللا ۋە ئابدۇللابىلەن باش قوشۇشۇپ، ھەرىكەت پىلانى تۈزۈپ، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش تىزىملىكىنى تۈرغزغان. ھارۇنخان ھاجىمنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرىدىغان ئاساسلىق نىشان قىلغان. 1996-يىلى 4-ئايدا، بۇ ئۈچ ئەبلەخ ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قەشقەرگە كېلىپ، ەرھال قەشقەردىكى شېرىكلىرى بىلەن ئالاقىلاشقان ھەمدە مەخپىي ئۇۋا قۇرۇپ، ھەرىكەت لايىھىسى تۈزگەن، ھارۇنخان ھاجىمنىڭ ئۆيى ئەتراپىنىڭ يەر شەكلىنى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەت قانۇنىيىتىنى كۆپ قېتىم كۈزەتكەن، ئۈچ قاتىلنىڭ يېنىدا بىردىن كىچىك كابىرلىق تاپانچە ۋە نەچچە ئون پايدىن ئوق بار ئىدى ھەمدە ئۇلار دىلو سادىر قىلىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن بىردىن يېڭى خەنجەر سېتىۋالغان ئىدى. 5-ئاينىڭ 12-كۈنى تاڭ سەھەردە ئۇلار ئاھىرى كىشىنى چۆچىتىدىغان، پۈتۈن شىنجاڭنى زىلزىلىگە سالغان بۇ قاتىللىق دىلوسىنى سادىر قىلدى. بۇ ئۈچ قاتىل دىلو سادىر قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئالاقىلاشقۇچىلىرى بىلەن قەشقەر يېڭى شەھەر، كونا شەھەر، يېڭىسار ئاھالىلىرىگە يوشۇرۇنىۋالدى. جىنايەتچىلەر 5-ئاينىڭ 27-كەنى يېڭىشەھەر ناھىيىسى ئارال يېزىسىدىكى ساسلىقتا قولغا چۈشۈپ، خەلق دېموكراتسىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ قانۇن تورىدىن قېچىپ قۇتلالمىدى.

(3) كىم ئاسماندا تور، يەردە قاپقان قۇردى.

"12-ماي" دېلوسىنى سادىر قىلغان قاتىلنى تۇتۇش ئۈچۈن، قەشقەر ۋە ئەتراپىدىكى ناھىيە بازىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى غەزەپكە كېلىپ، ئاسماندا تور، يەردە قاپقان قۇردى. 5-ئاينىڭ 25-كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى بىرنەچچە جىنايەتچىنىڭ

يېڭىسار ناھىيىسىگە قېچىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى ۋە ھەرمىللەت ئاممىسى تىزدىن كەڭ كۆلەمدىكى ئاقتۇرۇپ تۇتۇش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى. 5-ئاينىڭ 27-كۈنى چۈشتە، ئۈچ قاتىل يېڭىشەھەر ناھىيىسى ئارال يېزىسىغا قېچىپ كەلدى. ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا چىدىمىغان نۇرمەمەت بىلەن سەيپۇللا بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە نان ۋە سۇ سوراپ كىردى. كۆپ يىللىق پارتىيىلىك ستاژىغا ئىگە بۇ دېھقان بۇ ئىككى ئەبلەخنىڭ ھەرىكىتىنىڭ گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى سېزىپ قېلىپ، ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، دەرھال، كەنت، ئاھالە گورۇپپىسى كادىرلىرىغا ەھۋالنى مەلۇم قىلدى ھەمدە بىر نەچچە دېھقاننى تەشكىللەپ نۇرمەمەت بىلەن سەيپۇللانىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كەلدى، كەنت كادىرلىرى بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى سۈرۈشتۈردى، بىر تەرەپتىن يېزىلىق ساقچىخانىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. يېزىلىق ساقچىخانا ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ساقچىخانىنىڭ باشلىقى دەرھال ماشىنىلىق بېرىپ چارىدا تۇرىۋاتقان ساڭچىخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە بىر خەلق ساقچىسىنى ئېلىپ تىزدىن 8-كەنتكە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا كەنت دوقمۇشىغا 40، 50 ئادەم ئولىشىۋالغانىدى، ساقچىخانىنىڭ باشلىقى ساقچىلارنى باشلاپ ئىشخانىغا كىرگەندە، بوغالتىر بىر ئۈستەلدە ھېسابات قىلىۋاتاتتى، يەنە بىر ئۈستەلدە ئىككى ياش ئادەم ئولتۇرۇپ نان يەپ چاي ئىچىۋاتاتتى، ساقچىلار ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ كىملىك نامىسى بىلەن پىچىقىنى تاپشۇرۇشنى بۇيرىدى، ب1 ئىككى ئادەم كەينى كەينىدىن پىچىقى ۋە يالغان كىملىك نامىسىنى تاپشۇرۇپ بەردى، تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق ، ساقچىلار بۇ ئىككى ئادەمنىڭ دەل تۇتۇش بۇيرىقى چىقىرىلغان ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ۋەتەنپەرۋەر

دىنىي زات ھارۇنخان ھاجىمنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىگەن قاتىل نۇرمەمەت بىلەن سەيپۇللا ئىككەيلەنىڭنى جەزملەشتۈردى. ساقچىلار تىزدىن كويزىنى چىقىرىپ ئىتتىلىپ بىرىپ نۇرمەمەتنىڭ بوينى ۋە ئوڭ قولىنى سول بىلىكى بىلەن قاتتىق بىسىپ سول قولىغا كويزا يالدى، جىنايەتچى نۇرمەمەت بويسۇنماي ھودۇققان ھالدا "سەيپۇللا قۇتقۇز" دەپ ۋارقىراش بىلەن تەڭ، سل يېنىدىن تاپانچىنى چىقىرىپ ئوڭ تەرەپتىن كەينىگە قاراپ بىر پاي ئوق ئاتتى، ساقچىخانىنىڭ باشلىقى ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ نۇرمەمەتنى ئارقا تەرەپتىن قۇچاقلىۋالدى، نۇرمەمەت تىركىشىپ يەنە ئىككى پاي ئوق ئاتتى، ئىككى ساقچى ئىغىر يارىلانغان بولسىمۇ، قاتىللار بىلەن داۋاملىق ئېلىشتى، ساقچىخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابلىمىت ئىغىر يارىلىنىپ قانسىراپ كەتكەنلىكتىن ، باتۇرلارچە قۇربان بولدى، قاتىل قېچىپ كەتتى.

شۇ جايدىكى ئامما قاتىلنىڭ كەنتتە پەيدا بولغانلىقىدىن ھەمدە يەنە ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كىيىن، ھەممىسى قاتتىق غەزەپلىنىپ، بەس-بەستە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى تاشلاپ، بەزىلىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلى، بەزىلىرى توخماق، كەتمەنلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ قاتىلنى قوغلاپ تۇتۇشقا قاتناشتى، بىر دېھقان ئۆزىنىڭ تاكسىسىنى ھەيدەپ شۇ كەنتنىڭ ئامانلىق قوغدىغۇچىسى بىلەن بىرگەئەپ ئاۋۋال قاتىللار قېچىپ كەتكەن نىشانغا قاراپ قوغلىدى، ماشىنا ساسلىققا كەلگەندە، يول ئۈزۈلۈپ قالدى. ئىككەيلەن ماشىنىدىن چۈشۈپ يۈگۈرۈپ قوغلىدى. بىرەيلەننىڭ ئايىغى چۈشۈپ قالغاچقا، قاتتىق شىغىل تاشلار پۇتىغا كىرىپ كىتىپ، پۇتلىرى قانغا بويىلىپ كەتتى، ئۇلار ئاغرىقنى ئۇنتۇپ داۋاملىق قوغلىدى، ئىككى پادىچى بالا ئۇلارغا قاتىلنىڭ پادىلار ئارىسىغا يوشۇرىنىۋالغانلىقىنى ئىيتىپ بەردى، ئىككى دېھقان بالىلارنى دەرھال كەنتكە بېرىپ خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئۆزلىرى تىزدىن قاتىللار يوشۇرىنىۋالغان پادىلارنى

قورشاپ، ئاخىرى ئىككى قاتىلنىڭ كۆلەڭگىسىنى بايقىدى، ئۇلار قاتىللارغا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن " تەسلى بول" دەپ تووۋلىدى، جىنىدىن تويغان ئىككى قاتىل ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ: "بىز هارۇنخانغا پىچاق تىقتۇق، يەنە ئىككى ساقچىنى ئۆلتۈردۇق، سەنلەر نېمىتىڭ، كۆزىمىزدىن يوقىلىش، بولمىسا پۈتۈن ئائىلەڭدىكىلەرنى ئۆلتۈرىۋېتىمىز" دېدى. جىنايەتچىلەر بىر تەرەپتىن قېچىپ، بىر تەرەپتىن ئۇلارغا ئوق ئاتتى، قورۇق قول ئىككى دېهقان جامائەت خەۋپسىزلىكى ، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىنىڭ ئىز قوغلاپ كېلىشىگە بىشارەت بېرىش مەقسىتىدە قىلچە قورقماستىن ئەقلىنى ئىشلىتىپ ، بىر تەرەپتىن قوغلاپ، بىر تەرەپتىن ۋارقىرىدى، تەوپىلاڭچىلار ماڭسا ئۇلارمۇ ئەگىشىپ ماڭدى، توپىلاڭچىلار يۈگۈرسە ئۇلارمۇ بىر تەرەپتىن يۈگۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ۋارقىرىدى، ئۈچ سازەتتىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئىككى باتۇر دېهقان چۆللۈكتە 20 نەچچە كېلومېتىر قوغلاپ ماڭدى، ئاخىرى هېرىپ هالىدىن كەتكەن توپىلاڭچىلار قاچىدىغان يول قالماي، يېڭىسار ناهىيىسى بىلەن كونىشەهەر ناهىيىسى تۇتىشىدىغان چۆللۈكتىكى بىر شورتاڭلىققا يوشۇرۇنىۋالدى.

ئىككى دېهقان قوغلاپ تۇتۇش هەرىكىتىدە غەلىبە قازاندى، خەۋەر تاپقان جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئاقتۇرۇپ تۇتۇش قوشۇنى تىزدىن تەرەپ تەرەپتىن قورشاپ كەلدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوراللىق ساقچى جەڭچىلىرىۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ شورتاڭلىققا يېتىپ كەلگىچە ئىككى ئەقىللىق، باتۇر دېهقان شورتاڭلىقنىڭ يېنىدا يېتىپ تۇرۇپ، تاياقنى مىلتىق قىلىپ، توپىلاڭچىلارنى قارىغا ئېلىپ، توختىماستىن ئوق ئاۋازىغا ئوخشىتىپ: "پاڭ، پاڭ" ەپ تووۋلاپ تۇردى، ئىككى توپىلاڭچى هۇركۈپ كەتكەن قىشقا ئوخشاش قورقۇپ شورتاڭلىقنىڭ ئەوتتۇرىسىغا بېرىۋېلىپ، شور سۇغا چىلىنىپ بېشىنى چىقىرىپ تۇردى.

تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن قوغلاپ تۇتۇش قوشۇنلىرى شورتاڭلىقتا يىغىلدى، كۆپتىكى تاشپىقىدەك قېچىپ قۇتۇلالمىغان ئىككى توپىلاڭچى داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىمىزگە توختىماي ئوق ئاتتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى دەرھال ئوق چىقىرىپ قايتۇرما زەربە بېرىپ، نۇرمەمەتنى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈردى، سەيپۇللانى قولغا چۈشۈردى، يەنە بىر جىنايەتچى ئابدۇللا قېچىپ كەتتى.

"12-ماي" قاتىللىق دېلوسىدىكىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش ھەرىكىتىدە ، يېڭىسار ۋە يېڭىشەھەر  ناھىيىسىدىكى نەچچە ئون مىڭ ئامما، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىكىدىن ھەيۋەتلىك قوغلاپ تۇتۇش قوشۇنى تەشكىللەندى، ياپچان يېزىسى 14-كەنتتىكى دېھقانلار قاتىلنىڭ ئورمانلىقتا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، پۈتكۈل ئورمانلىقنى قورشىۋالدى، يېڭىيەر يېزىسىدىكى موتۇتسىكلىتى بار 18 دېھقان ئۆزلىكىدىن كوتۇتسىكلىتلىق ئاقتۇرۇپ تۇتۇش ئەترىتى بولۇپ تەشكىللەندى، بەزى دېھقانلار ئات، ئېشەكلىرىنى ھارۋىغا قېتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىنىڭ ئىشلىتىشىگە بەردى. كەنتتىكى بوۋايلار، ئاياللار ئوبدان چاي دەملەپ، قوي سويۇپ، توخۇ ئۆلتۈرۈپ پولو ئېتىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىدىن ھال سورىدى. دېھقانلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرى، قوراللىق ساقچى قىسمىنى يېپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىدى، ئۇلارغا يول باشلامچى بولدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرى، قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ تور يېيىش، قورشاش ئىشلىرىنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى، بىر ساقچى ماشىنىسى يېرىدىكى چىغىر يولغا پېتىپ قېلىپ، ساقچىلار ماشىنىدىن ۋشۇپ بولغىچە، بىر توپ دېھقان كېلىپ ئىتتىرىشىپ، كۆتۈرۈشۈپ، نەچچە مىنۇتتىلا ماشىنىنى چىقىرىپ

بەردى، قوشقور ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى تەسىرلەنگەن ھالدا: " ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋال تولىمۇ داغدۇغىلىق، بەك تەسىرلىك بولۇپ، ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە پۇقرالار ئالدىنقى سەپكە ياردەم بەرگەن ئەھۋالغا ھەقىقەتەن ئوخشاپ قالدى" دېدى.
خەلق - ھەقىقىي پولات ئىستىھكام ۋە قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان توردۇر.

12. غۇلجىدىكى "5-فېۋرال" ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىنىڭ تىنجىتىلىشى

1997-يىلدىكى باھار بايرىمى بىلەن روزا ھېيت بىرلا ۋاقىتتا كەلدى. شىنجاڭنىڭ غەربىگە جايلاشقان چېگرا شەھىرى غۇلجا قاينام تاشقىنلىققا چۆمۈپ، شاد-خورام بايرام تۈسىگە كىردى. غۇلجىدىكى ھەر مىللەت خەلقى خوشال ھالدا ھېيت تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان، ھويلا ئاراملىرىنى تازىلاپ، قۇتلۇق ھېيتنى كۈتىۋېلىۋاتقان پەيتتە، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر دىن تونىغا ئورىنىۋېلىپ، تەشكىللىك، پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا ۋەتەننى پارچىلاش مەقسىتىدىكى ئېغىر ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىنى تۇغدۇردى.

(1) چېگرا شەھەر غۇلجىدا يۈز بەرگەن زوراۋانلىق

ۋەتەننى پارچىلاش مەقسىتىدىكى ئېغىر ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىنىڭ چېگرا شەھەر غۇلجىدا يۈز بېرىشى تاسادىپىي بولغان ئىش بولماستىن، بەلكى ئۇزۇندىن بۇيان پىلانلانغان سۇيىقەست. 1995-يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى رايون ھالقىغان مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلات "شەرقى تۈركىستان ئىسلام

www.uyghurweb.net

ئاللاھ پارتىيىسى" نىڭ كاتتىبېشى پەيزۇللا ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم ئاساسلىق تايانچىلىرى كۆپ قېتىم ئىلىدا ھەرىكەت ئېلىپ باردى ھەمدە ئۆزىنىڭ 20 نەچچە جەنۇبى شىنجاڭلىق ئەزاسىنى تەپسىر قىلىش نامى بىلەن ئىلىغا بېرىپ ئاتالمىش "غازات" تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلىش، ئەزا قوبۇل قىلىش ۋە تەشكىلات قۇرۇشقا ئەۋەتتى. 1996-يىلى1-ئايدا، "ئاللاھ پارتىيىسى" نىڭ كاتتىبېشى يەنە غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ بەزى كەنتلىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ، يەر ئاستى مەشق نوقتىلىرىنى قۇرۇپ، تايانچ ئەزالىرىنى يېپىق ھالەتتە مەشق قىلدۇردى. 1977-يىلى 1-ئايدىن 2-ئاينىڭ بېشىغىچە، بۇ ئەكسىيەتچى تەشكىلات 20 نەچچە تايانچنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ناھىيە، شەھەرلىرىدە مەخپىي ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتىپ، رامىزاننىڭ 27-كۈنى (2-ئاينىڭ 5-كۈنى) غۇلجا شەھىرىدە كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىشنى بەلگىلىدى، ئابۇدخېلىل، ئابدۇمىجىت قاتارلىق تايانچ ئۇنسۇرلار: "بىز كوچىغا چىقىپ دىنىنى ئاشكارا تەشۋىق قىلىمىز، بىز ئۈچۈن مۇۋەپپىقىيەتمۇ، مەغلۇبىيەتمۇ غەلىبە ھېسابلىنىدۇ، ھەممىمىز جەننەتكە كىرىمىز، تۈرمىگە كىرىپ قالساقمۇ ئاللاھ بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، سىرتتىكىلەر ئىشنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ" دەپ جار سالدى. 2-ئاينىڭ 4-كۈنى ئابدۇمىجىت ھەرقايسى ناھىيىلەردىن كەلگەن قاتناشقۇچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ، نامايىشتا كۆتۈرۈپ چىقىدىغان لوزۇنكىلارنىڭ مەزمۇنىنى ئاغزاكى ئېيتىپ بېرىپ، ئاخىرىدا 2-ئاينىڭ 5-كۈنى نامايىشچىلار يىغىلىدىغان ۋاقىت، ئورۇن ۋە نامايىش لىنىيىسىنى بېكىتتى.

2-ئاينىڭ 5-كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى 10دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، نەچچە يۈز ئۇيغۇر ياش ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان ئىككى لوزۇنكىنى كۆتۈرۈپ كوچىغا چىقتى، بۇ ئىككى لوزۇنكىنىڭ بىرىگە "بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم" دەپ يېزىلغان، يەنە بىرىگە "قۇرئاننى قورال قىلىپ كاپىرلارغا قارشى قەتئىي كۆرەش قىلايلى" دەپ

www.uyghurweb.net

يېزىلغان، ئۇلار ئالدى بىلەن غالىبىيەت يولىدىكى تەشلەپكە بازىرىغا يىغىلىپ، ئاندىن قىزىل بايراق يولى، ستالىن كوچىسى، ئازاد يولىنى بويلاپ قانۇنسىز نامايىش قىلدى. كۆك تۇۋرۇككە يېتىپ بارغاندا، ئادەم سانى 300 دىن ئاشتى، ئۇلار يول بويى "باج تاپشۇرمايمىز"، "هۆكۈمەتنىڭ نەرسىسىنى كېرەك قىلمايمىز" دېگەندەك شۇئارلارنى توۋلاپ ماڭدى. سائەت 12 بولغاندا تەخمىنەن مىڭدىن ئارتۇقراق ئادەم شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئالدىغا يىغىلىپ، "لائىلاهە ئىللەللاهۇ مۇهەممەدۇن رەسۇلىللا" دەپ يېزىلغان يەنە بىر لوزۇنكىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، شەهەر رايوندا داۋاملىق قانۇنسىز نامايىش قىلدى، ئاشكارا هالدا:"ئىسلام دالىتى قۇرىمىز"، "خەنزۇلارنى قوغلاپ چىقىرايلى"دېگەنگە ئوخشاش ئەكسىيەتچىل شۇئارلارنى توۋلىدى. تەخمىنەن سائەت 13 بولغاندا، نەچچە يۈز ئادەم ئىلى ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى، شەهەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، ئاممىۋى كىنوخانا ۋە قىزىلبايراق سودا سارىيى قاتارلىق جايلارنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ، ۋەقە چىقىرىش پۇرسىتى ئىزدەپ ئەكسىيەتچىل شۇئارلارنى توۋلىدى. نامايىشقا ۋە جىدەل چىقىرىشقا قاتناشقان ئادەملەر تۇراقسىز بولۇپ، گاھ ئازىيىپ، گاھ كاپىيىپ، گاھ تارقىلىپ تۇردى، قايمۇقۇپ قالغان بىر مۇنچە ئاممىمۇ ئارىلىشىپ كەتتى. قايمۇققانلارغا تەربىيە قىلىش ئۈچۈن، نەق مەيداندا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى قانۇنسىز نامايىشچىلارغا تەربىيە بەرگەن، ئۇلارنى نەسىهەت قىلىپ توسۇغان بولسىمۇ، لېكىن، قوشۇن ئىچىدىكى بىر توپ زوراۋانلار توۋا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرىمىزنى بوزەك كۆرۈپ: "ئەگەر نامايىش قىلدۇرمىساڭلار ئادەم ئۇرىمىز، ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى ئۇرىمىز" دەپ تەلۋىلەرچە جار سالدى. ۋەقە تېز جىددىيلەشتى، زوراۋانلار تاياق ـ توقماق، پىچاق، خىش، تاش پارچىلىرىنى ئېلىپ، نەق مەيداندا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرىغا هۇجۇم قىلىپ،12 ساقچىنى

www.uyghurweb.net

ئۇرۇپ يارىلاندۇردى، ساقچى ماشىنىسى، موتوتسىكىلىتتىن تۆتنى پاچاقلىۋەتتى، يەنە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان باشقا ئاپتوموبىللارنى چاقتى، كۆيدۈردى. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاممىنى توسۇپ ئۇردى. زوراۋانلار بىر خەنزۇ شوپۇر ھەيدەپ كېتىۋاتقان سانتانا ماركىلىق پىكاپنى ئۆرىۋەتتى، قىزىل بايراق سودا سارىيى ئالدىدىكى بىر پوجاڭزا سېتىش يايمىسىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى، بەيتۇللا مەسچىتى يېنىدا بىر مىنبوسنى چاقتى، خەنزۇ شوپۇرنى ئۇرۇپ ئېغىر يارىلاندۇردى. زوراۋانلار يەنە ئوبلاستلىق تەمىنات-سودا كوپىراتىپىنىڭ كوچا ياقىسىدىكى ئائىلىلىكلەر بىناسى، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىشخانا بىناسىنىڭ بىر قىسىم دېرىزىلىرىنى چالما، كېسەك ئېتىپ چاقتى، ئۇلارنىڭ خورىكى ناھايىتى ئۆسۈپ كەتتى. جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىمىز قوشۇننى پارچىلاش ۋە تارقىتىش، تايانچ ئۇنسۇرلارنى قولغا ئېلىش قاتارلىق مەجبۇرىي تەدبىرلەرنى قوللانغاندىن كېيىن، ۋەقە بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 22 دە تىنجىدى.

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار داۋاملىق قانۇنسىز نامايىش قىلغان، يىغىلىپ جىدەل چىقىرىشنى تەشكىللىگەندىن باشقا، تېخىمۇ غالجىرانە ھالدا ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. زوراۋانلار مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بۇزىدىغان، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغىتىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئەكسىيەتچىل شۇئارلارنى جېنىنىڭ بارىچە توۋلاپ، كۆرگەنلىكى خەنزۇ ئاممىسىنى ئۇردى، خەنزۇلار ھەيدىگەن ئاپتوموبىلنى كۆرسىلا چاقتى، كۆيدۈردى، كىم ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى توسۇسا شۇنى ئۇردى، ئۆلتۈردى، تەپ تارتماي ئادەم ئۆلتۈردى، ئوت قويدى. بىر ئوچۇم زوراۋانلار غالىبىيەت يولىدىكى كېيىم - كېچەك زاۋۇتى ئالدىدا 50 نەچچە ياشلىق بىر خەنزۇ كىشىنى تاش، توقماق بىلەن ئۇرۇپ

ئۆلتۈردى. شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى دوقمۇشىدا، زوراۋانلار ئىككى خەنزۇ ئاممىسىنى قاتتىق ئۇردى. ئۇلار ئىچىدىكى بىر كىشىنىڭ ھەممە يېرى يارىلىنىپ، شۇ مەيداندىلا جان ئۈزدى، يەنە بىر كىشى تاياق دەستىدىن ئېغىر يارىلىنىپ، ئازلا تىنىقى بىلەن قان ئىچىگە يىقىلدى. . . زوراۋانلار يەنە ئىتتىپاق ئۆتۈك زاۋۇتى ئالدىدا بىر خەنزۇ كىشىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. كىشىنى تېخىمۇ شۈركۈندۈرىدىغىنى شۇكى، زوراۋانلار ئالغا كوچىسى ئېغىزىدا بىر خەنزۇ كىشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، جەسەتنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈردى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى ئوفىتسېر - جەڭچىلىرى مەجبۇري تەدبىر قوللانغاندىن كېيىن، مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىگەن زوراۋانلار شۇ كۈنى كېچىدىن باشلاپ 9 - چىسلاغىچە، نۇرغۇن بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ كىچىك كوچىلارغا كىرىۋېلىپ، شەھەر بىلەن يېزا تۇتىشىدىغان يەرلەرگە بېرىپ ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، ئادەم ئۆلتۈرۈش بىلەن داۋاملىق شۇغۇللاندى. 7- چىسلا بىر ئوچۇم زوراۋانلار كېچىدە يېزا ئىگىلىك 4-شىسىنىڭ خىش زاۋۇتىدا بىر خەنزۇنى8 يېرىگە پىچاق تىقىپ ئېغىر يارىلاندۇردى. يەنە بىر ئوچۇم زوراۋانلار تاشكۆۋرۈك يېزىسىغا كىلىپ ئىككى ئائىلىلىك خەنزۇ دېھقاننىڭ ئۆيىدىن ئالتە ئادەمنى ئۇرۇپ ئېغىر يارىلاندۇردى.

دەسلەپكى سانلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك ئېغىر پاراكەندىچىلىك ۋەقەسىدە بىگۇناھ 198ئاممىا يارىلانغان، بۇنىڭ ئىچىدە 50 ئادەم ئېغىر يارىلانغان؛ يەتتە خەنزۇ ئاممىسى ئۆلتۈرۈلگەن؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى ئوفىتسېر-ئەسكەرلىردىن 30 ئادەم يارىلانغان، بۇنىڭ ئىچىدە 14ئادەم ئېغىر يارىلانغان؛ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان 24 ئاپتوموبىل چېقىپ بۇزىۋېتىلگەن، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاپتوموبىلدىن ئاتىسى، ساقچى ماشىنىسىدىن توققۇزى، پۇقرالارنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نومال ئىجتىمائىي

تەرتىپى ۋە شۇ جايدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ نورمال خىزمەت، تۇرمۇشتەرتىپى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى يامان تەسىر پەيدا بولغان.

(3) مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرەشنىڭ غەلبە ماشى ياڭرىتىلدى

غۇلجىدا "5-فېۋرال" ئېغىر ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى جىددىي يىغىن ئېچىپ، ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپى ۋە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە غۇلجىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتىپ، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەقەنى تىنجىتىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ياردەم بەردى. ئىلى ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى ۋە غۇلجا شەھىرى ئاساسلىق رەھبەرلەردىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە قوماندانلىق شتابى ۋە ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىنى قۇرۇپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى بىر تۇتاش تەشكىللىدى. بۇنىڭ بىلەن، بىر مەيدان توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشى، غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەتئىي ھىمايە قىلىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، ھەر تەرەپلىمە قانات يايدى.

2 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە، غۇلجا شەھىرىنىڭ باشلىقى پولات ئۆمەر، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى قۇربانجان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تېلېۋىزىيە نۇتقى ئېلان قىلىپ، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك ئېغىر پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاممىغا ئاشكارىلاپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى كۆزىنى سۈرتۈۋېتىپ، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىش، ئالدام خالتىغا چۈشمەي، بايرىقى روشەن ھالدا مەيدانىنى مۇستەھكەملەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇرۇش، ئۇرۇش،

چېقىش، بۇلاش، كۆيدۈرۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈشنى قەتئىي توسۇش كۈرىشىگە پائال ئاتلىنىشقا چاقىردى. بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى جىنايىتىنى دەرھال توختىتىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈش تەغرىسىدا ئاگاھلاندۇردى. غۇلجا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تېلېۋىزىيە، رادىئو، گېزىت ـ ژۇرنال قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق پۈتۈن شەھەر خەلقىگە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 1ـ، 2ـ، 3ـ ، 4ـنومۇرلۇق ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشنى ئېلان قىلدى ھەمدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشنى پۈتۈن شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە چاپلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ جايدىكى تېلېۋىزىيە، رادىئو، گېزىت ـ ژۇرنال قاتارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرى بۇ زوراۋانلارنىڭ ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، كۆيدۈرۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت جىنايى قىلمىشىنى ۋاقتىدا خەۋەر قىلدى. ئىلى ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى ۋە غۇلجا شەھرىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ھەر مىللەتتىن بولغان 450 نەپەر كادىرنى ئاجرىتىپ بىر نەچچە خىزمەت گۇرۇپپىسى قىلىپ تەشكىللەپ غۇلجا شەھرىدىكى مەھەللە، كوچىلار، يېزا ـ كەنتلەر ۋە ئاھالە ئولتۇرۇق نۇقتىلىرىغا بېرىپ ۋەقەنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاش، زوراۋانلارنىڭ جىنايى قىلمىشىنى پاش قىلىش، ئاممىغا تەربىيە بېرىش ۋە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ تەدبىرلەرنىڭ قوللىنىشى بىلەن، پۈتۈن شەھەردىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ۋەقەنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تېزلا بىلىۋالدى، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر ناھايىتى زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرۇلدى، توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە پۇختا ئاممىۋى ئاساس سېلىندى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك ئېغىر پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىنىڭ تەرەققىياتى تېز، ئەھۋال مۇرەككەپ بولغانلىقى، قانۇنسىز نامايىشچىلار قۇشۇنىغا مەجبۇرلانغان، قايمۇقۇپ قالغان ئامما ۋە تاماشا كۆرگەن بىر مۇنچە ئادەم ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى,

www.uyghurweb.net

زوراۋانلار جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى بىلەن قارشىلىشىشتا نىيىتىنى بۇزۇپ نۇرغۇن بىگۇناھ سەبى بالىلارنى سەپنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشى ناھايىتى قىيىن بولدى. بىگۇناھ ئاما ۋە بىلىلارنى يارىلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كادىر-ساقچىلار ئالدى بىلەن نەسىھەت قىلدى، قانۇنسىز نامايىشچىلار قوشۇنىدىكى زوراۋانلار توقماق، پىچاق، تاش بىلەن قوراللىق قارشىلىشىپ، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىگۇناھ ئاممىنى ئۇرغان، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاپتوموبىللارنى چاققان ۋە كۆيدۈرگەندىن كېيىن، قانۇنسىز نامايىشچىلار قوشۇنىنى مەجبۇري پارچىلاپ تارقاقلاشتۇردى، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللانغان بىر تۈركۈم زوراۋانلارنى قامىدى، بۇ قېتىمقى ۋەقەگە كونكرېت تەشكىللاتچىلىق ۋە قوماندانلىق قىلغان ئابدۇخېلىل بىلەن ئابدۇمىجىتنى نەق مەيداندا تۇتتى. بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر بولدى قىلماي، داۋاملىق توپلىشىپ جېدەل چىقاردى، بىر تۈركۈم زوراۋانلارنى تەشكىللەپ غۇلجا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپلا قالماستىن، بۇ قېتىمقى توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشىدە مەيدانى مۇستەھكەم بولغان ئاز سانلىق مىللەت كادىر-ساقچىلارنى كۆزگە قادالغان مىخ، تاپىنىغا سالجىلغان تىكەن كۆرۈپ، بىر ئوچۇم زوراۋانلارنى بۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىر-ساقچىلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قاتىللىق قىلىشقا ئەۋەتتى. مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن خورىكىنى بېسىش ئۈچۈن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرىمىز ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى بۇيرۇققا بىنائەن شۇ كۈندىن باشلاپ غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرى، ئاۋات بازارلىرىدا قاتناشنى چەكلەپ، بارلىق خادىملار ۋە ئاپتەمەبىللارنىڭ غۇلجا شەھىرىگە كىرىپ - چىقىشنى مەنئىي قىلدى، شەھەر رايونىدا پىيادە يۈرگەن بارلىق كىشىلەر ۋە

ئاپتوموبىللارنى تەكشۈردى، بۇنىڭ بىلەن ۋەقە بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 22 ئەتراپىدا تىنجىدى.

2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىگەن بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈچىلەر داۋاملىق توپلىشىپ ئاساسلىق كوچىلاردا قانۇنسىز نامايىش قىلغان، غەۋغا كۆتۈرۈپ جېدەل چىقارغان ھەمدە تېخىمۇ غالجىرلىشىپ ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللانغان ئەھۋالغا قارىتا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرىمىز ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەرنى پارچىلاش، بىر تۇركۇم زوراۋانلارنى نەق مەيداندا قاماش قاتارلىق مەجبۇرىي تەدبىرلەرنى كەسكىن قوللاندى. ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، كۆيدۈرۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈش بىلەن داۋاملىق شۇغۇللانغان زوراۋانلارنى ئالدى بىلەن ئوق چىقىرىپ ئاگاھلاندۇرى، ئوق چىقىرىپ ئاگاھلاندۇرۇش ئۈنۈم بەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا بىر زوراۋاننى ئېتىپ ئۆلتۈردى، بىر نەچچە زوراۋاننى يارىلاندۇردى، بۇنداق قىلىش ئارقىلىق زوراۋانلارنى ناھايىتى زور دەرىجىدە چۆچۈتۈپ، كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىكنى ئۈزۈل ـ كېسىل تىنجىتتى. لېكىن بىر بىلەن دۈشمەنلەشكەن زوراۋانلار پارچىلىنىپ خىلۋەت كوچا ۋە شەھەر بىلەن يېزا تۇتىشىدىغان يەرلەرگە بېرىۋېلىپ ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، كۆيدۈرۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللاندى. شۇڭا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرىمىز، قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر-جەڭچىلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك 4-شىسىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى بىر تەرەپتىن ئاسانلىق كوچىلارنى كېچە ـ كۈندۈز سەييارە چارلىدى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئايرودروم، تۇرۇبا سۇيى زاۋۇتى، پوچتا ـ تېلېگراف، خەۋەرلىشىش ئورۇنلىرى، ئىلى دەرياسى كۆۋرۈكنى، تېلېۋىزىيە ئىستانسى، رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق مۇھىم ئەسلىھەرلەر ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى نۇقتىلىق قوغدىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، 21 قوراللىق كىچىك تارماق ئەترەتنى تەشكىللەپ، ھەر بىر كىچىك تارماق

ئەترەتكە بىر نەچچە ئاپتوموبىل سەپلەپ بەردى، زوراۋانلار قەيەردە مالىمانچىلىق تۇغدۇرسا، كىچىك تارماق ئەترەت دەرھال شۇ يەرگە بېرىپ مالىمانچىلىقنى توسۇدى. غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى باھار بايرىمى ۋە روزا ھېيتىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ دىۋاملىق بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيىقەستىنى تار ـ تار قىلىش، چەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ كۈچلۈك قۇدرىتىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن، 2 ـ ئاينىڭ 8-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىمىنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىك 4-شىسىنىڭ قوراللانغان خەلق ئەسكەرلىرى غۇلجا شەھىرىدە زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىرلەشمە مانېۋىرى ئۆتكۈزدى. قوراللانغان تىك ئۇچار ئايروپىلانلار ئاسماندا پەرۋاز قىلدى، پۈتۈن قوراللانغان جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىمىنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك 4-شىسىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى چىققان ئاپتوموبىللار ساقچى ماشىنىسىنىڭ يول باشچىلىقىدا ئاساسلىق كوچىلاردىن ئاستا مېڭىپ ئۆتتى.

جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرىمىز، قوراللىق ساقچى قىسىمىنىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك 4 ـ شىسى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىشى ئارقىسىدا، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، كۆيدۈرۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان زوراۋانلار ئارقا ـ ئارقىدىن قانۇن تورىغا چۈشتى. 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كەچتە، جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرىمىز ئابدۇزاكىر مۆمىن باشچىلىقىدىكى بىر ئوچۇم زوراۋانلارنىڭ غۇلجا ناھىيىسى ئۈچئوت يېزىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قار، شىۋىرغانغا قارىماي ئۇلارنى تۇتقىلى باردى. ئالدىنبۇرۇنلا تەييارلىق كۆرۈپ قويغان زوراۋانلار قولىغا پىچاق، پالتا، تىشاك ئېلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، تۆت ساقچىنى يارىلاندۇردى، ئىككى

www.uyghurweb.net

ساقچىنى ئېغىر يارىلاندۇرۇپ، "54" تىپلىق تاپانچىدىن بىرنى بۇلاپ كەتتى، ساقچى ماشىنىسىدىن بىرنى كۆيدۈرىۋەتتى، يەنە جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرىغا ئوق چىقاردى، كوچىنىڭ ئۇدۇلىدا ئۆلتۈرۈشلۈق بىر خەنزۇ دېھقاننىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ، ۋەھشىيلەرچە ئۈچ ئادەمنى ئۆلتۈردى، ئىككى ئادەمنى ئېغىر يارىلاندۇردى. قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ ياردەمگە كەلگەن ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى زوراۋانلارنى تېز قورشاۋ ئىچىگە ئالدى، ئاگاھلاندۇرۇش ئۈنۈم بەرمىگەن ئەھۋالدا جاھىللىق بىلەن قارشىلاشقان زوراۋانلارنى قەتئىي باستۇرۇپ، زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىمىنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك 4-شىسى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇدا جەڭ قىلىشى ئارقىسىدا، غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تىنچ، خاتىرجەم ياشاش مۇھىتى يارىتىپ بېرىلدى. 2-ئاينىڭ 9-كۈنى يەنى باھار بايرىمىنىڭ 3-كۈنى، روزا ھېيتنىڭ1 - كۈنى سەھەردە نەچچە ئون مىڭ ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى خۇشال - خۇرام ھالدا ئۆيلىرىدىن چىقىپ تەرەپ - تەرەپتىن شەھەر رايونى ۋە يېزا، بازارلاردىكى مەسچىتلەرگە يىغىلىپ، تەرتىپلىك ھالدا روزا ھېيت نامىزىنى ئۆتىدى. نامازدىن كېيىن ھەممەيلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئارقىدىن ئۆرپ - ئادەت بويىچە تۇپراق بېشىغا بېرىپ ۋاپات بولغان ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىنىڭ روھىغا دۇئا - تىلاۋەت قىلدى.

روزا ھېيتنىڭ تىنچ ئۆتكەنلىكى غۇلجا شەھىرىدە توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكى، جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىپى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت تەرتىپى ئاساسىي جەھەتتىن نورماللاشقاندىن دېرەك بەردى.

www.uyghurweb.net

(4) ھەر مىللەت خەلقى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كەرىشىنى قەتئىي قوللىدى

غۇلجىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر غۇلجا شەھىرىدە قوزغىغان "5 ـ فېۋرال" ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىنى قەتئىي توسۇدى ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى. ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى، بەزى كىشىلەر "قۇرئان"نى چۈشەندۈرۈشنى باھانە قىلىپ، باياندىاي بازىرىدا قانۇنسىز ھالدا ئالاقە باغلىدى، بىر ئاشخانىدا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ھەدەپ ھۇجۇم قىلىپ، "خەلق يولى"، "شوپۇرلۇق كېنىشكىسى"، "توي خېتى"، "تىجارەت كېنىشكىسى"، "كىملىكنامىسى" ھارام دەپ، بۇ ئاشخانىنىڭ خوجايىنىنى بۇ گۇۋاھنامىلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئىش قىلىشقا ئۈندىدى. بۇ ئاشخانىنىڭ خوجايىنى قەتئىي رەت قىلىپ، ئۇ ئادەملەرنى تىللاپ ئاشخانىدىن قوغلاپ چىقاردى. باياندىاي بازىرى دۇكىنىدىزار كەنتى ۋە تېچاڭگۇدىكى ھەر مىللەت دېھقانلار ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتكەن ئادەملەرنى ئۆز كەنتىدىن قوغلاپ چىقاردى.

ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك ئېغىر پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ھەر مىللەت ئاممىسى ناھايىتى نەپرەتلىنىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەرخىل شەكىلدىكى سۆھبەت يىغىنلىرىغا قاتناشتى، مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت ۋە پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا بېرىپ سۆھبەتلەشتى، پوزىتسىيىسىنى بىلدۈردى، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشىنى ئەيىبلىدى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت قوللانغان تەدبىرنى قوللايدىغانلىقى، ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە تەشۋىق قىلىش، تەربىيە بېرىش خىزمىتىنى پائال تۇردە ياخشى ئىشلەيدىغانلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە

ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى تۆھپە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. غۇلجا شەھرىدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى مۇنداق دېدى: "باھار بايرىمى، روزا ھېيت ھەر مىللەت خەلقى ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى يوقلايدىغان، ئائىلىدە جەم بولىدىغان كۈن ئىدى، ئەمما بۇ بۇزۇق ئۇنسۇرلار پاراكەندىچىلىك سالدى، ئۇلار مىللىتىمىزگە ھەرگىز ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئۇلار ۋەتەننىڭ بىرلىكى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى، ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ بۇزۇق ئۇنسۇرلارنى تېز تۇتۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا تەشۋىق قىلىش، تەربىيە بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كۆپچىلىككە بۇ ۋەقەنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى بىلدۈرىمىز". ئىماملار مۇشۇنداق دېدى ھەم مۇشۇنداق قىلدى. ئۇلار ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا بۇ ۋەقەنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تەكرار ـ تەكرار چۈشەندۈردى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا نەسىھەت قىلىپ: "دۆلەتنىڭ قانۇن-نىزاملىرىغا چوقۇم ئەمەل قىلىپ، قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قەتئىي قوغداش كېرەك. جەمئىيەت تىنچ بولسا، ئاندىن ھەممىمىزنىڭ تۇرمۇشى تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ، ئاندىن نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنالايمىز" دېدى. بىر ئۇيغۇر دېھقان مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا يۈرەك سۆزىنى ئېيتىپ: "جەمئىيەت تىنچ بولسا، ئاندىن ھەممىمىز ھېيتنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزەلەيمىز. ھازىر بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ھېيتتەك بولمىدى، ئېغىزىمىزغا تاماق ئېتىمايدىغان، كۆزۈمگە ئۇيقۇ بارمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، بىز دېھقانلار تىنچ ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ بولۇشىغا ناھايىتى مۇھتاج" دېدى. باياندايدىكى ئۇيغۇر ئامما ئارقا ـ ئارقىدىن يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىغا ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كېلىپ پوزىتسىيىسىنى

www.uyghurweb.net

بىلدۈرۈپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت قوللايدىغان تەدبىرنى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ھەمدە پۈتۈن بازاردىكى ھەر مىللەت خەلقىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق ئىشلارنى قىلماسلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق گەپلەرنى دېمەسلىك تەشەببۇسنامىسىنى چىقاردى.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىنى تېز تىنجىتىشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن، غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى پائال ھەرىكەتكە كەلدى. قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان جىنايەتچىلەرنى ئارقا - ئارقىدىن پاش قىلدى، رازۋىت يىپ ئۈچلىرى بىلەن تەمىنلىدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنىڭ توردىن چۈشۈپ قالغان زوراۋانلارنى تۇتۇشىغا ياردەملەشتى. ئاممىنىڭ پاش قىلىشى بىلەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىمنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى توردىن چۈشۈپ قالغان ئابدۇزاكىر مۆمىن باشچىلىقىدىكى زوراۋانلارنى قورشاۋ ئىچىگە ئېلىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن زوراۋانلارنى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈردى، توققۇز زوراۋاننى تۇتتى. شەھەر رايونىدا ھەر مىللەت ئاممىسى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تەكشۈرۈش ئەترىتى بولۇپ تەشكىللەندى، شەھەر ئەتراپىدىكى ھەر قايسى يېزا، بازار، مەيدان ۋە شۇلارغا قاراشلىق كەنت (ئەترەت)لەرمۇ ئامانلىق ساقلاش بىرلەشمە مۇداپىئە گۇرۇپپىسىنى قۇردى، بۇ غۇلجا شەھىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىپىنى ساقلاشتا مۇھىم رول ئوينىدى. تەغراق يېزىسى قارايار كەنتىدىكى دېھقانلار پېشقەدەم كەنت پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆز كەنتىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش خىزمىتىنى پائال تۈردە ياخشى ئىشلىدى. ئۇيغۇر خەلق ئەسكەرلىرى ئاساس قىلىنغان جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش بىرلەشمە مۇداپىئە گۇرۇپپىسى كەنت ئىچى ۋە سىرتىدا كېچە - كۈندۈز سەييارە

چارلىدى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ كونا ـ يېڭى شۇجىلىرى كەنتتىكى خەنزۇ دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ تەسەللىي بېرىپ، ئۇلارغا:"سىلەر چاغاننى ئوبدان ئۆتكۈزۈڭلار، قورقماڭلار، خەلق ئەسكەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە مۇداپىئە گۇرۇپپىلىرى سىلەر ئۈچۈن پوستا تۇرىۋاتىدۇ" دېدى. خەنزۇ دېھقانلار ناھايىتى تەسىرلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ چاغان ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلىغان يېمەكلىكلىرىنى ئېلىپ ئۇيغۇر خەلق ئەسكەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە مۇداپىئە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىدىن ھال سورىدى. باياندای بازىرى دۆڭمازار كەنتىدىكى خەنزۇ دېھقانلار ئىستىخىيىلىك ھالدا ئون ئائىلە بىر قوغداش گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن، بۇ كەنتتىكى ئۇيغۇر دېھقانلارمۇ خەنزۇ ئاھالە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىنى تېپىپ قاتنىششنى تەلەپ قىلدى ھەمدە بىز تىل بىلمىز، ئۇچۇر ئىگىلىيەلەيمىز، بىزمۇ قاتناشساق ئون ئائىلىدىن تەركىب تاپقان ھەر بىر قوغداش گۇرۇپپىسىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ، دېدى.

ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىدە، زوراۋانلار شۇ جايدىكى خەنزۇ ئاھالىلەرنى كۆزلىگە قادالغان مىخ كۆرۈپ، "خەنزۇلارنى قوغلاپ چىقىرايلى" دەپ جار سېلىپ، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، كۆيدۈرۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈشتە خەنزۇ ئاممىسىنى ئاساسلىق نىشان قىلدى. لېكىن غۇلجىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەزەلدىن ئىناق ياشاپ، چېگرا رايوننى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ۋە ئورتاق قوغداشتا گۆش بىلەن ياغدەك دوستانىلىق، بار- يوقنى تەڭ كۆرۈشتەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتتى، بۇنداق دوستانىلىقنى بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەرگىز بۇزالمايدۇ. زوراۋانلار بىگۇناھ خەنزۇ ئاممىنى تەلۋىلىك بىلەن ئۇرغان چاغلاردا نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ زوراۋانلارنى ئەيىبلىدى ۋە توسۇدى، ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىلىرى

www.uyghurweb.net

زوراۋانلاردىن تاياق يەپ يارىلاندى. كەڭ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى قورقماي ئەكسىچە تېخىمۇ باتۇرلۇق بىلەن مەيدانغا چىقىپ خەنزۇ ئاممىسىنى قوغدىدى ۋە قۇتقۇزدى. 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، غۇلجا شەھەرلىك كۆكتات شىركىتىنىڭ ئىشچىسى جاڭ جۈن لەنتيەن سودا سارىيى ئالدىدا بىر ئوچۇم زوراۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. بۇ زوراۋانلار جاڭ جۈننى خىش، تاش بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ ئۇنىڭ يېنىدىكى 500 يۈەن نەق پۇلنى ۋە ۋېلسىپىتىنى بۇلاپ كەتتى. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئوچۇم ياش ئۇستى ـ بېشى قانغا بويالغان جاڭ جۈننى قۇتقۇزۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى ئائىلە قوروسىغا ئەكىرىپ يارىسىنى تاڭدى ھەم كوچىغا چىقىپ كۆزىتىپ، كوچا تىنچلانغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ قىزغىنلىق بىلەن: "ئوبدان ئىنىم، ئەمدى ئۆيۈڭگە كەتسەڭ بولىدۇ" دېدى. جاڭ جۈن قۇتقۇزۇۋېلىنغاندىن كېيىن ھاياجانلىنىپ ئائىلىسىدىكىلەرگە: "مېنى قۇتقۇزغان ئاشۇ ئۇيغۇر قېرىنداشىمغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!" دېدى. شۇ كۈنى، غۇلجا شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ خەنزۇ ئايال كادىرى لياڭ خۇاچېنمۇ بىر نەچچە ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆيىگە تىنچ ئامان بېرىۋالدى. بۇ ئىش مۇنداق بولدى: ئاساسىي قاتلامغا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى تەشۋىق قىلغىلى بارغان لياڭ خۇاچېن شەھەرگە قايتىپ كېلىۋېتىپ خۇاگوشەن كەنتى ئەتراپىغا كەلگەندە زوراۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، بىر ئۇيغۇر موماي ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆز ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويدى، يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، باشقا بىر ئائىلىلىك ئۈچ ئۇيغۇر ئاكا ـ سىڭىل ئۇنى ئۆز ئۆيىگە يۆتكەپ، ئۇنىڭغا جىددىيلەشمەڭ، قورقماڭ دەپ تەسەللىي بەردى، تاماق ئېتىپ بەردى، كوچا تىنچلانغاندا، ئاندىن لياڭ خۇاچېننى مۇھاپىزەت قىلىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى.

2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى، زوراۋانلار غالجىرلىشىپ بىگۇناھ خەنزۇ ئاممىنى

كۆرگەنلا يەردە توسۇدى ۋە ئۇردى. ۋەھشىي زوراۋانلار ئالدىدا، كەڭ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى قورقماي، خەنزۇ ئاممىنى داۋاملىق قوغدىدى ۋە قۇتقۇزدى. ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئۇيغۇر ئايال غۇلجا كوچىسىدا بىر توپ زوراۋانلارنىڭ غۇلجا شەھەرلىك باش ـ ئاياغ كىيىم زاۋۇتىنىڭ خەنزۇ ئىشچىسى فېڭ داخەينى قوغلاپ ئۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يارىلانغان فېڭ داخەينى قوغلاپ ئۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يارىلانغان فېڭ داخەينى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يۇشۇرىۋالدى، ئارقىدىن يەنە يولدىشىنى ئۇنى دەختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالاتقۇزۇپ، فېڭ داخەينى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدى. ھېيىتقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئائىلە بويىچە شەھەرگە كىرگەن تاشكۇرۇك يېزىسى 2-كەنتتىكى خەنزۇ دېھقان جاڭ فۇجۇن بىر نەچچە ئۇيغۇر ئاممىنىڭ ياردىمىدە خەتەردىن قۇتۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا جاڭ فۇجۇن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن شىنخۇا دوختۇرخانىسى ئالدىغا كەلگەندە، بىر ئوچۇم زوراۋانلار شۇ يەردە بىگۇناھ خەنزۇ ئاممىنى توسۇپ ئۇرىۋاتقان، بۇلاۋاتقان بولۇپ، ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى. بۇ چاغدا جاڭ فۇجۇننى تونۇمايدىغان ئىككى ئۇيغۇر ئاما تەشەببۇسكارلىق بىلەن جاڭ فۇجۇننى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قوشۇپ ئۆز ئۆيىگە يوشۇرىۋالدى. ئالغا كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر ئۇيغۇر موماي زوراۋانلارنىڭ كوچىدىكى قەبىھ قىلمىشىنى كۆرۈپ ناھايىتى غەزەبلىنىپ، ئۆزى بىلەن بىر قورۇدا ئولتۇرىدىغان ئالتە ئائىلىلىك خەنزۇ ئاممىسىنىڭ ئۆيىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن كىرىپ ئۇلارغا تەسەللىي بەردى. بۇ بىر نەچچە كۈندە سىرتقا چىقماسلىقنى تاپىلىدى ھەمدە ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنى ھەر كۈنى ئۇلارغا تۇرمۇشقا كېرەكلىك كۆكتات ۋە يېمەكلىك ئەكىلىپ بېرىشكە بۇيرىدى. ئۆزى ھەر كۈنى قورۇ ئالدىغا چىقىپ ئەھۋالنى كۈزەتتى، ئۇلار ئۈچۈن پوستا تۇردى. بىر ئۇيغۇر كادىر غۇلجا شەھەرلىك باش ـ ئاياغ كىيىم زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى تاياق يېگەنلىكى، يول بويىدىكى ئۆيى

كۆيدۈرۈلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال زاۋۇتقا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، ئۇنى ئورۇنلاشتۇردى، قايتىپ كېلىۋېتىپ شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ يېنىدا بىر خەنزۇ ئاممىنىڭ جەستىنى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەھۋالنى دەرھال جامائەت خەۋپسىزلىكى تارمىقىغا مەلۇم قىلدى، ئۇ شەھەرلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازلىق كومىتېتىنىڭ خەنزۇ كاسسىرىنىڭ ئوغلى زوراۋانلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، جەستىنىڭ دوختۇرخانىدا ئىكەنلىكى، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ دوختۇرخانىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن ھال سورىدى ھەمدە مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋاكالىتەن دوختۇرخانىغا بېرىپ ئاخىرەتلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلدى. شەھەر ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار شەھەردە ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى، تاشكۆرۈك يېزىسىدىكى بىر ئۇيغۇر ياش ئۆز كەنتىدىكى بىر تەنھا ۋە ئاجىز گوشۇنغۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئەكىلىپ بىللە تۇردى، ۋەقە تىنجىتىلغاندىن كېيىن ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ بوۋاينى ئۆز ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. بۇ يېزىدىكى بىر ئۇيغۇر بوۋاي ئۆز كەنتىدىكى بىر خەنزۇ دېھقاننىڭ ئۆيىدىكى ئۈچ ئادەم زوراۋانلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇلغانلىقى، يارىسىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، مەردانىلىق بىلەن ئىشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ، يارىلانغان شۇ ئۈچ ئادەمنى ھارۋىغا چىقاردى، ئۇ بىخەتەرلىكىنى كۆزلەپ كونا يوتقاننى ئۈستىگە يېپىپ، يارىدارلارنى دوختۇرخانىغا ئاپاردى. يولدا بىر توپ زوراۋانلارغا ئۇچراپ قالدى، زوراۋانلار بوۋايدىن، "ھارۋىغا نېمە باستىڭ" دەپ سورىغاندا، بوۋاي جەبدەسلىك بىلەن،"بەسەي باستىم" دەپ جاۋاب بەردى. شۇنداق قىلىپ بۇ بوۋاي ئۇلارنى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە بىخەتەر ئاپىرىپ قويدى ھەمدە يارىدارلارنى تۇغقانلىرى بىلەن بىللە دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالاتتى.

يەنە بىر ئۇيغۇر بوۋاي خېنەندىن كەلگەن خەنزۇ ئىشلەمچى ئەر - خوتۇن بىلەن قوشنا ئولتۇراتتى، بوۋاي بۇ بىر جۈپ ئەر - خوتۇنغا سەمىمىي ھالدا: "ئەنسىرىمەڭلار، بىز بار، بىز ئىككىڭلارغا ياردەم قىلىمىز، بىز بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرى - دە" دېدى.

زىمىستان كۆرمىگەن بۆلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس. ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىدە، غۇلجا شەھىرىدىكى يەتكىچە ئازار يېگەن ھەر مىللەت خەلقى خەلق پەرزەنت ئەسكەرلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى پولات ئىستىھكام، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىمىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك 4 - شىسىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى غۇلجا شەھىرىدە زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىرى ئۆتكۈزگەندە، ئون مىڭلىغان ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى كوچىغا چىقىپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە قىزغىن چاۋاك چېلىپ قارشى ئالدى، "خەلقنىڭ قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ياشىسۇن"، "بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قەتئىي زەربە بېرەيلى! " ، "زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش مانېۋىرى ياخشى بولدى! " دەپ توختىماي شۇئار توۋلىدى، نۇرغۇن كىشىلەر يەنە ھاياجانلىنىپ كۆز يېشى قىلدى. ۋەقەنى تېز تىنجىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى چاغان ۋە روزا ھېيتنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىمىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك 4 - شىسىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى زىمىستان سوغۇقتا قارىماي، قان ئاققۇزۇشتىن قورقماي، دالادا يېتىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ چوڭ-كىچىك كوچىلىرىدا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ

www.uyghurweb.net

سەييارە چارلاش ئېلىپ باردى. غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى بۇنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتتى، بۇنىڭ بىلەن داغدۇغىلىق ھالدا خەلقنىڭ پەرزەنت ئەسكەرلىرىدىن ھال سوراش ھەرىكىتى ئىستىخىيىلىك ھالدا قانات يېيىپ كەتتى. ئورگانلار، ئۈرۈنلار، مەكتەپ، دوختۇرخانىلار، زاۋۇت، كان-كارخانىلار، شەھەر خەلقى بەس ـ بەستە پۇل، ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى. بىرىنچى سەپتە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان پەرزەنت ئەسكەرلەرگە گۈرۈچ، ئۇن، قوي گۆشى، كۆكتات، كونسىرۋا، ئىچىملىك، نان قاتارلىقلارنى ئاپىرىپلا قالماستىن، دوختۇر، دورا ئەۋەتتى، ھال سوراش خېتى ئەۋەتتى، ئۇيۇن قويۇپ بەردى، لەۋھە تەقدىم قىلدى، نۇرغۇن شەھەر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئىسسىق تاماق ئېتىپ ۋە سۈت چاي تەييارلاپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان پەرزەنت ئەسكەرلەردىن ھال سورىدى. ئىلى ئوبلاستلىق سىمونت زاۋۇتىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى زاۋۇت ئەتراپىدا چارلاش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئوفىتسېر-جەڭچىلەرنىڭ كۆمۈرى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ھال سوراش بۇيۇملىرىنى ئاپىرىپ بەرگەندىن باشقا، يەنە ئالاھىدە ئىككى ماشىنا كۆمۈر ئاپىرىپ بەردى. ئىلى ئوبلاستلىق دوستلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇر، سېستىرالىرى ھال سوراش بۇيۇملىرىنى ئاپىرىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە دوختۇر، دورا ئەۋەتتى. ئىلى سىفەن ئىنىستىتوتىدىكى ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ئىنىستىتوتنىڭ ئەتراپىنى چارلاۋاتقان ئوفىتسېر-جەڭچىلەرگە ئاش-تاماق ئاپىرىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇردى ھەمدە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ "تونىلاڭنى تىنجىتىپ، غۇلجىنى تىنچلاندۇرۇڭلار"دەپ يېزىلغان بىر لەۋۋەنى تەقدىم قىلدى. ئىلى ئوبلاستلىق تۇرلۇك ماللار شىركىتىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى شىركەت ئەتراپىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان قورالىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىنىڭ ئاخشىمى توك، ئىسسىنىش ئەسلىھەلىرى يوق بىر ئامباردا نۆۋەتلىشىپ ئارام ئېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال بىر ئېغىز چوڭ ئۆيىنى

بىكارلاپ، توك تارتىپ، مەشكە ئوت قالاپ، ئوفىتسېر ـ ئەسكەلەرنىڭ ئاخشىمى ياخشى ئارام ئېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. بايانداي بازىرىدىكى بىر ئۇيغۇر بوۋاي ياشىنىپ ئاجىزلاپ قالغانلىقىغا قارىماي، ئۆزى لىق بىر قازان پولو ئېتىپ بازاردا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىدىن هال سورىدى. قارا دۆڭ يېزىسىدىكى ئۈچ ئۇيغۇر دېهقان بىرىنچى سەپتىكى ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەرگە ئىسسىق تاماق ۋە كۆمۈر، مەش ئاپىرىپ بەردى هەمدە ئۇلارغا:"هاۋا سوغۇق، سىلەر جاپا چەكتىڭلار، بىز بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرى، شۇڭا، ئازراق نەرسە ئەكىلىپ كۆڭلىمىزنى بىلدۈردۇق، پارتىيە، هۆكۈمەت ۋە ئارمىيە بار يەردە، ۋەقەنى چوقۇم تىنجىتقىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز" دېدى. بىر كۆكتاتچى دېهقان كۆزىگە ياش ئېلىپ لىق بىر هارۋا تەرخەمەك، پەمىدۇر، موگۇ، بەسەي، پالەك، لازا، پىنتوزا، دۇفۇ قاتارلىق قۇشۇمچە يېمەكلىك ۋە 30 كىلو تاسما بىلىق، 20 كىلو بادان ئېلىپ كېلىپ بىرىنچى سەپتىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىسا، بۇ دېهقان يىغلامسىراپ: "سىلەر بىز پۇقرالارنى قوغدايمىز دەپ، كۈن بويى سوغۇقتا كوچىدا تۇرسىلەر، بەك جاپا تارتتىڭلار، بىز پۇقرالار سىلەرگە چىن قەلبىمىزدىن رەهمەت ئېيتىمىز، بۇ ئازغىنە كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلساڭلار"، دەپ ئىسمىنى قالدۇرماي كېتىپ قالدى.يېڭىهايات كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر ئۇيغۇر بوۋاي بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئېتىپ ئەكەلگەن پولونى قاچىغا ئۇسۇپ قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇنىمىسا ئۇنىماي قولغا تۇتقۇزۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن غەزەبلەنگەن هالدا قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر ـ جەڭچىلىرىگە: "ئۇلار (زوراۋانلار)ئوت قويدى، ئادەم ئۆلتۈردى، ئۇنى ئاز دەپ يەنە بىنزىن چېچىپ كۆيدۈردى، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشى ئادەم قىلىدىغان ئىش ئەمەس" دېدى.

غۇلجا كوچىلىرىدا بارلىقا كەلگەن كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان كارۋنۋش ۋە ھېكايىلەر ھەر مىللەت خەلقى ھەقىقەتەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى مۇھىم كۈچ، مۇستەھكەم تۈۋرۈك ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى. ھەر مىللەت خەلقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىدىغان ئەڭ بىرلىكسەپنى بەرپا قىلىدىغانلا بولساق، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرۇلايمىز ۋە ئۇلارغا زەربە بېرەلەيمىز، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايمىز.

خاتىمە

پارتىيە مەركىزي كومىتېتى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، بىر قاتار مۇھىم يولىيورۇقلارنى بەردى ۋە مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە مەركىزي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۇرۇپ، نۇقتىلىق جايلارغا خىزمەت ئەترىتى ئەۋەتىپ شۇ جايدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ياردەملىشىپ جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك تۈزەش، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، "شىنجاڭنىڭ مىللىي بۆلكۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى تارىخى"نى يېزىپ چىقتۇق. بۇ كىتابتا تارىخنىڭ تەرەققىيات تەرتىپى بويىچە، شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە يۈز بەرگەن مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشقا دائىر چوڭ ـ چوڭ كۈرەشلەر ئەتراپلىق، سىستېمىلىق بايان قىلىندى. (ۋاقىت قىس، ماتېرىيال توپلاش قىيىن بولغاچقا، بەزى چوڭ ۋەقەلەرنى يازالماي قالدۇق، بۇ كىتابنى قايتا نەشرگە بەرگەندە، ئۇنى تولۇقلاپ كىرگۈزىمىز) بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ نەچچە قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق ۋە زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي تامار قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىدى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى قوغدىدى. مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىمىز تېخىمۇ ئاشتى، بۇ بىزنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى جارى قىلدۇرۇپ، مللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشقا تېخىمۇ رىغبەتلەندۈردۇ. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن شەرەپلىك قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنى مۇڭگۈ يات ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنگە، خەلققە سادىق بولۇشتەك ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان تۆھپىكارلىق روھىدىن ئۆگىنىمىز!

بۇ كىتابنى يېزىشقا شۈي يۈيچى، چېن يىشەن(كىرىش سۆز)، جۇ شاۋخۇا(1)، جۇ ياڭگۈي (2)، دۇن شىچۈن (3)، ياڭ چيەن (4)، لىيۇ شياڭخۈي (5)، جاڭ شۈيكەي (6، 7)، سەي خوڭمىڭ (8)، شي مىن (9، 11)، فېڭ جيەنجياڭ (10)، چى روشۇڭ (12) قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى.

www.uyghurweb.net

بۇ كىتابنى يېزىش 1997-يىل 3-ئايدا باشلانغان، دەسلەپكى كۆپىيە پۈتكەندىن كېيىن، باش مۇھەررىر شۈي يۈيچى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر چېن يىشەن قايتا تۈزىتىپ، تولۇقلاپ ۋە بىرىككە كەلتۈرۈپ، 1998-يىلىنىڭ ئاخىرى بېكىتتى. ئەڭ ئاخىرىدا يولداش چېن توڭۋېي بىلەن شەن يۈشىن تەكشۈرۈپ بېكىتتى.

مىللىي بۆلگۈچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بىر قەدەر مۇرەككەپ، توپلانغان ماتېرىيال تولۇق ئەمەس، ئاپتورنىڭ سەۋىيىسى چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، سەۋەنلىكتىن ساقلىنالماسلىقىمىز تۇرغان گەپ، ھەر قايسى تەرەپتىكى زاتلارنىڭ ئايىماي تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمىز.

ئاپتوردىن
1999 - يىل 2 - ئاي

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشىرىياتىنىڭ 1999 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى، 1999 - يىل 3 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشىر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىمىت ئىمىن

شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش

كۈرەش تارىخى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە تارىخ تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزدى
ئاپتەنەم رايونلۇق پارتكەم تەرجىمە باشقارمىسى تەرجىمە قىلدى

www.uyghurweb.net

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشىر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 نو پوچتا نۇمۇرى: 83001)
شىنجاڭ پارتكوم باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850+1168 م م 1\32 باسما تاۋىقى
1999 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1999 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 8000 ——— 1
564.(1\050797 ـ 228 ـ

باھاسى00. 12 يۈەن